3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال
第三届新疆优秀社科期刊
5 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال
第五届新疆优秀社科期刊

2008.3

# يېڭى قاشتېشى

# 新玉文艺

NEW JADE LITERATURE




دىلبەرنىڭ يولى
ھەمراھ
ئايرىلىش ئالدىدا بىر سۆيۈپ قوياي
ماشىنا سېتىۋالايمۇ، ئاتمۇ؟
سۇلايمان قاسىم ۋە روبېرت كىنگاي

ISSN 1002-9206
06>
9 771002 920009

国际标准连续出版物号:ISSN 1002－929X　国内统一连续出版物号: Cn65－1088/I　邮发代号:58－26　定价:5.00元

# خوتەن گىلەمچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

خوتەن گىلەمچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئەسلىدىكى خوتەن ۋىلايەتلىك تاشقى سودا گىلەم كارخانىسىدىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان خۇسۇسىي كارخانا بولۇپ، شىنجاڭدىكى تە- سىرى ئەڭ زور بولغان گىلەم ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانا، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتە- كى باشلامچى كارخانىدۇر.

خوتەن ۋىلايەتلىك گىلەمچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەبىئىي رەڭلىك، خىمىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك بويالغان ئوتتۇرا، ئالىي سورتلۇق گىلەملەر ۋە سەنئەتلىك گىلەملەرنى ئىش- لەپچىقىرىدۇ. مەھسۇلاتلىرى 500 خىلدىن ئاشىدۇ. چىرايلىق لايىھىلەش ۋە رەڭ بېرىش جەھەتلەردە ئەنئەنىۋى چىرايلىق نۇسخىلارنى ئىشلىتىشتىن سىرت، يەنە دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، گۈل، رەڭ، تۈر جەھەتتە خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ كەلمەكتە.

خوتەن گىلەمچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى خوتەننىڭ 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە گىلەمچىلىك مىللىي قول ھۈنەر سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە بېيىتىپ، خوتەننىڭ قوي يۇڭىنى خام ئەشيا قىلىپ، تۈرلۈك دائىملىق ئۆلچەمدىكى گىلەملەرنى توقۇشتىن سىرت، خېرىدارلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئالاھىدە ئۆلچەمدىكى تۈرلۈك گىلەملەرنىمۇ توقۇپ، ھەر ساھەنىڭ كۈچلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇ شىركەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بېيجىڭ خەلق سارىيى، خۇەيرېنتاڭ سارىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سارىيى ئۈچۈن تۈرلۈك گىلەملەرنى توقۇپ بەرگەن. 1997-، 1999- يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش سوۋغىسى سۈپىتىدە «تەگرىتاغدىكى شادىيانە كۈي»، «قاناس كۆلى مەنزىرىسى» قاتارلىق 540 قۇرلۇق سەنئەتلىك گىلەملەرنى توقۇپ بەرگەن. بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ ئەنخۇي زالى ئۈچۈن 245 كۋادرات مېتىرلىق گىلەم توقۇپ بەرگەن. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئۈچۈن 19 پارچە گىلەم توقۇشنى تاماملىغان. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا نەپىس گىلەملەرنى توقۇپ بېرىپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. 2005 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈچۈن «بوغدا كۆلى مەنزىرىسى» ناملىق سەنئەتلىك گىلەمنى سوۋغاتلىق توقۇپ بەرگەن.

بۇ شىركەت ۋىلايىتىمىزدىن 1000دىن ئارتۇق ئىشچىغا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ بېسىمىنى يېنىكلەتتى. 2006- يىلى بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان «خوتەن قاشتېشى» ماركىسىدىكى تۈرلۈك گىلەملەر «شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى» ماركىسىغا ئېرىشتى ۋە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا ئېكسپورت قىلىندى.




ساتقۇچى خادىملار بېيجىڭلىق خېرىدارلار بۇيرۇتقان گىلەملەرنى ئوراش مەشغۇلاتىدا.



كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سەنئەتلىك گىلەملەر مۇشۇنداق بارلىققا كېلىدۇ.



2005- يىلى 9- ئاينىڭ 24- كۈنى ج ك پ مەركە- زىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇ- يۈەننىڭ مۇئاۋىن زوڭلىسى خۇي لياڭيۈ بۇ شىركەتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.



ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ توقۇلغان سەنئەتلىك گىلەم - «قاناس كۆلى مەنزىرىسى».



شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ توقۇلغان سەن- ئەتلىك گىلەم - «تەگرىتېغىدىكى شادىيانە كۈي».



بۇيرۇتۇپ توقۇلغان سەنئەتلىك گىلەم - «لوپنۇر كۆلى».



ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋ- غا قىلىنغان سەنئەتلىك گىلەم - «بوغدا كۆلى مەنزى- رىسى».



گىلەم ئەۋرىشكىسى كۆرگەزمە زالى.



# يېڭى قاشتېشى


2008 ـ يىللىق 3 ـ سان

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال
(30 ـ يىل نەشرى، ئومۇمىي 161 ـ سان)


## پوۋېست


دىلبەرنىڭ يولى ........................ ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىان (3)


## ھېكايىلەر


ھەمراھ........................تۇرغۇن مىجىت (23)

ئاق قۇ ھەققىدە پاراڭ........................ تۇرسۇن ماخمۇت (33)


## نەزمىي ئەسەرلەر


ئايرىلىش ئالدىدا بىر سۆيۈپ قوياي........................ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد (42)

سېنى ئىزدەپ چىقسام تاغلارغا........................ ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك (43)

«تېتانىك پاراخوت»........................ ھاياتنوپۇس مۇھەممەت (44)

ھەي، مەندىمۇ شۇ ئوت، شۇ پىراق........................ ئابدۇلئەھەد داۋۇت تۇركزات (45)

ھىجران تۆۋشلىرى........................ شەرقنۇر مۇھەممەد ھىلال ئاي (46)

بەلكىم بىر كۈن قالارسەن ئەسلەپ........................ گۈلجاھان مەتنىياز (47)

پارچىلار........................ ماھنۇر ئۆمەر (47)

شېئىرلار........................ ھېسامىدىن ئەزىزى (69)

رۇبائىيلار........................ ئېزىز مۇھەممەت شەمس (69)

ئۆزگىچە........................ رېھىم نىياز (70)



باش مۇھەررىر:

**مىجىت باقى**
( خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**تۇرسۇنجان مۇھەممەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇھەررىرلەر:

**مەتسېلىم مەتقاسىم**
**داۋۇت ئادىل**

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
**ئەكبەر سالىھ**

ئەگەر مېنى چۈشەنمەك بولساڭ.......................... ئەخمەتجان مەتقۇربان مۇگداش(71)

شېئىرلار........................................ ئابلىپىز توختمۇھەممەت ئارىقومى(72)

ئەزۋەيلەيدۇ ئېلانلار.................................. ئابدۇغېنى سېيت(72)

باهار هىدى كېلەر تۆت تامدىن.............................. ئەركىن داۋۇت ئوغۇز(73)

ئۈچ غەزەل........................................ ئىدرىس مەتسىيىت قەدىناس(74)

## ئەركىن پاراگلار

ماشىنا سېتىۋالايمۇ، ئاتمۇ؟.............................. مەتسېلىم مەتقاسىم(48)

ئۇنتۇلماس مۇلاقات، ئۈزۈلمەس رىشتە.......................... مەتقاسىم ئابدۇراخمان(61)

شاگخەيدىكى كۈنلەر.................................. ئابدۇلھەمىد ياسىن(64)

## يۇرت تەزكىرىسى

قاراقۇرۇم ئېتىكىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزى ـ لۇش قەبرىستانلىق خارابىسى توغرىسىدا

.................................................. ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن (88)

## مۇھاكىمە تەقرىز

سۇلايمان قاسىم ۋە روبېرت كىنكاي.............................. ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە(75)

رومان ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر........................ ئەنۋەر هوشۇر(82)

قىسمەن شېئىرلاردىكى مەنتىقسىزلىق ئۈستىدە مۇلاھىزە.................. ئابدۇرېھىم زۇنۇن(91)

## تەرجىمە كۆزنىكى

ۋالى گوچېن نەسرلىرىدىن جەۋھەرلەر.............................. داۋۇت ئادىل(ت)(94)

---

مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: خوتەن گىلەمچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى توقۇغان خوتەن گە-
لىمى ........................ تۇرسۇنجان مۇھەممەت فوتوسى

مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: قايىنام جاپپار

تەھرىر ھەيئەتلەر:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويى-
چە تىزىلدى)

ئابدۇللا سۇلايمان
ئابدۇلئەھەد قادىرى
ئالتۇنگۈل رەجەپ
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر
ئەنۋەر هوشۇر
ئەزىز مۇھەممەت شەمس
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
داۋۇت ئادىل
سىدىق قاۋۇز
مىجىت باقى
مۇھەممەت چاۋار
مەتنىياز روزى
مۇختار هوشۇر
مەتقاسىم ئابدۇراخمان
مەتسېلىم مەتقاسىم
نۇرمۇھەممەت توختى
ئۆمەر رەجەپ
ئوبۇل هاشىم

مەسئۇل كوررېكتورى:
ئابدۇرېھىم زۇنۇن
(تەكلىپ قىلىنغان)
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
مەتسېلىم مەتقاسىم

كومپيۇتېردا:
يالقۇن مۇھەممەدروزى



ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئان

# دىلبەرنىڭ يولى

( پوۋېست )

1

ئۇ مېنىڭ ھاياتىمغا تۇنجى قېتىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا بۆسۈپ كىرگەن. ئۇ ئەسلىي بۇنداق قىلمىسا بولاتتى. ئۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. قۇياشنىڭ ھارارەتلىك ئاپتىپى ئادەمنى شامدەك ئېرىتىۋېتەتتى. چېكىلەردىن كونا سېغىز تامدىن يامغۇر سۈيى يالاپ چۈشكەندەك ئاچچىق تەر قۇيۇلاتتى. بىز تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىمىز ئادىل مۇئەللىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چوڭ مەيداننى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىقتۇق. يۈرىكىمىزنىڭ بوكۇلداشلىرى بېسىقماي تۇرۇپلا، مۇئەللىم بىزگە تۈرلۈك شەكىلدىكى پەي سوزۇش ھەرىكىتىنى ئىشلەتتى. ئارقىدىنلا بىز ئىككى رەت بولۇپ تىزىلدۇق.

— بۈگۈنكىسى كىچىك سىناق دەرسى. ئوغۇللار يەر بېغىرلايدۇ. قىزلار قورساق قاتلاش ھەرىكىتىنى ئىشلەيدۇ. ھەرىكەت ئىشلەپ بولغانلار سائەت توشقىچە ۋاسكىتبول ئوينىۋالساڭلار بولىدۇ. بۇ قېتىمقى سىناققا نومۇر قويۇلۇپ، باسقۇچلۇق ئىمتىھان نەتىجىسىگە تەسىرلەشتۈرۈلىدۇ. ئالدى بىلەن قىزلار كېلىڭلار!

سىناق ئېلىش باشلاندى. قىزلار پالاز ئۈستىدە قورساق قاتلاۋاتاتتى. بىز قىزلارنىڭ قورساق قاتلاۋاتقاندا يۈرلىشىپ قالغان كۆڭلەكلىرىنىڭ ئۆرۈلۈپ قېلىشىدىن، بەزى - بەزىدە ئاپئاق قورساقلىرىنىڭ پىلتىڭلاپ ئۇزۇپ يۈرۈپ، سۇ يۈزىگە ئۇشتۇمتۇت چىقىپ قالغان بېلىقتەك غىل - پاللا كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ئوغرىلىقچە ھوزۇرلىناتتۇق. گۈلنۇر ئىسىملىك قىز بۇ ھەرىكەتتىن بىرنىمۇ ئىشلىيەلمىدى. قانچە كۈچەپ باقسىمۇ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ پۇتىنى بېسىپ تۇرغان غۇنچەم گۈلنۇرنىڭ ئوك قولىنى يوشۇرۇنچە تارتىپ يۈرۈپ ئىككى قېتىم تۇرغۇزدى. ئۈچىنچى قېتىمغا بارغاندا مۇئەللىم ئۇلارنىڭ ساختىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— غۇنچەم، گۈلنۇر، ھەر ئىككىڭلارنىڭ نومۇرى نۆل! كەينىدىكىلەر كېلىڭلار!

گۈلنۇر قورسىقىنى تۇتۇپ ۋايجانلىغىنىچە مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ سايىسىغا كەتتى. غۇنچەم بولسا دومسىيىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇراتتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن قىزلارنىڭ ھەرىكىتى ئاخىرلىشىپ، نۆۋەت بىزگە

كەلدى. ئەمدىلىكتە قىزلار بەزى ئوغۇللارنىڭ ئىنجىقلىغىنىچە يەرنى قۇچاقلاپ، يېتىشىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى.

يىگىرمىنى بېغىرلىيالىغانلار ئاتمىش نومۇر، يىگىرمە بەشنى بېغىرلىغانلار سەكسەن نومۇر، ئوتتۇزغا چىققانلار يۈز نومۇر ئالاتتى. بۇ ئۆلچەمنى ئاڭلاپ بولغىچە چېكەمدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەر كۆپىيىشكە باشلىدى. پۇت - قولۇم يېنىك تىترىگەندەك قىلدى. چۈنكى، مەن بۇ ھەرىكەتنى ئىلگىرىمۇ ئىشلەپ باققان، قانچە قىلسامۇ يىگىرمىدىن ئاشالمىغانىدىم. ئەگەر بۇ سىناقتا لاياقەتلىك بولالمىسام قىزلار ئالدىدىمۇ، ئوغۇللار ئالدىدىمۇ يۈزۈم چۈشۈپ كېتەتتى. ناۋادا يىگىرمىدىن ئاشالىسامچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن ھازىرقى ھۆرمىتىمنى بولسىمۇ ساقلاپ قالالايتتىم. مەن بىلەن قېرىشقاندەك، ئالدىمكى ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى يەر بېغىرلاش ھەرىكىتىنى يىگىرمىدىن ئاشۇرىۋەتتى. قورقۇنچلۇق دەملەر ماڭا بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى. يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرماقتا. قۇياش بېشىمنى قىزدۇرۇپ، مېڭەمنى قايناتتى ئۇچۇن ئەلپازىنى بۇزماقتا. ئاخىر ئۇنىڭغا، بۇ ھېكايىمىزنىڭ باش پېرسوناژى ئابدۇقاھارغا نۆۋەت كەلدى. ئۇ ناھايىتى قامەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنى ئامېرىكا كىنولىرىدىكى مۇسكۇللىرى ئالاھىدە چىنىقتۇرۇلغان چولپانلارنىڭ بەدىنىدەك ئۆلچەملىك، قاۋۇل كۆرۈنەتتى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن بىئاراملىق ھېس قىلدىم. ئۇ خۇددى يۈز نومۇرلۇق ئۆلچەمنىمۇ بۇزۇپ تاشلايدىغاندەك، بالىلار ئارىسىدا يۈزۈمنى قويمايدىغاندەك كېرىلگىنىچە ئۇستىدىكى تەنتەربىيە كۆڭلىكىنى بېشىدىن چىقىرىپ سىلىۋەتتى. ئەمدى ئۇ ئاسمايكا بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ ئالدىدىكى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كېلىپ تەييارلىنىپ تۇردى. ئوغۇللاردىنمۇ بەكرەك قىزلار ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىنىپتىكى ئەڭ چىرايلىق، قاپقارا ھەم توم ئىككى ئۆرۈم ئۇزۇن چېچى بىلەن مەكتەپتىكى بارلىق قىزلارنىڭ ھەسىتىنى قوزغايدىغان قوشنا يېزىلىق دىلبەرمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئابدۇقاھارغا ئىنچىكىلىك بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن بەدىنىمگە قايناقسۇ تۆكۈلۈپ كەتكەندەك تولغىنىپ، ئىچىمگە تىنىپ قالدىم.

— قېنى باشلا!

مۇئەللىمنىڭ سۆزى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا ئابدۇقاھار يەردە يەل توپتەك قاڭقىشقا باشلىدى. مۇئەللىمنىڭ ساناق ئاۋازى بارا - بارا بالىلارنىڭ ئارىسىغا كۆچتى.

— ئون ئالتە... ئون يەتتە... ئون سەككىز...

ئۇ ھېرىپ قالدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ساناق ئاۋازى ئەمدى قىزلارنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ كەتتى. ئوغۇللار ھەرىكەتنى ساناشتىن كۆرە ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىم پەسلەپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەندە بۆرتۈپ چىقىدىغان بوغماق - بوغماق مۇسكۇللىرىنىڭ مېدىرلاشلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتاتتى.

— يىگىرمە ئۈچ... يىگىرمە تۆت... يىگىرمە بەش...

ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە سەكسەن نومۇرلۇق ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى. ساناق ئاۋازى قىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ مەلۇم بىر مەركەزگە تارتىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— يىگىرمە توققۇز... ئوتتۇز... ئوتتۇز بىر...

مۇئەللىم ئۇنىڭغا شۇ يەردىلا يۈز نومۇر قويۇۋەتتى. ساناق ساناش ئەۋجىگە چىقتى.

— ئوتتۇز ئالتە... ئوتتۇز يەتتە...

چىنار دەرىخى تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان گۈلنۇرمۇ يۈگۈرۈپ كەلدى.

— قىرىق تۆت... قىرىق بەش...

بالىلارنىڭ ھەممىسى رەت - تەرتىپنى بۇزۇپ ئابدۇقاھارنى ئورىۋالدى. ئۇ توختاپ قالدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ گويا ماشىنا ئادەمدەك، بىر خىل رىتىمدا توختىماي يەر بېغىرلاۋاتاتتى. سانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى.

— ئەللىك يەتتە... ئەللىك سەككىز...

ئۇ يەر بېغىرلاشنى مەڭگۈ توختىتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ مىستەك پارقىراپ كەتكەن مۇسكۇللىرىغا ھەۋەس قىلىپ قالدى... قىزلار ئۇنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكىگە چىن دىلىدىن قايىل بولۇشتى. دىلبەر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپ قالغانىدى...

— ئاتمىش تۆت... ئاتمىش بەش...

ئۇ كىچىككىدىن تارتىپلا ھېچ ئىش قىلماي

يەر بېغىرلاشنى مەشىق قىلغاندەك ئىدى. دىلـ
بەرنىڭ كۆزى ئابدۇقاھارنىڭ مۇسكۇللىرىدىن
تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قىش كۈنلىرىدىكى
قىپقىزىل ئوت ئالغان مەشتەك لاۋۇلداۋاتقان يۈ-
رىكىگە قادالغاندەك قىلدى. ئۆپكەم ئۇستىگە
كۆتۈرۈلدى. قۇياش بېشىمدىن بېسىۋاتاتتى...

ـــئاتمىش سەككىز... ئاتمىش توققۇز...

مەن ئۆلسەممۇ بۇلارنىڭ ئالدىدا يەر بې-
غىرلىمايمەن! ماڭىمۇ يۈز كېرەك! خەپ ئابدۇقا-
ھار، سەن ئۆزۈڭدىن باشقا ئوغۇللارنىڭ غۇرۇرىنى
پەقەتلا ئويلاپ قويمىدىڭ! مۇشۇ ياتقان پېتىڭ
قوپالماي قالارسەن!

ـــيەتمىش ئۈچ... يەتمىش تۆت...

مەن باللارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا غۇژمەك-
لىشىۋالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدە
تىكىۋەتتىم. مېنى ھېچكىم كۆرمىدى. ئۇلار بىر
توپ سارائڭدەك ئالا ـ تاغىل تووۋلاۋاتاتتى... ئۇلار
راستىنلا ئېلىشىپ قېلىۋاتاتتى... ھەممىسى
ئابدۇقاھار دېگەن تومپاينىڭ سەۋەبىدىن ئىدى...

مەن شۇ ماڭغانچە مەكتەپتىنمۇ چىقىپ
كېتىپ، بازارنىڭ كۆۋرۈكبېشى دەپ ئاتىلىدىغان
تەرىپىگە باردىم. ئۇسساپ ئۆلەي دەپ قالغاچقا،
يانچۇقۇمدىكى بەش موچەنگە بىر چىنە دوغاپ
ئېلىپ ئىچتىم. كېيىنكى سائەتتە تىل ـ ئەدە-
بىيات دەرسى بار ئىدى. مەن ئۇ دەرسكە ئەڭ
ئامراق ئوقۇغۇچى بولۇش سالاھىيتىم بىلەن،
ئەركىن مۇئەللىمنىڭ سىنىپىمىزدىكى بىردىن-
بىر كوزۇرىغا ئايلانغانىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ دەر-
سىدىن قالسام بولمايتتى. ئامالسىز يەنە قەدە-
مىمنى مەكتەپكە بۇرىدىم.

ـــبايا نەگە باردىڭ؟ ئادىل مۇئەللىم ساڭا
نۆل قويدى...

پارتىدىشىم ئابدۇللانىڭ سوئاللىرىغىمۇ
جاۋاب بەرگۈم كەلمىدى. نۆل دېگەن قانچىلىك
نەرسە ئىدى! «ئادەمگە يۈز كېرەك، دەرەخكە
قوۋزاق» دەپ بىكار ئېيتمىغان كونىلار! مەن نۆل
ئالسامۇ ئېلىپ، سىنىپتىكى قىزلارنىڭ ئالدىدا
«نازۇك» دېگەن ئاتاققا قالمىدىمغۇ ئاخىر! قىز-
لارنىڭ بىر ئەسكى خۇيى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ
ئوغۇللار ئارىسىدا كىمدە كىم جىسمانىي جەھەتتە
ئاجىزراق بولسا شۇنى «پالانى نازۇك»، «پوكۇنى
خان» دېگەندەك مەسخىرىلىك ئاتاقلار بىلەن ئا-
تاپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى. شۇڭا، سىنىپتىكى
ئوغۇللار قىزلارنىڭ ئالدىدا ھەر قانداق ئىشتا
ئۆزىمىزنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ
ئۆتەتتۇق. بۇ قېتىمقى يەر بېغىرلاشتا قېچىپ
كېتىپ بولسىمۇ بۇ ئاتاقتىن قۇتۇلۇپ قالدىم.
ئۇلارغا ئەمدى قانداق باھانە كۆرسەتسەم ئاقاتتى.
ئۇلارمۇ مېنى ئايرىم يەر بېغىرلاشقا مەجبۇر قى-
لالمايتتى.

دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى.
باللار گۇررىدە سىنىپقا كىردى. ھەممەيلەننىڭ
قولىدا تىل ـ ئەدەبىيات كىتابى بىلەن كونسـ
پېكت دەپتەر. مەن سورايدىغان ئۈچ سوئالنى
ئاخشاملا ئۆگىنىپ بولغاچقا، ئىنتايىن خۇشال ۋە
مەغرۇر ئولتۇراتتىم. قۇياش نۇرى دەرىزە ئەينەك-
لىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، باللارنىڭ جىددىي
كەيپىياتىنى تېخىمۇ قىزدۇرماقتا. سىنىپتا قارا
ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىدەك، ئادەمنى بىسەرەمجان
قىلغۇچى سوغۇق ئاۋازلار لەيلەپ يۈرىدۇ. ئىـ
شىكنىڭ قاتتىق ئېچىلىشى بىلەن ئاۋازغا تە-
ئەللۇق ھەممە شەپىلەر بىراقلا بېسىقتى. سىنىپ
ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. ئەركىن مۇئەللىم
يوقلىما دەپتەرنى قورسىقى بۆسۈلۈپ كەتكەن
كونا دەرس مۇنبىرىگە يايدى. مۇنبەر يۈزى مۇ-
ئەللىم تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغانىدى.

ـــيەتتىنچى نومۇر؟

مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئوڭ تەرەپ
ئۈچىنچى رەتتە ئولتۇرغان ئايگۈل ئىسىملىك
ئېگىز بويلۇق قىز ئورنىدىن تۇردى.

ـــ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىم؟ ئۇنىڭ ۋە-
كىللىك ئەسەرلىرى قايسىلار؟

نېمە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر؟ چاتاق بولدى.
مەن بۇ سوئالنى ئۆگەنمىگەنىدىم. مەنلا ئەمەس،
سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنمىگەنـ
دى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر-
خىل بەھرلىرى توغرىسىدا تەييارلىق قىلىۋاتات-
تى! مەنمۇ ئارۇز ۋەزنىنى ئۆگەنگەن، بۇ سوئالنى
كۆرۈپمۇ باقمىغان! توغرا، مۇئەللىم بۇ دەرسنى
تېخى ئۆتمىگەن ئەمەسمۇ! دېمەك، ئۇ ئېزىپ
قالغان گەپ! چوقۇم شۇنداق! مەن مۇئەللىمگە بۇ
ئەھۋالنى ئىنكاس قىلمىسام بولمىدى!

ـــمۇئەللىم! ـــمەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ
مۇئەللىمنى چاقىردىم.

مۇئەللىم سىنىپقا تەكشى قارىۋەتكەندىن
كېيىن ئاخىرىدا ماڭا بۇرۇلدى.

—قېنى مۇختار، سەن جاۋاب بېرىۋەتكىنە!

—مۇئەللىم، بۇ تېخى ئۆتۈلمىگەن دەرس ئىكەن. سىلى خاتالىشىپ قالدىلىغۇ دەيمەن...

—نېمە؟!!

بالىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. مۇئەللىم مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ دەسلەپ گاڭگىراپ قالدى، كېيىن چىرايى قارىداپ كەتتى، بويۇن تومۇرىمۇ سۇسقىنە لىكىلداشقا باشلىدى.

—مەن جاۋاب بېرەي مۇئەللىم!

بۇ ئاۋازدىن يەنە بىرەرى مېنىڭ ئېشىمغا توپا سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بۇ ئالدىپەش زادى كىمكىنە؟ مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ، ئاۋاز كەلگەن بۇلۇڭغا تىكىلدىم. ئۇ يەنىلا ئالدىنقى سائەتتە مېنى رەسۋا قىلغىلى تاس قالغان ئابدۇقاھار ئىدى. ئۇ جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولغاندىكىن دەرس ئۆگىنىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇ چوقۇم دىلبەرنى پايلىدى. دىلبەر دەرستە ياخشى بالىلارغا كۆڭلىنى يېقىن تۇتاتتى!

ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقىنى، ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى، شۇنداقلا ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا «ئويغان»، «غەزەپ ۋە زار» قاتارلىق بىر تۈركۈم جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشقا چاقىرغانلىقىنى ناھايىتى پاساھەتلىك ۋە تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئابدۇقاھار ناھايىتى تېز ئۆزگىرىش ياساۋاتاتتى. ئۇ دەسلەپ ئوقۇش باشلانغاندا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان مۆرىمەس كالىنىڭ ئۆزى ئىدى. مەن بولسام تىل ـ ئەدەبىيات ۋە سىياسەت دەرسىدىكى پەۋقۇلئاددە تالانتىم بىلەن ھەممىنىڭ ئېغىزىدا ئىدىم. تېخى ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يازالايدىغانلىقىمنى سىنىپ مەسئۇلۇم بىلەن ئەركىن مۇئەللىم بىلگەن چېغىدا مېنى پات ـ پات سىنىپ يىغىنىدا ياكى دەرس ئارىلىقىدا ماختاپ قوياتتى. مەكتەپنىڭ تام گېزىتىنىمۇ ھەر ھەپتىدە مېنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى شېئىرلىرىم ئىگىلەپ تۇراتتى. قىرىشقاندەك، ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇقاھارمۇ شېئىر يازىدىغان بولۇۋالدى. دەسلەپتە ئۇ مەن بىلەن دوست بولدى. مەن ئۇنىڭغا شېئىر يېزىشنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى كېرىلىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىمۇ تام گېزىتكە چىقىشقا باشلىغاندا، ئاندىن ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندىم. باشقا دوستلىرىمدىن ئاڭلىسام ئۇ دىلبەرنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمىش. دىلبەر بولسا مېنى شېئىر يازالايدۇ دەپ بەكرەك ھۆرمەت قىلارمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ شېئىر يېزىشنى ئۆگىنىش نىيىتىگە كېلىپ، مەن بىلەن يېقىنلىشىپتىمىش... بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ سەل چۆچۈمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن شېئىرلىرىمنى مەكتەپنىڭ قوتۇر تېمىدىلا ئەمەس، ئەمدى گېزىت ـ ژۇرناللاردىمۇ ئېلان قىلىشىم كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلالىسام دىلبەر يەنە مېنى ھۆرمەتلەپ ئۆتتۈۋېرەتتى. ۋاقتى ـ سائىتى كەلسە ھۆرمەتنىڭ ئورنىغا ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالمىشىپ قېلىشىمۇ ئەمەلىيەتتىن يىراق ئەمەس ئىدى.

—خەپ ئابدۇقاھار، سەن مېنىڭ ھاياتىمغا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باستۇرۇپ كىردىڭ! سېنى چوقۇم بەدەل تۆلەتمەي قويمايمەن! ئەڭ ئاخىرىدا دىلبەرمۇ سېنى ئەمەس، مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ!

2

بىرىنچى ئوقۇش يىلىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئىككىنچى ئوقۇش يىلىغا قەدەم ئالغان تۇنجى ئايدا بېشىمغا ئامەت قۇشى قوندى. بۇ قۇش سىنىپتىلا ئەمەس، پۈتكۈل مەكتەپ تەۋەسىدە ئەتىۋارلىنىپ، ماڭا قىزىقىدىغانلار، مەن بىلەن دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپەيگىلى تۇردى. بۇ چاغدا دىلبەرنىڭ كۆزىدىكى ماڭا بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى پەقەت مەنلا كۆرەلىدىم. بۇنىڭدىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشقىدەك خۇشال بولدۇم. ئابدۇقاھارمۇ مېنىڭ ئالدىمدا بىردىنلا پاكارلاپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ ھەر قېتىم مېنى لەڭپۇڭ ئىچكىلى ياكى سىنئالغۇ كۆرگىلى تەكلىپ قىلغاندا، ئىچ ـ ئىچىمدىن تېپىپ چىققان خۇشلۇق ماڭا يەنە ئالتۇن جامدا ئاللىقانداقتۇر ئىلھام بۇلاقلىرىدىن ئېلىنغان زىلال سۇلىرىنى تەڭلەيتتى. بۇ مۇنداق ئىش ئىدى. مەن يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ئەۋەتكەن بىر تۈركۈم رۇبائىيـ

لىرىم ۋىلايىتىمىزدىن چىقىدىغان گېزىتنىڭ توققۇزىنچى ئايلىق ئەدەبىي بېتىدە ئېلان قىلىنغانىدى. بۇنى ئەڭ ئالدىدا مەكتەپ مۇدىرى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ ئاستىدىكى ئادرېسقا قارىسا مۇشۇ مەكتەپ تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ مېنى تېپىپتۇ. ئۇ چاغدا بىز چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك مۇزاكىرىدە ئىدۇق. سىنىپقا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سىنىپ مەسئۇلىمىز كىرىپ كەلدى. مۇدىرنىڭ قولىدا بىر پارچە گېزىت بار ئىدى.

— مۇختار، بۇ سېنىڭ ئەسىرىڭمۇ؟— مەكتەپ مۇدىرى گېزىتنى ئالدىمغا ئەكىلىپ يايدى.

مەن ئۇ گېزىتتىكى بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان شېئىرلارغا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئوتتۇرىدىكى گۈللۈك رامكا ئىچىدە راستىنلا مېنىڭ ئىسمىم ۋە مەن يازغان رۇبائىيلار تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى.

—شۇنداق، بۇنى مەن يازغان!

ئاھ، ئەسەر ئېلان قىلىش لەززىتى! بۇ لەززەتكە جاھاندىكى ھەر قانداق بىر ھۇزۇرنى ئوخشاتقىلى بولمايدىغانلىقىغا ئەمدى ئىشىنىۋاتىمەن. پۇتۇن بەدىنىم بوشاپ، پەيدەك يېنىكلەپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك؛ ئورنىمنى تاپقىلى بولمايدىغان نامەلۇم بىر يېرىم شېرىن قىچىشىۋاتقاندەك؛ پىژغىرىم ئىسسىقتا بىرەر چىنە دوغاپ ئىچكەندەك؛ ئىشقىلىپ ھېچقايسى ئىشنى ھازىرقى خۇشلۇقۇمغا تەڭ قىلالمايمەن. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا ھەۋەس ۋە ھەسەت ئارىلاش تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۈگمىدەك، چېكىتتەك كۆزلىرىگە مەن كاتتا يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈۋاتىمەن...

ئەنە، دىلبەر خىيالدا مەن بىلەن مۇڭداشماقتا...

—مۇختار، بۇ رۇبائىيلارنى بەك ياخشى يېزىپسىز. شېئىر يېزىشنى ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭە!

—شېئىر يېزىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنى ھەم دوراپ ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، سىز كۈندە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مەن بىلەن بىللە مۇزاكىرە قىلىڭ. بىز بىرلىكتە شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلايلى. مەن قانداق تاپشۇرۇق بەرسەم سىز چوقۇم ئىشلىشىڭىز كېرەك.

—چاتاق يوق، مەن نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن.

—ئەمىسە بىز بۈگۈندىنلا باشلايلى. شائىرغا تولۇپ تاشقان ئىلھام مەنبەسى بولمىسا، ئاشۇ مەنبەنى ئاشكارا قىلىدىغان ۋە قوزغىتىدىغان مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەت يۈز بەرمىسە، ئۇ ھېچنېمىنى يازالمايدۇ. شۇڭا، سىز ماڭا ئىلھام ئاتا قىلىدىغان، مەن ياخشى كۆرىدىغان خىيالىمدىكى مەشۇق بولۇپ بېرىڭ. مەن سىزنى كۈيلەپ شېئىرلار يازاي...

—مەن خىيالىڭىزدىكى ئەمەس، ئەمەلىيەتتىكى مەشۇقىڭىز بولۇشنى بەكمۇ خالايمەن...

—راستىما؟

—ھەئە...

—ئاھ... مەنمۇ سىزنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن. ھازىرغىچە بۇنى ئېغىزىمدىن چىقىرالماي كەلگەنىدىم...

ئارقىدىنلا ئابدۇقاھارمۇ قېشىمغا كېلىپ بېشىنى ئەگدى.

—دوستۇم مۇختار، مەن سېنىڭ دىلىڭغا كۆپ ئازار بەردىم، مېنى كەچۈرگىن. مەن ئەمدى شېئىر يازىمەن دەپ ئاۋارە بولمايمەن. شېئىرنى سەنلا يازالىغۇدەكسەن. مەن يەنە دىلبەرنىمۇ ياخشى كۆرۈش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. ئۇ پەقەت ساڭىلا مەنسۇپ...

مەن ئابدۇقاھارنىڭ تەسلىم بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، دىلبەرنىڭ دىلىنى ماڭا تاپشۇرغانلىقىدىن مەستخۇش بولۇپ، تىلىمنى يالاۋاتسام چاۋاك ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. يۇمشاق خىيال يىپلىرىم ئۈزۈلۈپ كەتتى.

—ساپا مائارىپى جىددىي تەكىتلىنىۋاتقان، تالانت بىلەن تەلىم ـ تەربىيىنى زىچ ماسلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئارىمىزدىن مۇختاردەك ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ۋە مەتبۇئاتلاردا ئەسەر ئېلان قىلىشى — مەكتىپىمىزنىڭ شان ـ شەرىپىدۇر! ساۋاقداشلار، ھەممىڭلار مۇختارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىزدىنىش روھىدىن ئۆگىنىشىڭلار كېرەك!

مۇدىر ئاخىرقى قېتىم بالىلارنى قىزغىن چاۋاك چالغۇزىۋەتكەندىن كېيىن يەنە سىنىپ

مەسئۇلىيىتىنىڭ ھەمرالىقىدا چىقىپ كەتتى. قولۇمدا تۇنجى ئەسىرىم ئېلان قىلىنغان گېزىت. ساۋاقداشلار گېزىتنى ئۇغۇرلىقچە مارىلىماقتا... ئىش دېگەن مانا مۇشۇنداق ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ. ئەمدى ئۇ دىلبەرنى نېمە قىلالايدىكىن قېنى؟!

«بىر خۇشاللىقنىڭ بىر يىغىسى بولىدۇ» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. تۇنجى ئەسەر ئېلان قىلىش لەززىتىمۇ سۇسلاپ، خۇشلۇقلىرىم ئاجىزلاپ قېلىۋاتقان كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە، سىنىپتا يەنە بىر شۇم خەۋەر تارقالدى. بۇ ئىش روھىمنى بوغۇپ تۇزۇكرەكمۇ نەپەس ئالالمايدىغان ھالغا يەتتىم. گويا مەن سۈمۈرىدىغان ھاۋا تۈگەپ قالغاندەك، مەن ماڭىدىغان يوللار تارىيىپ كېتىۋاتقاندەك، بۇ يېزا، بۇ مەكتەپ ئەمدى مېنىڭ قارشى تەرىپىمدە تۇرۇپ مەن بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقاندەك ئىدى. قەيەرگە بارسام شۇ گەپ...

ـــئابدۇقاھارنىڭ ژۇرنالدا ھېكايىسى چىقىپتۇ!

ـــقايسى ژۇرنالكەن؟

ـــ«شىنجاڭ ياشلىرى».

شۇنداق، ئۇنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى»دا بىر پارچە ھېكايىسى ئېلان قىلىنغانىدى. ئۇنى ھېكايە دېگەندىن كۆرە دىلبەرگە ئاتاپ يازغان مۇھەببەت خېتى دېسە، تېخىمۇ جايىغا چۈشەتتى. بۇ ھېكايىنى ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەم ھېكايىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەركىزىي ئىدىيىنى ئوچۇق ھېس قىلالايتتى. بۇ ھېكايىنىڭ كاساپىتىدىن قىزلار ئارىسىغا «ئابدۇقاھار دىلبەرنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ» دېگەن قورقۇنچلۇق ھۆكۈم تارقىلىپ كەتتى. يۇنى تارقىلىپ كەتتى دېگەندىن كۆرە قىزلار ئۆزى تارقاتتى دېگەن تۈزۈك ئىدى. بۇ خەۋەر مەكتەپ مەمۇرىيىتىگە يەتكەندىن كېيىن سىنىپتا يەنە بىر قېتىم يىغىن ئېچىلىپ، ئابدۇقاھارنىڭ مېنىڭ ئىزىمدىن مېڭىپ، ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەتبۇئاتتا ھېكايە ئېلان قىلىشتەك رېكورت خاراكتېرلىك نەتىجە ياراتقانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

باللار ئەينى چاغدا ماڭا چاۋاك چالغان قوللىرى بىلەن ئابدۇقاھارغىمۇ چاۋاك چالماقتا... مەن پوق يېگەن خورازدەك بېشىمنى تولغاپ، چوغ يۇتۇۋالغاندەك بىئارام بولماقتىمەن. خەپ، مۇشۇ چاۋاك چالغۇچىلارنى نېمە قىلىۋەتسە ئەرزىيدۇ. ئۇلار مەن ئەسەر ئېلان قىلساممۇ چاۋاك چالغان، ئابدۇقاھار بىر ئىش قىلسىمۇ چاۋاك چالغان، ئۇلارنىڭ ئۆمرى چاۋاك چېلىش بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىن شۇنىڭدىن باشقا چوڭ ئىشلارنىڭ بىرسىمۇ كەلمەيدۇ. ئۇلار بىر قارىماققا سەركىلەر قوشخانىغا باشلاپ ماڭغان بىچارە قويلارغا بەكرەك ئوخشايدۇ! شۇڭا، مەن باشقىلارنى چاۋاك چالغۇزىدىغان ئاز ساندىكى تەلەي ئېگىلىرىدىن بولسام بولمەنىكى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ نەتىجىسى ئۈچۈن ئالقىش ياغدۇرىدىغان خۇشامەتچى ئاجىزلاردىن بولمايمەن!

مەن شېئىر ئېلان قىلسام، ئۇ ھېكايە ئېلان قىلدى. ئەمدى مەن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ھېسسىيات پەردىلىرى توسۇۋالغان خامۇش كۆزلىرىنى بىر ئېچىپ قويمىسام بولمىدى! تېخى ئۇنى مۇختارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ نەتىجە ياراتتى دەۋاتىدۇ! مېنىڭ ئارقامدا پىششۇرۇپ قويغان بىرەر نەرسە بارمىكەن ئۇنىڭغا!؟ ئۇنى مەندىن ئۆگىنىش دېمەي، دىلبەرنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بەدنىيەتلىك قىلىش دېسە بولىدۇ! ئۇنىڭ ئەس ـ يادى دىلبەردە!

ئۇنىڭ ژۇرنالدىكى ھېكايىسىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدۇم. ئوقۇغانسېرى دىلبەر مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ئابدۇقاھار ئۇنىڭغا مۇھەببەت تەلپىپى قويۇپ بولغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. تومۇرلىرىم ئەسلىدىنلا كۆك ئىدى، مانا ئەمدى قارىداپ كەتتى. قانلىرىم خېلىدىن بېرى قايناۋاتاتتى، مانا ئەمدىلىكتە تېنىمدىن تېشىپ چىقماقچى بولغاندەك مەۋج ئۇرىۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلمىسام ئۇلگۇرەلمىگۇدەكمەن. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن دىلبەرگە تەلەپ قوياي. ھازىر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلار بەك كۆپ. ئازراقلا كېچىكىپ قالسام ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇنى ئىگىلەپ قويۇپ ئاندىن ئوقۇشۇمنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇراي. ۋاقتى كەلسە ئىككىمىز بىر ئالىي مەكتەپكە بارامدۇق تېخى. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسىغۇ خۇدايىمنىڭ بەرگىنى شۇ! ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپلا بىر يەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشساق، ئارقىدىنلا دوست ـ دۈشمەننىڭ كۆزىدىن ئوت

چىقىرىپ تويىنى قىلىۋەتسەك...!

3

خۇلاسە ئىمتىھانىنىڭ جىددىي تەييارلىقىدا باش كۆتۈرەلمەيۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئابدۇقاھار ئۇشتۇمتۇت مەكتەپكە كەلمىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە مۇئەللىم بىزگە ئابدۇقاھارنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ قوشنىسى مەتتۇردى ئاخۇن يېڭىدىن بىر بۇقا سېتىۋالغانىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئابدۇقاھار مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقىشىغا قوشنىسى مەتتۇردى ئاخۇن ھويلىسىدا ئالا ــ تاغىل تووۋلاپ كېتىپتۇ. ئابدۇقاھار نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرسە، ھېلىقى بۇقا ئۇنى ئالدىغا سېلىپ قوغلاۋاتقۇدەك. ئابدۇقاھار مەتتۇردى ئاخۇننى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولۇپ، قولىغا بىر كەتمەننى ئېلىپ بۇقىغا ھەيۋە قىپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن بۇقا مەتتۇردى ئاخۇننى تاشلاپ ئابدۇقاھارنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. ئابدۇقاھار قاچماي كەتمەننى بۇقىغا چۆرۈپتۇ. كەتمەن بۇقىنىڭ تۇمشۇقىغا تېگىپ ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇقا يەنە توختىماي ئابدۇقاھارنى يەرگە نىختاپ بىر نەچچىنى ئۇسۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قولى ۋە بىر نەچچە قوۋۇرغىسى سۇنۇپ كېتىپتىمىش. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى داۋالاتقىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىپتۇ...

بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ سىنىپتا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ قىزلار ئۇنىڭغا بەكلا ئىچ ئاغرىتىشتى. دىلبەرگە قارىسام ئۇمۇ تەشۋىشلىنىپ ئاھ ئۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى. ئەمدى ۋاقتىنى كەينىگە سوزماي، ئۇنىڭغا مۇشۇ ھەپتە ئىچىدىلا تەلەپ قويۇش قارارىغا كەلدىم. بىر قارارغا كېلىشقۇ سۇ ئىچكەندەك ئاسان ئىش ئىكەن، بىراق ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى يەنە بېشىمنى قاتۇردى. بۇ قورقۇنچاقلىقىم ۋە قىز بالىدىن ھېيىقىشىم بىلەن ئۇنىڭغا ئۆلسەممۇ كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېيەلمەيدىغاندەك تۇراتتىم. ئاخىر خەت ئارقىلىق سۆيگۈ ئىزھار قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. بۇ مەن تامامەن قىلالايدىغان ھەم نافايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغان چارە ئىدى. باشقىلاردىن ئاڭلىغىنىم بويىچە يېزا بازىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان كوپراتىپنىڭ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنىدىن مەخسۇس قىزلارغا سالام خەت يازىدىغان رەڭلىك دەپتەردىن بىرنى سېتىۋالدىم. ئۇنىڭ ھەر بىر بېتىگە يۈرەكنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەنىدى. دەرستىن چۈشۈپلا ئۆيگە چاپتىم.

ـــ بالام، باشقا ئىشىڭ بولمىسا ئاناڭغا ياردەملىشىپ كېۋەز تاقلىشىپ بەرسەڭ بوپتىكەن...

ئۆيگە كىرىپلا دادامنىڭ كالتە بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ جېنىم چىقىپ كەتتى.

ـــ مەن كېۋەز تاقلىسام كېلەر ھەپتە ئالىدىغان خۇلاسە ئىمتىھانىنى سىلەر بىرەمسىلەر؟!

بۇ قايتۇرما ھۇجۇمدىن تېخىچە ئېسىگە كېلەلمىگەن دادام ماڭا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ، يەنە ھېچنېمە دېمەستىن ئېشەك ھارۋىسىنى يېتىلىگىنىچە سىرتقا ماڭدى. مەنمۇ ئاران ئېرىشكەن بۇ قىممەتلىك ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپلا خېتىمنى يېزىشقا كىرىشتىم.

«سالام خەت»

دېمىسىمۇ بۇ سالام خەتقۇ شۇ! دەرھال بۇ بەتنى يىرتىپ تاشلىدىم. بۇنداق كونا ئۇسلۇبتا سالام خەت يازسام دىلبەر مېنى تۈزۈكرەكمۇ بىلىمى يوقكەن، دەپ ئويلاپ قالامدۇ!؟ ئەڭ ياخشىسى لىرىك نەسىرگە ئوخشاش يازاي، سالام خەتتىمۇ يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر قېتىمدىلا ئەل قىلاي!

«دىلبەر...»

يەنە بولمىدى. ئىسمىنىڭ دىلبەرلىكىنى ئۇ ئۆزى بىلىدىغان تۇرسا، مەن نېمىشقا تەكرارلاپ يۈرگۈدەكمەن!؟ يەنىلا مۇھەببەتلىك گەپلەردىن باشلاي...

«نۇرانە دىلىدا بۈيۈكلۈك ۋە تەڭداشسىز گۈزەللىك گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغان ئەي سۆيۈملۈك قىز! سېنىڭ ئىشق دارىڭغا ئېسىلىپ جان بېرىشنى راۋا كۆرگۈچى مەجنۇن يىگىتتىن ساڭا ئوتلۇق سالام!

سەن ئالەمنى ۋە ئادەمنى تاڭ قالدۇرغۇچى پەرى بولۇپ تۇغۇلۇپسەن. مەن سېنى كۈيلىگۈچى، قوغلىغۇچى ۋە قوغدىغۇچى ئەركەك بولۇپ دۇنياغا كەپتىمەن. ئاللا ئىشق ئوتىنى ئۆزى ئەڭ ئەمراق بەندىسىگە سالارمىش. ماڭا سېنىڭ جان ئالغۇچى ئوتۇڭ تۇتاشقىلى بەك ئۇزاق بولدى. ئەگەر مېنى بۇ ئوتتىن خالاس قىلمىساڭ ئۇۋا-

لىمغا قالىسەن. مەن سېنىڭ مۇھەببەت قەسىرىڭگە قەدەم باسالمىسام پەقەت ئۆلۈملا جېنىمغا ئاراملىق بېغىشلايدۇ. مېنىڭ نامرات تۇرقۇم، ئادەتتىكچە چىرايىم، تۇرمۇشتىكى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىم ساڭا ياقماسلىقى، سېنىڭ دىققىتىڭنى قوزغىيالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، مەندە پەقەتلا ئۆزۈملا ھېس قىلالايدىغان ئىرادە، چىدام، يوشۇرۇن كۈچ ـ قۇدرەت، شۇنداقلا ھەممىنى بېسىپ چۈشەلىگۈدەك تالانت ۋە ئۈمىد نۇرى بار. مەندە كەم قالغىنى پەقەت سېنىڭ مۇھەببىتىڭ. ماڭا سېنىڭ مۇھەببىتىڭ كېرەك. مەن سەن ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشىم مۇمكىن. بەلكىم مېنىڭ قەتئىيلىكىمنى بۇنىڭدىن كېيىن چۈشىنىپ قالارسەن...

راست، بىز ھازىر ئالىي مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. بۇنداق ۋاقىتتا مۇھەببەتلىشىپ يۈرسەك بولمايدۇ، دەپ قارىشىڭ مۇمكىن. مۇھەببەتلەشتىم دەپ پاك ئېتىقادىمىزنى، قىممەتلىك ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىمىزنى قايرىپ قويۇپ سىنى باغمۇ باغ، تاغمۇ تاغ يېتىلەپ يۈرگىلى مەنمۇ ساراڭ ئەمەس! بۇنى مەنمۇ بىلىمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، قەلبىڭدىكى ئورۇننى پەقەت ماڭىلا ساقلاپ قويساڭ! ئۇنىڭغا باشقا تەۋەككۇلچىلار ئېزىپ ـ تېزىپ كىرىپ قالمىسا! يۈرىكىمىزدە نۇر چېچىپ تۇرغان بىباھا مۇھەببەت گۆھىرىمىزنى پىنھان تۇتۇپ، دەرسلەرنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنسەك، شۇ ئارقىلىق ئالىي مەكتەپكە بىللە بېرىپ، بىللە يېنىپ كەلسەك ۋە خىزمەتكە چىقىپلا مۇقەددەس توي ـ مەرىكىمىزنى ئۆتكۈزۈپ، ۋىسالنىڭ شېرىن شەربەتلىرىنى بىر ئۆمۈر قانغۇچە ئىچىشسەك...!!!

دىلىڭنى بەر ماڭا، دىلبىرىم،
مەنمۇ ساڭا دىلىمنى بېرەي.
چۈشسە ئەگەر بىرلا نەزەرىڭ،
بىر ئەمەس، مىڭ جېنىمنى بېرەي!

سىرتتا بوران سوقماقتا مېنى،
چاقىرىۋال، بېغىڭغا كىرەي.
كىرەلىسەم بېغىڭغا ئەگەر،
چېچەك تولغان شېخىڭنى ئىگەي.

سۇغا تەشنا بەرگلىرىڭگە،
يامغۇر بولۇپ تاماي، تۆكۈلەي.
بۇ سۆيگۈمنى قوبۇل قىلمىساڭ،
ئالدىڭدىلا جان بېرىپ ئۆلەي!!!

سۆيۈملۈك دىلبەر، سېنى ئۇقۇپ زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ خەتنى قىسقىلا يازدىم. ئۇ ساڭا بولغان ياخشى كۆرۈشۈمنىڭ سۇسلىقىدىن ئەمەس، بەلكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن. شۇ تاپتا جىددىيلىشىپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئەسلىي يۈز تۇرانە دېيىشنى ئويلىغان، ئەمما ئالدىڭغا بارساملا ھوشۇمدىن كېتىشتىن قورقتۇم. خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن مېنى تەقەززا قىلماي جاۋابىنى تېزرەك بېرىۋېتەرسەن.

ئىشقىڭدا ساراڭ بولاي دەپ قالغان بىچارە ئاشىق ـــ مۇختاردىن.»

قەلەمنى قويدۇم. تىنىقلىرىم ئېگىز ـ پەس ئىدى. يۈرىكىم زەيكەش تاملاردا، ئىسلاشقان تورۇسلاردا سوقۇۋاتاتتى. بىر ھازا جىممىدە ئولتۇرۇۋالدىم. ئەمدى كاللامنى قاتۇرىۋاتقىنى بۇ خەتنى قانداق قاتلاش ۋە ئۇنىڭغا قايسى ئۇسۇلدا بېرىش مەسىلىسى ئىدى. مۇھەببەت خېتىنى ئادەتتە يۈرەك شەكلىدە قاتلىمىسا ئىشى ئوڭغا تارتماسمىش، لېكىن مەن ئۇنداق قاتلاشنى بىلمەيتتىم. ئامالسىز ئۇنى تىقىپ قويۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يۇسۇپنىڭ ئۆيىگە چاپتىم. يۇسۇپ بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرەتتى. بۇنداق نازۇك ئىشلارنى سەنئەتكارلاردەك چاك كەلتۈرۈپ قىلىۋېتەتتى. تەلىيىمگە ئۇ ئېغىلدا قىغ چىقىرىۋاتقانىكەن.

ـــ ئاداش، ماڭا قەغەزنى يۈرەك شەكلىدە قاتلاشنى ئۆگىتىپ قويساڭ! ـــ يانچۇقۇمغا سېلىۋالغان بىر ۋاراق ئاق قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم.

ـــ سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كۈن چۈشۈپتۇ ـ دە؟! ـــ ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغاندەك سەت ھىجايدى.

ـــ ھەئە... ـــ مەن ئۇنىڭ تېزرەك ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم.

ـــ دادام ھازىرلا كىرىپ، چىقىرىپ بولغان قىغنى تاغارغا ئۇسۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا، سەنمۇ ئاۋۇ ئارىنى ئېلىپ ماڭا قىغ چىقىرىشىپ بەرگىن. ئىشنى بىراقلا تۈگىتىۋېتىپ ئاندىن قەغەزنى يۈرەك شەكلىدە قاتلامدۇق، قىز بالا شەكلىدە

قاتلامدۇق، ئىشقىلىپ سەن رازى بولغۇچە ئۆ- كىتىپ قوياي، بولامدۇ؟!

مەن بىر بىچارە ھاجەتمەن تۇرسام، نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئامالسىز قولۇمغا ئارىنى ئېلىپ سىپىق پۇراپ تۇرغان ئېغىلغا كىردىم. يېرىم سائەت ئىچىدە قىغنى پاك ــ پاكىز چىقىرىپ بولدۇق. ئېغىل پاكىزلىنىپ قالغان بىلەن مېنىڭ ئايىغىم قارىغۇسىز بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ــ ئەمدىغۇ قاتلاشنى ئۆگىتىپ قويار- سەن!؟ ــ ئۇنىڭ بىكاردىن ــ بىكار مېنى ئىشقا سالغىنىغا ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى. ئۆز ئۆيۈمدە مۈشۈكچىلىك ئىش قىلىپ قويغان بولسام دادام خۇشلۇقىدا پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيگەن بولاتتى!

ــ تەنە قىلىپ كەتكىنىنى بۇنىڭ! مەنمۇ قەغەز قاتلاشنى بىكارغا ئۆگەنمىگەن غوجام!

ئۇمۇ غوتۇلداپ يۈرۈپ ئاخىر ماڭا قەغەز قاتلاشنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويدى. پالاقلاپ ئۆيگە كېلىپلا ھېلىقى خەتنى قاتلاشقا باشلىدىم. قاتلاپ بولۇپ، ئالدىنئالا تەي- يارلىۋالغان كونۋېرتقا ئاۋايلاپ سالدىم. شۇ كۈنى كېچىسى تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىيالمىدىم. ھە دېسىلا قارا بېسىپ چىقتى. چۈشۈمدە خەتنى ئۇنىڭغا بېرىپ كەينىمگە بۇرۇلۇشۇمغا دىلبەرنىڭ يېنىدا بىر بۆرە ئىت پەيدا بولۇپ، مېنى چىشلىگىلى يۈگۈرۈپ كېلەرمىش. مەن قانچە قىلىپمۇ يۈگۈ- رەلمەسمىشمەن، ھېلىقى ئىت چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كەلگىنىچە پاچىقىمدىن ئالار- مىش...

ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئانام ئەتكەن، مەن ئەڭ ئامراق جىگدە سالغان ئۇماچنىمۇ بىر قوشۇق ئىچىپلا مايماق ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ مەكتەپكە يول ئالدىم. ئۆيدىكىلەر قاقشىغىنىچە مېنى ئۇزۇتۇپ قالدى...

بىرىنچى سائەتتە خەنزۇ تىلى دەرسى بار ئىدى. مەن پىلانىم بويىچە مەكتەپنىڭ بېغىدىن دىلبەرنى ئىزدەشكە باشلىدىم. ئۇ مەن ئويلىغان- دەك سالامەت، پاتىگۈل قاتارلىق ئىككى دوستى بىلەن باغنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قويۇق ئورمان- لىقتا ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇلارغا يې- قىنلاشقانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. پۈتۈم قىر بېشىدىكى كىچىككىنە يۆگىمەچ ئوتلارغىمۇ چىرمىشىپ قېلىپ، مېنى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىشتىن توسۇۋاتاتتى. بۇنىڭغا ئەگە- شىپ ۋاقىت قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ئاخىر بۇ ئۇ- زۇن سەپەرنىمۇ ئاخىرلاشتۇرۇپ مەنزىلگە يەتتىم. ئۇلار ھېچ مەن تەرەپكە قاراپ دېمەيتتى. پۈتۈن كۈچۈمنى ئۆپكەمگە يىغىپ دىلبەرنى چاقىردىم.

ــ دىلبەر...

ئاۋازىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭلىيالمىدىم. يەنە غەيرەت قىلىپ قايتا چاقىردىم:

ــ دىلبەر!

ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا كەينىگە ئۆرۈلدى ۋە ماڭا «نېمە ئىش» دېگەن مەنىدە تىكىلدى.

ــ مېنىڭ... ــ بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئاۋازىم بوغۇق ئىدى ــ مېنىڭ خەنزۇ تىلى كىتابىم يوق تۇرىدۇ. كىتا- بىڭىزنى بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز، دەرسكە كىرگۈچە كۆرۈۋالسام...

ــ مەنمۇ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋاتقانىدىم، ئەمدى... ــ ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە شۇن- داق دېدى.

تىترەپ كەتتىم. ئەمدى ئىككىنچى پىلان بويىچە ئىش كۆرمىسەم بولمايتتى. مەن خۇددى ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك كەينىمگە قاراپ ــ قاراپ ئۇلاردىن يىراقلاشتىم.

ــ مۇختار...

بۇ دىلبەرنىڭ ئاۋازى ئىدى. كىتابنى بەر- مىگەندىكىن مېنى چاقىرىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ھەرىكەتتىكى قەدىمىم ئۇنىڭ ئاۋازى يېتىپ كېلىشى بىلەن چىپپىدە توختىدى.

ــ بوپتۇ، كىتابىمنى كۆرۈۋېلىڭ. مەن پاتىگۈلنىڭكىنى كۆرۈپ تۇراي...

خۇشلۇقۇمدا ئۇنىڭ قولىنىمۇ قوشۇپ تۇ- تۇۋالغىلى تاس قالدىم. كىتابنى خۇددى كېۋەز مايسىلىرىنى تاقىلىغاندا ئۇلارنى ئاۋايلاپ تارتقان- دەك، ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن قولۇمغا ئالدىم. مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىمنى كۆرۈپ دىلبەر نېمە- گىدۇر ھەيران بولغاندەك يۈزۈمگە قارىدى. مەن قىزىق مەش ئۈستىگە تاشلانغان توڭ ياغدەك شۈررىدە ئېرىپ كەتتىم. كۆزۈم ئىختىيارسىز ئۇنىڭدىن قېچىپ يەرگە قادالدى...

كىتابنى ئېلىپ سىنىپقا كىردىم. سىنىپتا ئۈچ ــ تۆتتەك بالا بار ئىدى. مەن ئورنۇمغا بېرىپ سومكامنى ئاچتىم. ئۇنىڭ ئىچىدە مېنى سارا-

سىمىگە سىڭلىۋاتقان مۇھەببەت خېتى بار ئىدى. ئەمدى پەقەت خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭ كىتابىنىڭ ئارىسىغا بىلىنمىگۇدەك دەرىجىدە قىستۇرسام، ئاندىن ئۇ سىنىپقا كىرگەن ھامان ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەرسەملا ئىش تۈگەيتتى.

ياق!!!

بۇنداق قىلسام ئىش تۈگىمەيدىكەن! ئەگەر ئۇ كىتابنى يېنىدىكى سالامەتنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئېچىپ سالسا ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. سالامەت خەتنى ئوقۇماي قويمايدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرس ۋاقتى بولغاندىكىن مۇئەللىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس! بۇنداق قىلسام ھەرگىزمۇ بولمايدىكەن! ئەمىسە قانداق قىلسام بولار؟ توغرا، ئەڭ ياخشىسى كەچقۇرۇن ئۇ ئۆيىگە قايتىدىغان چېغىدا بەرسەم ياخشى بولغۇدەك. ئۇ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن خەنزۇ تىلى تاپشۇرۇقىنى ئىشلەش ئۈچۈن كىتابنى قولىغا ئالغاندا ئاندىن مېنىڭ خېتىمنى كۆرىدۇ ـ دە، ئالدىرىماي ئوقۇپ چىقىدۇ. مۇھەببەت خېتىنى كۈندۈزدە ئوقۇغاندىن كېچىدە ئوقۇسا بەك تېتىيدۇ! ناۋادا ئۇ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىنمۇ كىتابنى كۆرمەي قويسىچۇ؟ كىتابنى بەرگەندە ئىچىدە خەت بارلىقىنى ئەسكەرتىپ قويايمۇ ـ يا؟ ئۇنداق قىلسام ئۇ خەتنى ئوقۇمايلا ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىچۇ؟ قايتۇرۇپ بەرسە ئالغىلى ئۇنىماي قېچىپ كېتەي! شۇنداق قىلسام ئۇ مېنى قوغلاپ كېلەلەمتى! ئۇ خەتنى قولۇمدىن ئالدىمۇ بولدى، خەت ئۇنى ھەر قاچان ئۆزىگە تارتقىنى تارتقان! ئەڭ ياخشىسى ھازىرقى يېڭى پىلان بويىچە ئىش كۆرەي! لېكىن، ئۇ ھازىر كىرىپلا كىتابىمنى بېرىڭ دەپ قالسىچۇ؟ ئۇ كىتابنى ئېلىۋالسا يېڭى پىلانىممۇ يوققا چىقىدۇ! يەنىلا كەچكىچە دەرسكە قاتناشمىغىنىم تۈزەككەن!

دىلبەرنىڭ سىنىپقا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆگىنىش باشلىنىشىغا جىددىي ئىشىم بارلىقىنى دەپ قويۇپلا سومكامنى ئېلىپ مەكتەپتىن قاچتىم. ئۇدۇل بېرىپ سىنئالغۇخانىغا كىردىم. سىنئالغۇخانىدا مەندىن باشقا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، ئامالسىز كىنو باشلانغۇچە ساقلاپ ئولتۇردۇم. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن مەن بىلەن ئالتە ئادەم بولدۇق. سىنئالغۇ قويىدىغان جېلىل ھىندىستاننىڭ بىر كىنوسىنى قويۇپ بېرىپلا بىزدىن پۇل يىغىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا بەش موچەننى بېرىۋېتىپ ئىشىك ئالدىدىن يەنە بەش موچەنلىك گازىر ئەكىرىۋالدىم. بارا ـ بارا دىققىتىم ئېكراندىكى ھەيۋەتلىك مۇشتلىشىشلارغا ۋە لىرىك كۆرۈنۈشلەرگە مەركەزلەشتى...

كەچقۇرۇن سائەت تۆت يېرىمدا مەكتەپكە باردىم. باللار تېخىچە مۇزاكىرە قىلىۋاتقانىكەن. دىلبەر بېشىنى كۆتۈرمەي بىر نەرسە يېزىۋېتىپتۇ. مەن ئاستا ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرىۋالدىم. تەلىيىمگە يارىشا سائەت توشقۇچە مۇئەللىممۇ سىنىپقا كىرمىدى. سائەت توشقاندا بىزنى سىنىپ باشلىقى ئېلىجان بىر قۇر يوقلىما قىلىۋەتكەندىن كېيىن قويۇپ بەردى. مەنمۇ باللار بىلەن تەڭلا سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم. ئاندىن سىنىپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، خەتنى كىتابنىڭ قېتىغا قىستۇردۇم. روھىي جەھەتتە بىر ئاز تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن سىنىپنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈم. دىلبەرنىڭ ۋېلىسىپىتى تېخىچە سىنىپنىڭ ئالدىدا بار ئىدى. قىزىل رەڭلىك ۋېلىسىپىتكە قارىغانسېرىم يۈرىكىم قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. قانچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنسام‌مۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. ئۇ تام تۈۋىدە مېنى «قېنى تېزراق كەلمەمسىز» دېگىنىچە ساقلاۋاتقاندەك ئىدى. ئاخىر ۋېلىسىپىتنىڭ كەينى جازىسىغا ئولتۇرىۋالدىم. شۇ ھامان توك سوققاندەك ئەندىكىپ، تىترەشكە باشلىدىم. ئامالسىز بىر قولۇم بىلەن ئېگەرنىڭ تۆمۈرىنى چىڭ تۇتۇۋالدىم.

ھاۋا ئوچۇق ئىدى، يىراق كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى. سىنىپ ئالدىدىكى سۆگەتلىكتە تۆۋەن يىللىقتىكى بىر قانچە كەپسىز باللا ۋېلىسىپىتلىك قوغلاشماق ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. يان تەرەپتىكى دەرەخ شېخىدا بىر توپ قۇشقاچ جان ـ جەھلى بىلەن ۋىچىرلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بوغۇق ئۈنى مەن ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتى. ئۇشتۇمتۇت كۆز ئالدىمدا بىر تال چېكىت پەيدا بولدى. بۇ چېكىت بىر قارىماققا ئۆيگە، يەنە بىر قارىماققا كەپتەرگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنى ئۆي دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇنداقتا بۇ ئۆينى كىم سالغان؟ ئۇ نېمىشقا مىدىرلايدۇ؟ ئۇ چوقۇم مەندەك تىترەۋاتقان ئۆي! مەلۇم بىر ئاقىۋەتتىن قورقۇپ ئاھ ئۇرۇۋاتقان

بىچارە ئۆي...

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭدىن ئىككى قانات ئايرىلىپ چىقتى. ئەمدى ئۇ كەپتەر ئىدى. بۇ تۈكلىرى تۇزۇپ كەتكەن، تۇمشۇقى سۇنغان، ئوڭ كۆزى كۆرمەيدىغان، تىرناقلىرى سۇغۇرۇپ تاشلانغان، چەكسىز ئازاب ئىچىدىكى كەپتەر...

ئۇ پەرۋاز قىلماقتا. ئۇنىڭ پەرۋازى كىچىك بالىنىڭ ئۆمۈلەپ مېڭىشىغا ئوخشايدۇ...

ئۇ بىر كۆزى بىلەن ئالەمنى قەلبىگە قايتا سىزىپ چىقماقتا... ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئالەمنىڭ يېرىمى قارا رەڭدە...

— ئەتىگەندىن بېرى كۆرۈنمەيسىزغۇ؟ كىتاب بولمىغاچقا، خەنزۇ تىلى دەرسىدە تازا قىينالدىم.

كەپتەر مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ بۇقۇلدىماقتا...

— مۇختار!

مۇشۇنداق قاتتىق ئاۋازلا ئادەمنىڭ مېڭىسىنى بالدۇر قېرىتىۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ مېنى چاقىرغان كەپتەرگە سىنچىلاپ قارىدىم.

ئاھ...!

ئۇ كەپتەر ئەمەس، دىلبەر ئىدى. كېچە ـ كۈندۈز خىيالىمدىن چىقمايدىغان، مەن ۋىسالىغا ئىنتىلىپ ھالىمدىن كەتكەن دىلبىرىم ئىدى...

— ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى يۇمشاۋاتاتتى.

— ياق، سىزنى... سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغان.

— نېمىگە؟

— كىتابىڭىزنى بېرەي دەپچۇ...

— نېمىشقا ئەتىگەندىلا بەرمەيسىز؟

— ناھايىتى مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالغاچقا...

— ئەمىسە ھازىر ئېلىپ بېرىڭ، ئۆيگە تېزراق قايتمىسام بولمايدۇ.

مەن تىترەۋاتاتتىم. قولۇم كىتابنى سومكىدىن ناھايىتى تەستە ئالدى. ئۇنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ غۇۋا كەلگۈسۈم، جۇل ـ جۇل قەلبىم قىسىلىپ ياتاتتى. كىتابنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. مۇشۇ دەقىقىدە ئالەمدە پەقەت ئىككىمىزلا بار ئىدۇق. ئارىمىز سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارغا تولغان چەكسىز بوشلۇق ئىدى. قولۇمدىكى كىتاب ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ بولغۇچە گويا ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى...

ئۇنىڭ كىتابنى قولۇمدىن ئېلىپ پەرۋاسىزلا سومكىسىغا سالغىنىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم.

— كىتابىنىڭ... — تىلىمنىڭ ئۇچى قىزىتىلغان تۆمۈرگە يېقىلغاندەك پىژىلداپ ئېچىشىۋاتاتتى...

— نېمە؟ — ئۇ سومكىنى ۋېلىسىپىتكە ئېسىپ بولۇپ توختاپ قالدى.

— كىتابىنىڭ ئىچىدە مېنىڭ قەلبىم بار...

جىددىيلەشكەنلىكتىن ۋېلىسىپىتىمنى قانداق مىنگىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ دەيدىغاننى دەپ بولدۇم ـ دە، بەدەر قاچتىم.

— قەلبىم بار دېدىڭىزما؟ ئەمىسە توختاڭ، ئېلىپ بېرەي...!

4

بۇنداق بۇرۇقتۇمچىلىقتا جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن كۆرە جاڭگالدىن ئوتۇن، شاخ ياكى تېز ئېلىپ چىقسام، كۆل كولىسام، يەر ئاغدۇرسام بەكرەك خۇش بولاتتىم. كېلىمدىن تاماقمۇ ئۆتمەيدى. مەكتەپمۇ ماڭا ئۆز ئورنىدا تۇرالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە جاۋاب كۈتۈشتىنمۇ قۇتۇلدۇم. بۇنى قۇتۇلۇش دېگەندىن كۆرە تۇتۇلۇش دىسە توغرا بولاتتى. ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرىدىن چىقىپلا يەنە سىنئالغۇخانىغا قاراپ ماڭدىم. يەلكەمدىن بېسىپ تۇرغان غايەت زور ئازابنى پەقەت كىنولا ئاز ـ تولا ئۇنتۇلدۇرالايتتى. ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ سىنىپ ئالدىدىكى گۈللۈكتىن ئۆتۈشۈمگە بىرى مېنى چاقىردى.

— مۇختار!

بۇ قىز بالىنىڭ ئاۋازى ئىدى. يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيۇپ قالدى. دەرھال توختىدىم. ئۇ دىلبەرنىڭ يېقىن دوستى پاتىگۈل ئىدى.

— سىز دىلبەرنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، ئۇ بۇ خەتنى مۇختارغا بېرىپ قوي، دېدى.

ئۇنىڭ قولىغا قاراشتىن قورقۇپ تۇراتتىم، لېكىن قارىماي بولمايتتى. كۆز ئالدىمدا پاتىگۈلنىڭ ئاپئاق قولى ئەمەس، بەلكى بىر كۆزەينەكلىك يىلان ماڭا خىرس قىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇ يىلاننىڭ ئېغىزىغا قولۇمنى تىقىپ ھې-

لىقى خەتنى ئېلىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. قىز بالىنىڭ ھەممىسى يىلانغا ئوخشايتتى. بىز بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بەدىنىمىزنى، قەلبىمىزنى يەم قىلىپ بېرەتتۇق. جاھاننى يىلان قاپلاپ كەتكەنىدى. بىز ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدۇق. بىز ئۇلارنىڭ تۆمىسى ئىدۇق. ئۇلار بىزنىڭ بىپايان زېمىنىمىزدا خالىغانچە ياشايتتى. گۈللىرىمىزنى چەيلەيتتى. قوشلىرىمىزنى ئۈركىتىۋېتەتتى. سۈپسۈزۈك سۇلىرىمىزدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلىرىمىزنى تىرىك پېتى يۇتۇۋېتەتتى. ئۇلار شۇنداق رەھىمسىز، شەپقەتسىز بولسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خالايتتۇق. ئۇلار بىزنى چاقاتتى. بىز خۇشال بولۇپ، ناخشا ئېيتاتتۇق. تاكى بىزنىڭ گىگانت ئەرلىك ئىمپېرىيىمىز ئۇلارنىڭ بىمەنە ھۇجۇملىرىدىن ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەنگە قەدەر ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتەتتۇق.

ئالدىمدىكى يىلان مېنىڭ جىمجىت تۇرغىنىمنى كۆرۈپ ئۆزى خەتنى ئالقىنىمغا قۇسۇپ بېرىپ، كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. ئۇ مۇشۇنداق سويلاپ ماڭغىنىچە ئۇدۇل دوزاخقا كىرىپ كېتەر، ئىلاھىم!

—خاتا چۈشىنىپسىز!

مۇشۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ مەن ئۇنى نېمىشقا خاتا چۈشىنىپ قالغۇدەكمەن! ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىممۇ گۇناھمۇ؟ چىن دىلىمدىن كۆكلەپ چىققان مۇھەببەت گۈلى بىر دۆۋە قۇسۇقلار ئارىسىدا قالدىغۇ! ئۇنىڭغا قەلبىمدىكى پاك ھېسسىياتىمنى بىلدۈرۈپ قويسام، ئەجىبا ئۇ بۇنى خاتا چۈشىنىش دەپ ئاتىسا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟! ئەگەر ئۇنى خاتا چۈشەنسەم بۇزۇقچىلىق قىلايلى دېمەسمىدىم!؟ توغرا، ئۇنى بۇزۇق، ئىپلاس دەپ چۈشىنىپ توك تەگمىگەن مەنمۇ بىر ئەخمەق! تېخى ئۇنى ئەخلاقلىق، ئەقىللىق، ئېتىقادىمۇ ياخشى دەپ يۈرۈپتىمەن! مىڭ لەنەت!!! قىمارۋازغا تېگەرسەن، ئىلاھىم! چاترىقىڭ يېرىلىپ كېتەر!! ھۇ زەھەرلىك يىلان!

ئەمدى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى رەسمىي باشلاندى. ئۇ كۆزۈمگە كوچىغا چىقىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مەيلى سىنىپتا بولسۇن، مەيلى ئەمەككە بارغاندا بولسۇن ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمايتتىم. ناھىيىگە خۇلاسە ئىمتىھاننى بەرگىلى بارغاندا، ئۇ مېنى قەستەن ئازابلانسۇن دېگەندەك ئابدۇقاھار داۋالىنىۋاتقان دوختۇرخانىغا تولا قاتراپ كەتكەنلىرىدىمۇ قىلچە ھار ئالمىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ بەربىر بۇزۇق، تاپتىن چىققان، بەدبەشىرە بىر مەخلۇق ئىدى. ئىلگىرىكى خۇشچىراي، مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان دىلبەر ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ھازىرقىسى ئۇنىڭ تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان ۋەھشى يىلان ئىدى. ئۇ توختىماي مېنى چېقىۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچىنچى يىللىقىمۇ چىقىپ قالدۇق. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئۈچۈن كالېندار شەكلىدە مەخسۇس تەييارلىغان تەتۈر ساناق باشلاندى. كۈندە ئەتىگەندە ئۆگىنىش باشلىقى كالېنداردىن بىر ۋاراقنى يىرتىۋېتەتتى. كۈنسېرى ئاز قېلىۋاتقان سانلار بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزنى ساقلاپ بېرىۋاتقان ئىمتىھان كۈنىنىڭ يېقىنلاۋاتقىنىنى ئەسكە سېلىپ تۇراتتى. تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەندىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا بەسلىشىپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئۆگىنىش قىلىشاتتى. دىلبەر بىلەن ئابدۇقاھار تەبىئىي پەنگە ئايرىلغان كۈنى مەن دىلبەرنى قولۇمدىن چىقىرىپ قويۇۋاتقانلىقىمنى غۇۋا ھېس قىلدىم. ئۇ ئەسلىي يىلان ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنىلا مېنىڭ سۆيگۈ يۇلتۇزۇم ئىدى. ئۇ مېنىڭ خېتىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن چاغدا مەن زىيادە ئاچچىقلىنىپ كەتكەن ئىكەنمەن. سەۋر قىلسام بوپتىكەن...

مەن ھېلىمۇ كېچىكىپ قالمايمەن. ئۇنى قايتىدىن قولۇمغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمەن. ئابدۇقاھار ھەر قانچە قاۋۇل بولسىمۇ بويى ئاسمانغا تاقاشمايدۇ! ئۇ قانچە ئەقىللىق بولسىمۇ غايىبنى بىلىشكە قادىر ئەمەس! ھەممە نەرسىنىڭ چېكى بولىدۇ! بېلىق تۇتقىلى بارغان ئادەم ھامان بېلىق ئېلىپ كېلىدۇ. گەپ تىرىشىشتا، سەۋردە! بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇئەللىم بىزنى يېزىلىق ساقچى پونكىتىنىڭ ئايجاڭگالدىكى يۈز نەچچە مو كېلىدىغان كېۋەزلىكىگە پاختا تەرگىلى ئەكىردى. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، ۋەزىپىسىنى بالدۇر ئورۇنلاپ بولغانلار كېۋەزلىكنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان قومۇشلۇق كۆلگە سۇغا چۆمۈلگىلى قاچتى. مەنمۇ

ئىسسىقتا زادىلا چىدىيالمايۋاتاتتىم. شۇڭا، ئەپلەپ - سەپلەپ پاختىلارنى تېرىۋەتكەندىن كېيىن ئوقتەك ئۇچۇپ بارغىنىمچە كۆلگە ئۆزۈمنى ئاتتىم.

سۇ بەئەينى بىر مېھرىبان ئانىغا ئوخشايتتى. ئۇ بىزنى ئەركىلەتتى، راھەتلىك تىنىقلىرى بىلەن ئۇگە - ئۇگىلىرىمىزنى بوشىتىپ، چارچاشلىرىمىزنى قاياقلارغىدۇر ئېلىپ كېتەتتى. كۆلنىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر نەچچە توپ قېرى سۆگەتنىڭ تۆۋىدە پالاقلىق كېمىدىن ئىككىسى سۇنىڭ يېنىك دولقۇنىدا سۇس چايقىلىپ تۇراتتى. مۇئەللىم قىزلارنى سۇغا چۈشكىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن قىزلار ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

— مۇئەللىم، بىز ئاۋۇ قومۇشلۇقنىڭ ئۇ تەرىپىگە بېرىپ، سۇغا چۆمۈلسەك بولامدۇ؟

—ياق، بولمايدۇ! بۇ كۆل سەل خەتەرلىك. ئۆتكەن يىلى مۇشۇ چاغدىمۇ پاختا تېرگىلى كىرگەن قوشنا يېزىلىق بىر قىز دەل ئاشۇ قومۇشلۇقنىڭ سەل ئالدى تەرىپىدە چۆكۈپ كېتىپ، جەسىتىمۇ تېپىلمىغان!

—ئۇنداق بولسا كېمىگە چىقايلى!

—توغرا، شۇنداق قىلايلى! ئوغۇللار سۇغا چۈشكەندىكەن، بىز كېمىدە ئوينايلى...

مۇئەللىم ئاخىرى قوشۇلدى.

مەن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزگىنىمچە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بىر دۆڭگە يېتىپ باردىم ۋە ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشقا باشلىدىم. سەل نېرىدا ئابدۇقاھارمۇ بىر نەچچە بالا بىلەن سۇ يۈزىدە قوغلاشماق ئويناۋاتاتتى. مېنىڭمۇ بۇ ئويۇنغا قاتناشقۇم بار ئىدى، لېكىن ئابدۇقاھار بىلەن ئوينىغىلى كۆڭلۈم تارتمىدى. بىر چاغدا سىنىپىمىزدىكى يىگىرمىگە يېقىن قىز قىيا - چىيا قىلغىنىچە مۇئەللىم بىلەن بىرلىكتە چوڭ كېمىنى ھەيدەپ، بىز تەرەپكە سۈرۈلدى. پەمىمچە كېمىنىڭ ئېغىرلىقى سەل ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەگەر كېمە قاتتىقراق چايقالسىلا دۇم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. خىيالىمغا ئاشۇ كېمىنىڭ ئۆرۈلگەن كۆرۈنۈشى كېلىۋېلىپ بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. خۇددى ھازىرلا قىزلارنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولىدىغاندەك، دىلبەرمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك كۆلرەڭ تۇيغۇدا ئىدىم. كېمە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەنسېرى سەل چىدىدىيلىشىشكە باشلىدىم. مەن تۇرغان جاي بىلەن شەرق تەرەپتىكى قومۇشلۇق ئارىسى ئەڭ چوڭقۇر يەر ئىدى. بەزىلەردىن ئاڭلىشىمچە ئۇ يەرنىڭ تۆۋى يوقمىش. ئەنە شۇ تۆۋى يوق قورقۇنچلۇق يەر كېمىدىكىلەرنى جىمجىت كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. قېرىشقاندەك، قىزلار مەن تۇرغان دۆڭنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاشۇ قاباھەتلىك نۇقتا ئارقىلىق قايتىش ھەققىدە تالىشىۋاتاتتى. مۇئەللىممۇ سەل چىدىدىيلەشمەكتە ئىدى. پەمىمچە ئۇ ئالدىقاچان قىزلارنى كېمىگە چىقارغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

كېمە يېقىنلاپ كەلمەكتە...

ئابدۇقاھارمۇ بىر نەرسىنى سەزدى بولغاي ئويۇننى توختىتىپ كېمىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. قىزلار ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا بەدەنلىرىنى سۆيۈپ ئۆتكەن سالقىن شامالغا قول پۇلاڭلىتىپ، كۆلنىڭ تىنىق سۈيىنى ئۇچۇملاپ ئېلىپ ئاسمانغا چېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، گۈزەللىك بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ ناھايىتى يېقىنلىقىنى نامايان قىلماقتا...

كېمە يېقىنلاپ كەلمەكتە...

قىزلار كېمىنى چايقىماقتا... كۆل ئۇلارنى قوينىغا چاقىرماقتا... دىلبەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى كېچە ئاسمىنىدىكى چولپان يۇلتۇزدەك پارقىراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ سۇپسۈزۈك سۇغا قارىغىنىچە ئۆزىنىڭ بەختكە تولغان كەلگۈسى تۇرمۇشىنى ئويلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ خىيالىدا بىلىجانلار غەمسىز ئويناۋاتقان كۆز ئالدىدىكى مېھرىبانلىق سۇنىڭ كېمىنى ھالاك قىلىش كۆرۈنۈشى ئەسلا يوق. سۇ ھەرگىزمۇ ھاياتنى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئون سەككىز ياشلىق چىرايلىق بىر مەلىكىنى يۇتۇۋەتمەيدۇ.

كېمە ھېلىقى چوڭقۇر جايغا يېتىپ كەلدى...

ئۇ يەر بىردىنلا دىلبەرنى مەندىنمۇ، ئابدۇقاھاردىنمۇ تارتىۋالىدىغاندەك قىلىپ، ئەلپازىنى بۇزدى. كېمە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتاي دەپ قالدى. مانا، ھازىرلا مەن ئويلىغان قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بېرىدۇ. بىر - بىرىدىن چىرايلىق قىزلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە سۇنىڭ جانسىز دېدەكلىرىگە ئايلىنىدۇ. سۇ ئۇلارنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

ئۇلارنىڭ بەدىنى چىرىپ، روھى سۇغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. دىلبەرمۇ شۇنداق. ماڭا مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك ئاپئاق بەدىنى، نۇرانە قەلبى قۇمۇشلۇق كۆلنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا نېسىپ بولىدۇ.

كېمە توختاۋسىز ئىلگىرىلىمەكتە...

پالاق ئۇرۇۋاتقان قىزلار بىلەن مۇئەللىمنىڭ پېشانىسىدە ساناقسىز تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ تامچىلارمۇ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كېمىگە ھالاكەتنى چىللىدى...

كېمىنىڭ بىر تەرىپى سۇغا شۇڭغۇپ كەتكەندەك قىلدى...

كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. ئەنە... مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا سۇغا چۆكۈپ كەتتى. ئارقىدىن قىزلارمۇ خۇددى كۈز خازاڭلىرىدەك كېمىدىن بىر ـ بىرلەپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. دىلبەر سۇغا چۆكۈپ كېتىش ئالدىدا ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ ئىلتىجالىق كۆزلىرىدىن مۇھەببەت خېتىمگە قايتۇرغان مەسئۇلىيەتسىزلەرچە جاۋابىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەر بىر قېتىم سۇدىن بېشىنى چىقارغاندا «مۇختار، سىزنى ياخشى كۆرىمەن. مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ!» دەپ سۇس شىۋىرلايتتى...

چىداپ تۇرالمىدىم. دىلبەرنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا سۇغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. مەن ھېلىقى چوڭقۇر جايغا يېتىپ بارغاندا كېمىمۇ، كېمىدىكىلەرمۇ چۆكۈپ كېتىپ بولغانىدى. مەن سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ ئۇلارنى ئىزدىدىم. كۆزۈمگە پەقەت بېلىقچانلارنىڭ غۇۋا ھەرىكىتىلا چېلىقاتتى. باشقا ئوغۇللارنىڭ نېمىشقا قىزلارنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاچچىقىم كېلەتتى. ئۇلار مۇھەببەت ئۈچۈن ئادەم قۇتۇلدۇرۇشنى بىلمىسىمۇ ھېچ بولمىسا، ئىنسانىي ئەخلاق ـ ـ پەزىلەت ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ!

سۇغا قايتا ـ قايتا چۆكۈش نەتىجىسىدە مېنىڭمۇ پۇت ـ قولۇم بوشاشقا باشلىدى. باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ قوغلاشماق ئويۇنى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئاخىر بولماي توۋلاشقا باشلىدىم.

ــــقۇتۇلدۇرۇڭلار!

ئۇلار ئاۋازىمنى ئاڭلىيالمىدى. ئەمدى قىرغاقتا ياكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭگە قاراپ ئۈزمىسەم مەنمۇ قىزلار بىلەن مۇئەللىمدەك ھالاك بولاتتىم. قورقۇنۇچلۇق بىر ئاقىۋەتنى ئويلاپ جەھلىم بىلەن ئۈزۈشكە باشلىدىم. ئۈزگەنسېرىم سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتىم. سۇنىڭ تەكتىدە بىر نەرسە مېنى شوراۋاتقاندەك، دەم تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوڭدىسىغا بولۇپ پۇتۇم بىلەن ئۈزۈپ باقتىم. يەنىلا ئىلگىرىلىشىم بەك ئاستا بولدى. بىرەر ـ ئىككى مېتىر ئۈزۈپ بولغۇچە يەنە چۆكۈشكە باشلىدىم. كۆزۈمگە ئۆزۈمنىڭ جەسىتى كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۆلۈم مېنى قۇچاقلىۋالغاندەك قىلاتتى. قانچە قىلسامۇ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتىم.

ئاخىرقى قېتىم قىرغاققا قارىدىم. قارىدىمىيۇ كۆزۈمگە ئىشەنمەي ۋارقىرىۋەتتىم. قىزلار چىققان كېمە تېخىچە بىر خىلدا سۆگەتلىك تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار قىرغاققا ناھايىتى ئازلا قالغانىدى. كېمىدىكى قىزلار يەنىلا ئىلگىرىكى شوخ كۈلكىلىرى بىلەن مۇئەللىمنى تېرىكتۈرۈپ ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالتۇندەك بارماقلىرىدىن چاچرىغان سۇ تامچىلىرى قۇياشنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا ۋاللىداپ چاقناپ، كۆزۈمنى ئاغرىتقاندەك قىلدى، ئېسىمگە كەلدىم. بايا خىيالىمدىكى خاتا تۇيغۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئەگىشىپ بۇ نەسباسقۇر يەرگە قىزلارنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلگەن ئىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە كېمە ئۆرۈلۈپ كەتمىگەنىكەن!

تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. بېشىمدىن كىرگەن بىر كۈچلۈك ئاغرىق تاكى تاپىنىمغىچە سوزۇلۇپ كەتتى. ئاشۇ ئاغرىقنىڭ تەسىرىدە سۇ ئۈزۈشتىن پۈتۈنلەي توختىدىم ـ دە، تېنىق كۆلگە ئاستا ـ ئاستا چۆكۈشكە باشلىدىم. بۇرنۇمدىن، ئېغىزىمدىن تەڭلا كىرىۋاتقان ئەجەل سۇلىرى قورسىقىمنى غورتىلدىتىپ، ئۆپكەمنى قىستاپ، مېنى قاتتىق قىيناۋاتاتتى. مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئۆتكەن يىلى مۇشۇ يەرگە چۆكۈپ كەتكەن قىز لەيلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا باشلىدىم. قولۇم ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگەي دېگەندە، سۇ بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. بىر يەرلىرىمنى بېلىقلار چىشلەپ يەۋاتقاندەك، ئاستىمدىن غايەت زور بىر مەخلۇق دەم تارتىۋاتقاندەك غۇۋا تۇيغۇلار ئىچىدە بارا ـ بارا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىم...

ــــمۇختار...

—مۇختار، كۆزۈڭنى ئاچ...

قولاق تۈۋۈمدىلا ئاڭلانغان تونۇش ئاۋازلار مېنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن تارتىپ چىقتى. مەن ئاستا ـ ئاستا كۆزۈمنى ئاچتىم.

—مۇختار ھوشىغا كەلدى! مۇختار ھوشىغا كەلدى!

ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندىم. ئانام بىلەن دادام بېشىمدا يىغلاۋاتاتتى. مۇئەللىم ئاياغ تەرىپىمدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. دادامنىڭ يېنىدا ئابدۇقاھار قولۇمنى چىڭ سىققىنىچە كۆزىدىكى ياش تامچىسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئەنە... ئابدۇللا، ئىمىنجان، ئابلەت، ھېسامىدىن... يەنە بىر تەرەپتە دىلبەر، سالامەت، پاتىگۈل، غۇنچەم، گۈزەلنۇر، زۇلخۇمار... ئەنە... تېخى بەزىلىرىنى كۆرەلمىدىم. دېمەك، بۇ يەردە ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى باردەك قىلاتتى. ئاق خالات كىيىۋالغان يەنە بىر ئادەممۇ بار ئىدى. مەن كارىۋاتتا ياتاتتىم. بۇرنۇمغا بىر تال رىزىنكا نەيچە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان سوغۇق ھاۋا بۇرنۇم ئارقىلىق پۈتۈن بەدىنىمگە تاراۋاتاتتى. ئېغىزىمنى مىدىرلىتاتتىم، ئەمما ئاۋازىم چىقمايتتى. ئاخىر مەن ئۆزۈمنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىمنى بىلدىم.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئەھۋالىم خېلىلا ياخشىلاندى. شۇ ئارىدا مۇئەللىمدىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇقتۇم. مەن كۆلدە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندا مۇئەللىم تېخى كېمىنى قىرغاققا ئاپىرىپ بولالمىغانىكەن. دەل شۇ چاغدا دىلبەر مېنىڭ بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قېلىپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان باللار چۇرقىراشقىنىچە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرسا، ئابدۇقاھار دەرھال مېنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۈزۈپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭغىچە مۇئەللىممۇ قىزلارنى قىرغاققا يەتكۈزۈپ قويۇپ، كېمىنى مەن تەرەپكە ھەيدەپ كەپتۇ. ئابدۇقاھار يېتىپ كەلگەندە مەن چۆكۈپ كەتكەنىكەنمەن. مۇئەللىم بىلەن ئىككىسى مېنى خېلى ئۇزۇن ئىزدىگەندىن كېيىن ئاخىر تېپىپ، كېمىگە چىقىرىپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ساقچى پونكىتىنىڭ پاختا توشۇغىلى ئېلىپ كىرگەن ماشىنىسى بىلەن يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئاخىر ھوشۇمغا كەپتىمىشمەن...

مەن خىيال قىلىپمۇ باقمىغان بۇ نەتىجە مېنى قاتتىق گاڭگىرىتىپ قويدى. مەندىكى ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇپ، ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئىستىكىنىڭ ئاقىۋەتتە مېنى بۇنداق پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. مەن ئابدۇقاھارنى مەغلۇپ قىلىمەن دەپ يەنىلا ئۇنىڭ قولىدا مەغلۇپ بوپتىمەن. بۇ مەغلۇبىيەتكە دىلبەر سەۋەبچى بوپتۇ. ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتمىسىمۇ بولاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن ئىنتايىن ئاجىز سانىلىمەن. ئابدۇقاھار بولسا ھېچنېمىدىن قورقماس، دوستلۇق ئۈچۈن جېنىنىمۇ پىدا قىلالايدىغان ئالىيجاناب روھقا ئىگە يىگىت سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەتتى. ھەتتا داداممۇ ئانامغا: «مۇختارنى ئابدۇقاھار دېگەن بالا قۇتقۇلدۇرۇۋاپتۇ، ئۇنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆيگە چاقىرىپ كۆڭلىمىزنى بىلدۈرۈپ قويساق بولاتتى» دەپ يۈرىدۇ!

لېكىن، مەنمۇ بوش ئەمەس، مەيلى نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر نىيىتىمدىن يانمايمەن! دىلبەرنى قولغا كەلتۈرگىنىم كەلتۈرگەن! ئابدۇقاھار مەڭگۈ ئۇنىڭ خىلى بولالمايدۇ!

5

ئىشلار ئاخىرى مەن ئويلىغاندەك بولدى.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ياخشى مەكتەپلەرگە بېرىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماڭا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدىن چاقىرىق كەلدى. دىلبەرگە بولسا ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىكى بىر ئالىي تېخنىكومنىڭ فىزىكا كەسپىدىن چاقىرىق كەلدى. ئابدۇقاھار نەچچە نومۇرنىڭ كەملەپ قېلىشى سەۋەبلىك ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. ئۇنىڭ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ چوڭچىلىق قىلغانلىغا ھامان توياتتى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە تېرىسىگە سىغماي كەتكەنىدى. مانا ئەمدى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سالپايدى. شۇنداقتىمۇ دىلبەرنىڭ يۇرتىمىزدا قېلىپ، مېنىڭ ئۈرۈمچىگە كەتكىنىم پەقەت قاملاشمىدى. كىم بىلىدۇ، ئۇ ئوقۇش جەريانىدا باشقا باللار بىلەن ئارىلىشىپ قالامدۇ تېخى! شۇڭا مەن ئۇنىڭغا داۋاملىق خەت يېزىـ

شىم، توختىماي تېلېفون ئۇرۇپ، ئەھۋال سوراپ تۇرۇشۇم كېرەك، بولمىسا ئۇ يەنە قولۇمدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەمدى ھەر ھالدا ئابدۇقاھاردىن كېلىدىغان خەۋپ ئازايدى. دىلبەرمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغان، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىكارچى بالىنى ھەرگىز ياخشى كۆرۈپ قالمايدۇ. مەن مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتتە ئۇرۇمچىدىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىۋېلىپ، ئەسەرلىرىمنى كۆپلەپ ئېلان قىلدۇرۇشۇم كېرەك. ئەگەر شارائىت يار بەرسە ئوقۇشۇم پۈتكىچە بىرەر پارچە كىتابىمنى نەشر قىلدۇرۇپ، ساۋاقداشلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويىمەن تازا!

ئاخىر ئۇرۇمچىگىمۇ كۆنۈپ قالدىم. ئېخى بىر نەچچە ژۇرنالدا شېئىرلىرىممۇ ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن سىنىپتا يەنە تېزلا ئىناۋەت تىكلىدىم. بىزگە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دەرسى بېرىدىغان كۇرەش مۇئەللىممۇ ئانچە ـ مۇنچە بىر نىمىلەرنى يازاتتى. ئۇنىڭ بىر پارچە ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنىغانىدى. يېقىندا بىر ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇرۇپتىمىش. ئۇ يەنە مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ ئىجتىمائىي پەن قىسمىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئىدى. ئۇنجى قېتىملىق قىشلىق تەتىلگە قايتقاندا، ئۆيدىكىلەرگە يالغان ئېيتىپ يۈرۈپ، يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ سورتلۇق مېۋىلىرىدىن ئىككى خالتا ياڭاق تەييارلىتىپ، مەكتەپكە ئالغاچ چىقتىم. بۇ ياڭاقلار بىلەن كۇرەش مۇئەللىمگە كۆڭۈل قويماقچىدىم. شۇ كۈنى كەچتىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. تەلىيىمگە مۇئەللىم بار ئىكەن.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇئەللىم.

ـــ ھە... مۇختارمۇ سەن؟ قاچان كەلدىڭ؟

ـــ بۈگۈن چۈشتە كەلدىم. مۇئەللىم، سىزنىڭ ئازراق ئامانىتىڭىز بار ئىدى. شۇنى تاپشۇرۇپ بېرەي دەپ ئالدىراپلا كېلىشىم.

ـــ نېمە ئامانەت؟ كىمنىڭ ئامانىتى؟ ـــ ئۇ سەل جىددىيلىشىپ كەتتى.

ـــ سىزگە يۇرتىمىزدا بىرسىنىڭ ئازراق كۆڭلى بار ئىكەن، شۇنى ئالغاچ چىققانىدىم.

مۇئەللىم ئۇنىڭ ياڭاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر دەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، خالتىلارنى بالكوندىكى تام ئىشكابىنىڭ ئاستىنقى كۆزىگە جايلاشتۇرۇپ بولۇپ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ـــ كىم ئۇ؟ ـــ مۇئەللىم تېخىچە جىددىيلىشىۋاتاتتى.

ـــ مېنىڭ دادام...

ـــ نېمە؟

ـــ دادامغا سىزنىڭ يازغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى، مېنىڭمۇ سىزنىڭ ئىزىڭىزدىن مېڭىپ يازغۇچى بولۇش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئۇنداق كاتتا ئادەملەرنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارساڭ بولمايدۇ. يازغۇچىلىق دېگەن بەك ئۇلۇغ ئىش. بۇ ياڭاقلارنى ئاشۇ ئۇستازىڭغا ئالغاچ بارغىن، ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ، ئوبدان ئوقۇغىن!» دەپ بۇلارنى سىزگە ئەۋەتتى.

ـــ شۇنداقمۇ؟ ـــ مۇئەللىمنىڭ چىرايىغا بىر ئاز كۈلكە يۈگۈردى، ـــ داداڭ بەك ئوبدان ئادەم ئىكەن، مەندىن سالام ئېيتىپ قويارسەن.

ـــ ماقۇل.

ـــ سەنمۇ ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يېزىۋاتتىسەنغۇ دەيمەن؟ ـــ ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

ـــ ھەئە، قاملاشمىسىمۇ توختىماي يېزىۋاتىمەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ يېزىقچىلىققا قىزىقىپ قالغانىدىم. ئەمدى بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا سەۋىيەمنى كۆتۈرۈپ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغۇچە بىرەر كىتاب نەشر قىلدۇرۇش ئويۇم بار. كۆپرەك يول كۆرسەتەرسىز مۇئەللىم. بۇ مەكتەپتە سىزدىن باشقا قەلىمى پىشقان ئادەم يوق ئىكەن...

ـــ بولىدۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت يىگنە بىلەن قۇدۇق قازغانغا ئوخشاش مۇشەققەتلىك، ئەمما ئۇلۇغ ئەمگەك. يازغان ئەسەرلىرىڭ بولسا ماڭا كۆرسىتىپ تۇر. مەن پىكىر بېرىپ، ياخشىراقلىرىنى مەتبۇئاتلارغا يوللاپ بېرەي. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەررىرلەرنىڭ تولىسى مېنىڭ ئاغىنىلىرىم بولىدۇ.

ـــ ماقۇل مۇئەللىم، مەن ئەمدى سىز ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن لېنيە بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

ـــ ئەگەر كلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ باققان بولساڭغۇ ماقالەڭنى بىزنىڭ ژۇرنالدا ئۆزۈملا ئېلان قىلدۇرۇپ بېرەتـ

تىم. ھازىر قەيەرگىلا قارىساڭ شائىر، خۇددى قەلەم تۇتالايدىغان ھەممە ئادەم شېئىر يېزىۋاتقاندەك. شېئىرنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەن دېگەندەك، تەتقىقات تۈرىدىكى ئەسەرلەرگە قەلەم تەۋرەتكىن!

بىز يېرىم سائەتلەر ئەتراپىدا پاراڭلاشتۇق، بىر چاغدا تېلېۋىزور ئۈستىلىنىڭ يېنىدىكى ئەينەك تەكچىدە جىمجىت ياتقان قىزىل رەڭلىك تېلېفون سايراپ كەتتى. مۇئەللىم بىر مۇنچە ئۆزرە سۆزلىرىنى ئېيتىپ تۇرۇپكىنى قويغاندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلدى.

—كەچۈرگىن، مېنىڭ كەچتە قىلىدىغان ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى. سەن قايتىپ تۇرغىن. ۋاقتىڭ يەتسە ئۆينى بىلگەندىكىن كېلىپ تۇرارسەن.

—ماقۇل مۇئەللىم، سىزمۇ مەن قىلالىغۇدەك يۈگۈر-يېتىم ئىشلار بولسا ھايت دەۋېتەرسىز.

—بولىدۇ، ئەمدى ئەسەرلىرىڭنىمۇ ئالغاچ كېلەرسەن. خوش...

—خوش مۇ...

گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىپ بولغىچە مۇئەللىم تۆمۈر ئىشىكنى جاڭگىدە يېپىۋەتتى. «مۇئەللىم» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرى ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆرەش مۇئەللىمنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىدە زور بۇرۇلۇش بولدى. بىر نەچچە ئاينىڭ ئىچىدىلا مۇناسىۋىتىمىز يېقىنلىشىپ، ئاكا-ئۇكىلاردەك بولۇپ كەتتۇق. بۇ مۇناسىۋەت ئاخىر ئەمەلىي ئۈنۈمنىمۇ يارىتىپ بەردى. مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى ئىجتىمائىي پەن قىسمىنىڭ بۇ يىللىق ئىككىنچى سانىدا ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا يازغان بىر پارچە ئىلمىي ماقالەم ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ ماڭا ئىلگىرىكىدەك مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيىسىدە ئەمەس، بەلكى ھۆرمەت نەزىرىدە قارايدىغان بولۇشتى. راستىنى دېسەم ئۇ ماقالىنى ئۆزۈم يازدىممۇ دېيەلمەيتتىم. چۈنكى، ئۇ سىنىپتىكى ئوتتۇز ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق تاپشۇرۇق ماقالىسىنىڭ يىغىندىسى ئىدى. بۇ ئەقىلنى كۆرەش مۇئەللىم ئۆزى ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئىلمىي ماقالە دېگەن باشقىلارنىڭ كۆزقاراشلىرى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ يېڭى پىكىرلىرىڭنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئىدى. بۇنداق ماقالىلەردە پايدىلانغان مەنبەلەر قانچە كۆپ بولسا، ئېلىنغان ئۆزۈندىلەر قانچە دەبدەبىلىك ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولسا، شۇنچە ياخشى باھاغا ئېرىشەتتى. شۇڭا، مەنمۇ باللارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى كۆرەش مۇئەللىمگە تەكشۈرۈشۈپ بەرگەچ ئاشۇ ئەقىلنى ئويلاپ تاپقانىدىم ۋە شۇ كۈنىلا ئۇ دەپتەرلەرنى كۇتۇپخانىغا ئېلىپ چىقىپ، ھەممىسىدىن بىر بەتتىن ئېلىپ، بۇ ئەبجەش ئىلمىي ماقالىنى «يېزىپ» پۈتتۈرگەنىدىم.

تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي ماقالەمنىڭ تەسىرى مۆلچەرىمدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ تەتقىقات ساھەسىگە ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدىم. ھەتتا بۇ خۇشخەۋەرنى دىلبەرگىمۇ ئېيتىپ ئۈلگۈردۈم. ئۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلالماي بىر تال ژۇرنالنى پوچتىدىن ئۇنىڭغا ئەۋەتىۋەتتىم. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇ ئەسەرلىرىمنى كۆرۈپ تۇرۇشى، مېنىڭ قولۇمدىن چوڭ ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ماڭا تېززەك كۆڭۈل بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئىككىنچى ئوقۇش يىلى تولىمۇ كۆڭۈلسىز باشلاندى. چۈنكى، مەن ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان بىر يىل ئىچىدە ئابدۇقاھارمۇ ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا قايتا ئوقۇپ، بۇ يىل يەنە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپتۇ ۋە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، دىلبەر ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپتۇ.

ئۇ چوقۇم دىلبەرنى پايلاپ قايتا ئوقۇغان گەپ. بولمىسا قېرىشقاندەك دىلبەرنىڭ مەكتىپىدىن چاقىرىق كېلەمتى!؟ ئەمدى ئىككىسى بىر مەكتەپتە يالغۇز قالدى. ئۇلار نېمە قىلىشسا مەن بىلەلمەي يۈرىمەن. خەپ ئابدۇقاھار!

دىلبەرگە ئۇرىدىغان تېلېفونۇممۇ كۈنسېرى كۆپەيگىلى تۇردى. كۆپرەك كۆرۈشۈپ تۇرمىسام ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالاتتىم. بۈگۈن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىمۇ ئۇنىڭ ياتىقىغا يەنە تېلېفون ئالدىم.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم؟

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...

—ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

— خۇداغا شۈكرى، تېخى تۇنۇگۇنلا تېلېفون ئالغان ئىدىڭىزغۇ؟

— ئەمدى... سىزدىن ئەنسىرەپ...

— نېمىشقا؟

— ئابد... — ئۇشتۇمتۇت ئابدۇقاھارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشنى بىئەپ ھېس قىلىپ، گېپىمنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتىم. — شۇ... كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدىكەن...

— مۇختار، كۆڭلىڭىزنى ئاياپ تېلېفونىڭىزنى ھەر دائىم چىرايلىقچە ئېلىۋاتىمەن. يەنە ئارتۇقچە خىياللاردا بولسىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا تېلېفون قىلغۇچى بولماڭ! نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىز ماڭا بەش قولدەك ئايان.

— نېمىشقا ئالمىغۇدەكمەن؟ — بىردىنلا ئاچچىقىم تۇتتى، — سىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش گۇناھمۇ؟ بۇ ئىشقنى ياراتقۇچى ئىگەم ئۆزى ساپتۇ! بۇ ئۈچ يىلدىن بېرى مېنىڭ قانچىلىك دەرد تارتقىنىمنى سىز ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز! سىزنى كىمدە كىم مەندىن تارتىۋالماقچى بولىدىكەن، ئۇنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم دەپ بىلىمەن!

ئۇ ھېچنېمە دېمەيلا تېلېفوننى قويىۋەتتى. ئاچچىقىمدا تېلېفوننىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمۇ كارىم يوق، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە قايىنىدىم. لېكىن، بۇنداق قۇرۇق ھەيۋە بىلەن يىراقتىكى ئادەمنى نېمە قىلغىلى بولاتتى...

ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. مېنىڭچە ئابدۇقاھار ئۇنى ئۇندەككە كەلتۈرۈپ بولغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ماڭا ئۆچ بولۇپ قالغان گەپ. كۆڭۈل دېگەن مۇشۇنداق ساراڭ نەرسە ئىكەن. مەن تېخىمۇ تىرىشىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى چوڭقۇرلىشىپ بولغۇچە دىلبەرنىڭ قەلبىگە يېگىتلىك مۆھۈرۈمنى باسمىسام زادى بولمىغۇدەك!

6

— مۇختار، ساڭا تېلېفون!

شەنبىدىكى شېرىن ئۇيقۇمنى ھارام قىلغان تېلېفوننى تىللىغىنىمچە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى.

— ۋەي!

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇختارمۇ سەن؟

— ھەئە مەن، سىز كىم؟

— مەن ئابدۇقاھار.

— قايسى ئابدۇقاھار ئۇ؟

— سېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىڭ.

— نېمە؟ — بىردىنلا جۇدۇنۇم يەتمىش گەز ئۆرلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋالدىم، — تېلېفون ئۇرۇپ قاپسەنغۇ؟

— ئۇرسام بولمامدىكەن؟

— بولىدۇ! — مەن نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. ئازراقلا دىققەت قىلمىسام ئۇنى تىللاپ سالىدىغاندەك قىلاتتىم.

— مەن ھازىر دۆڭكۆۋرۈكتە، ۋاقتىڭ يەتسە كۆرۈشەيلى.

— سەن... سەن ئۈرۈمچىگە چىقتىڭما؟

— ھەئە، «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە پوۋېستىم «ياشلىق» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر سەھىپىسىگە قاتناشتۇرۇلغانىدى. باھالاشتا ئىككىنچى دەرىجىگە ئېرىشىپتۇ. مۇكاپات تارقىتىش يىغىنىغا تەكلىپنامە ئەۋەتىپتىكەن، شۇڭا كەلدىم.

— ھە... ياخشى... ياخشى بوپتۇ. مېنىڭ بۈگۈن مىجەزىم يوق، ئەتە كۆرۈشەيلى.

— مەيلى ئەمىسە، مەن ئەتە ئەتىگەندە مەكتىپىڭگىلا باراي بولمىسا. ۋاقتىدا دورا ئىچىپ، ئوبدان ئارام ئالغىن. خوش ئەمىسە...

— خوش!

تۇرۇپكىنى قانداق قويغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى.

ئۇمۇ بوش كەلمەپتۇ! ئۇ تېخى «تارىم»دا ئەسەر ئېلان قىلغۇدەك بوپتۇ! مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشىپتۇ! ئاھ... ئەمدى دىلبەر زادى كىمگە تەۋە بولۇپ كېتەر؟

بىر كۈننى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدۈم. گويا ئىچىمگە تىكەن كىرىپ كەتكەن، سۆڭەكلىرىمنى قۇرتلار غاجاۋاتقاندى. ئەمدى ئۆيدىكىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىغان پەيت يېتىپ كەلگەندەك قىلاتتى. دادام بىلەن ئانام دىلبەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە داستىخان ئېلىپ بېرىپ، ئىشنى توغرىلاپ قويمىسا دىلبەر چوقۇم قولۇمدىن چىقىپ كېتەتتى. قانچىلىك زىيان تارتسام مەيلى ئىدىكى، دىلبەر ئابدۇقاھارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتسە بولمايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇقاھار بىلەن كۆرۈشتۇم. كۆزلىرىمدىن جانىنى ئېلىپ ياندا قويىدىغان خەتەرلىك ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ناھايىتى سالماق، تەمكىن، خۇشال ئىدى. مەن جىددىي، سۇرلۇك، سوغۇق ئىدىم. ئۇ كېلىپلا مېنى قۇچاقلىدى. مەنمۇ ئۇنى چامامنىڭ يېتىشىچە قۇچاقلاپ سىقتىم.

— كۆرۈشمىگىلى بىر يىلچە بولۇپ قاپتۇ. سېنى بەك كۆرگۈم كەلدى، مۇختار...

— مېنىڭمۇ... — مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدىم. ئېيتمىدىم ئەمەس، ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇ تاپتا ئۇنى مۇشۇنداق سىققانچە مىجىپ تاشلىۋەتسەم، دىلبەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان كاللىسىنى ئۈزۈپ، كۆيدۈرىۋەتسەم، ئۇنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن توختىماي ئەسەر يېزىۋاتقان قولىنى چانىۋەتسەم، نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئويىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايتتى...

بىز تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت تەرەپكە بېرىپ تاماق يېدۇق. تاماق ئارىلىقىدا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پارچە رومان يېزىۋاتقانلىقىنى، قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە چوقۇم پۈتتۈرۈپ بولىدىغانلىقىنى، ئۇنى چىقىرىش ئۈچۈن مەلۇم بىر نەشرىيات بىلەن كۆرۈشۈپمۇ قويغانلىقىنى يوغانچىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئەرۋاھىم يەنە ئۇچتى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرمىدىم.

— سەنچۇ، مۇختار، ھازىر بىر نەرسە يازمايۋاتامسەن؟

ئۇنىڭ پولۇگىدە سورىغان بۇ بىمەنە سوئالىدىن جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، ئۇنى ئۇرغۇم كېلىپ كەتتى. لېكىن، بېلىق تورغا كىرىپ بولغۇچە ھەر قانداق خورلۇققا چىدىماي بولمايتتى.

— يېزىۋاتىمەن! — ئاۋازىم سەل قوپال چىقىپ كەتتى.

— ئەمىسە مەتبۇئاتلاردا ئەسەرلىرىڭنى كۆرمەيمەنغۇ؟

«كۆزۈڭگە بىر نەرسە كىرىپ كېتىپتۇ!» ئىچىمدە ئېيتقان بۇ گەپنى ئۇ مەڭگۈ ئاڭلىيالمايتتى.

— يېقىندا بىر پارچە تەتقىقات كىتابىم نەشردىن چىقىدۇ! يەنە بىر تارىخىي تېمىدا قەلەم تەۋرىتىۋاتىمەن. ئۇنىمۇ ئوقۇشۇم پۈتكۈچە نەشر قىلدۇرۇپ بولىمەن!

— ۋاھ...! ياخشى ئىشقۇ بۇ! ئەسلىي كەمتەرلىك قىلىۋېتىپتىكەنسەن ـ دە! مۇبارەك بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن!

ئۇ راستىنلا خۇشال بولۇپ كەتتىمۇ ياكى يالغاندىن شۇنداق دەۋاتامدۇ ھېچ بىلەلمىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرىمگە چىدىمايۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ تۇردۇم.

— دىلبەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتقانسەن؟! — ئىچىمدە مىڭ يىلداۋاتقان بۇ گەپ ئاخىر ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتتى.

— دىلبەر... — ئۇ دۇدۇقلىدى. بۇ دۇدۇقلاش ئۇنىڭ دىلبەرنى ئۆلگىدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئۆڭۈپ كەتتى، — دىلبەر بىلەن ئەمدى كۆرۈشەلمەيمەن، — ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

شۇملۇق...

چوقۇم بىرەر شۇملۇق يۈز بەرگەن گەپ!

— بىر مەكتەپتە تۇرۇپمۇ نېمىشقا كۆرۈشەلمەيسەن؟ — ئۇ تەنە قىلغىنىمنى سەزمىدى بولغاي بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى.

— ئۇ مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى...

— نېمە...؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ ئۇ قانداقسىگە مەكتەپتىن چىقىپ كەتكۈدەك؟!

كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى... يۈرىكىم دۈمباقتەك ئۇنلەشكە باشلىدى... ئۇنىڭغا تېلېفون ئالغان چاغلىرىمدا قارشى تەرەپتىن ئېرىشكەن «خاتا ئۇرۇپسىز!» دېگەن جاۋابنىڭ تېگىمۇ ئايدىڭلاشتى...

— سەنمۇ ئاڭلىماپسەن ـ دە، ئۇنىڭ مېگىسىدە يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بار ئىكەن. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئاپارمىغان دوختۇرخانا قالماپتۇ. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قاپتىمىش. دىلبەر ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇ مەخپىيەتلىكنى باشقىلارغا ئېيتماسلىقنى، بولۇپمۇ تولۇق ئوتتۇرىدا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنىڭ بۇ كېلىشمەسلىكنى بىلىپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغاچقا، مەكتەپمۇ بۇنى سىرتقا ئۇقتۇرماپتۇ.

— كېيىنچۇ؟ كېيىن قانداق بوپتۇ؟

— دوختۇرلار، ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەمدى كېلىدىن

ئۆتكىنىنى بېرىپ بېقىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ، ئائىلىسىگە قايتۇرىۋېتىپتۇ، — ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى، — ھەي، دىلبەرنى ئەمدى قايتا كۆرەلمەيمىز جۇمۇ ئاداش. قاراپ تۇرۇپ بىر ياخشى ساۋاقدىشىمىزدىن ئايرىلىدىغان بولدۇق...

— نېمە؟ سەنچۇ؟! — ئەسلىي «مەنچۇ؟» دەپ سورىماقچى ئىدىم، — سەن ئەمدى قانداق قىلىسەن؟

— مەن نېمە قىلاتتىم، ئوقۇشۇمنى ئوقۇيمەن شۇ، — ئۇ سوئالىمغا ھەيران بولغاندەك بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى.

— دىلبەرنى ياخشى كۆرەتتىڭغۇ؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ مەن قاچان ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن!؟ چاقچاق قىلمىغىنا مۇختار!

— راستىڭنى ئېيت، سەن ئۇنى ياخشى كۆرىسەن!

— سەن ساراڭ بولۇپ قاپسەن! مەن توي قىلىدىغان قىز تېخى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتىدۇ. مېنىڭ ئوقۇشۇم پۈتكىچە ئۇمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىكار بولىدۇ. مەن تويۇمنى شۇ قىز بىلەن قىلىمەن! بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم بولۇپلا قالماي، تېخى ئاتا ـ ئاناملارنىڭمۇ خۇشاللىقى!

— ۋاي خۇدايىم! بۇ نېمە كېلىشمەسلىك ئەمدى؟

ئىچ ـ ئىچىمدىن قاپساپ چىققان يىغامنى زادىلا توختىتالمىدىم. ئاھ دىلبەر، سەن راستىنلا ئۆلۈپ كېتەرسەنمۇ؟

— مۇختار، ساڭا نېمە بولدى، يىغلاپسەنغۇ؟

مېنىڭ ئىچىم گۇمانغا، ھەسەتكە تولۇپ كەتكەنىكەن. ئابدۇقاھارنى بىكاردىن ـ بىكارغا ئەيىبلەپ، رەقىبىم دەپ يۈرۈپتىمەن. دىلبەرنى ئەسلىدە ئۇ ئەمەس، مەن ياخشى كۆرىدىكەنمەن... تو ۋا قىلدىم خۇدايىم، مېنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىمنى قارا...!

— ئابدۇقاھار، — ئاۋازىم بوغۇلۇپ، قىيىنىلىپ چىقماقتا.

— نېمە؟

— مېنى كەچۈرگىن ئاداش، سېنى دىلبەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى مەندىن تارتىۋالماقچى، دەپ ئويلاپ كەپتىكەنمەن... ئەسلىدە...

— نېمە؟ دىلبەرنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن ـ دە؟

— شۇنداق...

ئۇ بىر ھازا جىمجىت تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك جانلىنىپ كەتتى.

— مۇختار...

— نېمە؟ ... — نېمىشقىدۇر مېنىمۇ نامەلۇم بىر خىل جانلىنىش ئىسكەنجىگە ئالغاندەك قىلدى.

— سەن رۇخسەت ئالالامسەن، بىز دەرھال يۇرتقا قايتىپ دىلبەرنى يوقلاپ قويايلى، يەنە ئىككىلىنىپ تۇرساق ئۇنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرەلمەيمىز...

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال چۈشەندىم ـ دە، ئۇنىڭغا جاۋابەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

قولۇم ئىختىيارسىز، ئۇدۇلۇمدىكى ئۇزۇن يىللىق مۇھەببەت «رەقىب»ىمنىڭ خۇددى قەلبىدەكلا ھارارەتلىك بارماقلىرىنى پۇشايمانلىق تۇيغۇسىدا چىڭ سىقتىم.

بارماقلارنىڭ چىڭ كىرىشىشى بىلەن تەڭلا، ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق يامانلىق، ھەسەت، پۇچەكلىك ياپراقلىرى گۈررىدە تۆكۈلۈپ كەتكەندەك بولدى...

※ ※ ※

ئالدىمدا نۇرانە بىر يول تۇراتتى...

بۇ يول ئېنىقكى، مېنىڭ ھاياتىمغا زور بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلگەن، ئىلگىرىكى چىركىنلىكلىرىمنى ئۆز مەرھەمىتى بىلەن يۇيىۋەتكەن، قەلبىمنى ئۆزىنىڭ پاكلىقى، گۈزەللىكى، مەڭگۈلۈكلىكى بىلەن بىرمۇ بىر زىننەتلەپ چىققان، بىر قىز ئۆزىنىڭ قىسقا، داۋراڭسىز، ئەمما مەن ئۈچۈن ناھايىتى مەنىلىك، بىغۇبار ھايات مۇساپىسى بەدىلىگە ماڭا قالدۇرغان يېڭى يول ئىدى...

بۇ يولنى تېزرەك تېپىۋېلىشىم ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن ياردەم بەرگەن، كېيىنكى ھايات مۇساپەمنى ۋە مەنىۋى تاللىشىمنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلغان دوستۇم ئابدۇقاھارمۇ، مېنىڭ بۇ يولدىكى بىردىنبىر سادىق ھەمراھىم ئىدى...

(ئاپتور: ئۈرۈمچى پاسئان ئۇيغۇر كىتابخانىسىنىڭ مەسئۇلى)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**



# ھەمراھ

تۇرغۇن مىجىت

(ھېكايە)

رول تۇتقاندىن بېرى ئۆزۈمنى بۆلەكچە مەغرۇر ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئاسپالىت ياتقۇزۇلغان تۈپتۈز يول خۇددى ئەجدىھانىڭ قارا تىلىدەك، ئالدىمدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. كۆزلىرىم ئالدى تەرەپكە مىختەك قادالغان، قارشى تەرەپتىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن كېلىۋاتقان ماشىنىلار گويا ماڭا سوقۇلۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكىم «قارت»تىدە قىلىپ قالىدۇ ـ دە، ئۆزۈممۇ ئۇ ماشىنا بىلەن قانداق يانداشىپ ئۆتكەنلىكىمنى سەزمەيلا قالىمەن. ياپونىيىدە ئىشلەنگەن «ئاق تۇلپار» ئالدىغا قاراپ توختىماي چاپىدۇ.

كېيىنچە بۇ خىل قورقۇنچ بارا ـ بارا يوقالدى. ئۆزۈمنى خېلى ئەركىن ھېس قىلىدىغان بولدۇم. ماشىنا يانىدىغان ۋاقىتىمدىمۇ سۈرئەتنى ئاستىلاتماستىن قويۇندەك ئۆتۈپ كېتىمەن.

ماشىنا ھەيدەش راستىلا قالتىس ئىش جۇمۇ. سىز ئالغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ھەممە نەرسىنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. يىراقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان مەنزىلمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالدىڭىزدا زاھىر بولىدۇ. ئۆزىڭىزنى خۇددى سىز يېتەلمەيدىغان مەنزىل يوقتەك ھېس قىلىسىز.

ھەي... ھەي...

كېتىۋاتىمەن، قۇشتەك ئۇچۇپ. دەرىزىدىن غۇرقىراپ كىرىۋاتقان شامال يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇپ، روھىمنى ئۇرغىتىدۇ. گويا شاماللار مېنى كۆتۈرۈپ كۆككە ئېلىپ چىقىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىمەن.

ئالدى تەرىپىمدە بىرىنىڭ توختىماي قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقى كۆزۈمگە چېلىقتى. ھازىر ئاپتوبۇسنىڭ تولالىقىدا يولدا ماشىنىسىغا چىقىدىغان ئادەملەر يوق دېيەرلىك. توختىماي دەپ ئويلىدىم، ھاكاۋۇرلۇق قىلغان بولۇپ قالماي يەنە دېدىم.

ئۇمۇ كۆزۈمگە تونۇشتەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپراق ماشىنىنى توختاتتىم. ئۇ ئارقامدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىشىككە ياماشتى.

ــ نەگە بارىسىز؟

ــ ناھىيە بازىرىغا، ــ دېدى ئۇ يېنىمغا چىقىپ جايلىشىۋېتىپ، ــ بۈگۈن ئاپتوبۇس دېگەن گۈينىڭ زىنى تويۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بىرىمۇ توختاي دېمىدى، ھەممىسىدە لىق ئادەم.

ئۇ يېنىنى ئاختۇرۇپ، تاماكىسىنى چىقىرىپ تۇتاشتۇرۇشقا تەمشەلدى.

ــ خاپا بولمىسىڭىز، تاماكا چەكمىسىڭىز بوپتىكەن، ــ دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ. ئۇ غەلىتە كۈلۈپ قويدى.

ــ ئەستاغپۇرۇللا، خۇمارىم يامانىراقتى... بوپتۇ چەكمەي. قارىغاندا يېڭىدىن تاماكا تاشلىغان ئوخشايسىزكەن ـ ھە؟

ــ ياق، مەن ئەسلىدىنلا تاماكا چەكمەيدىغان.

ــ ھە، مۇنداق دەڭ. ئۇنداق بولسا تۇتاشتۇرماي چىشلەپ ئولتۇراي.

ــ ئىختىيارىڭىز.

ماشىنىنى يۇقىرى خوتقا يۆتكەپ، مايىنى بىرلا دەسسىۋىدىم، ئۇچقاندەك چېپىشقا باشلىدى. چاقلارنىڭ قاراماي يولغا سۈركەلگەندىكى

شارقىرىغان ئاۋازى دەرىزىدىن ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاۋاز قانچە يۇقىرى چىققانسېرى شۇنچە مەغرۇرلىناتتىم، روھلىناتتىم. ئۆزۈمنى بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

—ئايىغى چاققان گۈيكەن بۇ،— دېدى ھەمراھىم خىيالىمنى بۆلۈپ،— يېڭى ئالغانمىدىڭىز ـ يا؟

—ياق، نىمكەش ئالغان.

—يېڭىدەكلا تۇرىدىكەن بولمىسا. كۈچىمۇ بېزە باركەن.

ئەگەر ئۇ مېنى ماختىغان بولسا ئوڭايسىزلىنىپ قالغان بولاتتىم، ئەمما ماشىنامنى ماختىۋېدى ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ قالدىم.

—ماشىنىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ — مەنمۇ ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدىم.

—ئانچىمۇ ئەمەس، شۇ تۆت چاقى بار نەرسىلەرگە بېزە قىزىقىپ قويىمەن.

—ماشىنا ھەيدىيەلەمسىز؟

—ياق، ئەمما ئۆلتۈرالايمەن.

ئۇ شۇنداق دەپلا كۈلۈپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈپ قويدۇم. ئەمدىلا گەپ باشلاي دەپ تۇرىۋېدىم، ئۇ ئەندىكىپ ۋارقىرىۋەتتى.

—ھوي ... دىققەت .... دىققەت قىلىڭ... ھارۋا...

ئالدىمدىكى ئېشەك ھارۋىسىنى ئاللىقاچان كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتىم. ئەمما، ئۇ ئۆزىچە مېنى دىققەت قىلمىدى دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، مەن ئۇ ھارۋىنى ئەپچىللىك بىلەن يانداپ ئۆتۈپ كەتتىم. ھەمراھىم بۇرۇلۇپ ئارقا دەرىزىدىن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇھ تارتىپ قويدى.

—ئەجەب قورقاتتىڭىزا، سوقۇۋېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم، بىر ئۈستىلىق قىلدىڭىز ـ دە.

—مېنى ئوخلاپ قالدى دەپسىز كەندە.

—ياقەي... ئەمدى... ئاگاھلاندۇرغانلىقىڭ زىيىنى يوققۇ.

—شوپۇرنى چۆچىتىۋەتسىڭىز خەتەرلىك.

—مۇنداق گەپمۇ بار دەڭ تېخى.

—ھەئە.

ئۇ چاقمىقىنى چىقىرىپ تاماكىسىغا ئوت ياقتى، بەلكى بايىقى ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويدۇم.

ئۇ پەرۋا قىلماستىن پۇرقىرىتىپ چېكىشكە باشلىدى. بىرتال چېكىپ بولۇپ، يەنە بىر تال تۇتاشتۇردى.

—سىز بۇرۇن بىر ئىدارىدە ئىشلىگەنمۇ نېمە؟ شۇنداقراق ئېسىمدە تۇرىدۇ ـ يا؟

—ھەئە، ئىشلىگەن.

—راست... راست... كۆرگۈنۈم راستىكەن. قايسى ئىدارىدە ئىشلىگەن ئىدىڭىز؟

—پوچتا ئىدارىسىدا.

—قالتىس ئىدارە جۇمۇ ئۇ. ئاڭلىسام پوچتىدا ئىشلىگەنلەرنىڭ مائاشى بەك يۇقىرىمىشقۇ؟

—ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس.

—ھازىر ئىشلىمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟

—شۇنداق.

—نېمىشقا ئەمدى؟

—شۇنداق توغرا كېلىپ قالدى.

ئۇ ئەپسۇسلانغاندەك ئۇھسىنىپ قويدى.

—بىر ئىدارىنىڭ نېنىنى يېيىشمۇ ئاسان ئەمەس بولمىسا.

ئۇ مېنىڭ ئەسكەرتىشمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، يەنە بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى ۋە ئىسلىرىنى ئالدىرىماي پۈۋلىگەچ گەپ باشلىدى:

—مەنغۇ ھازىر بىر دېھقان، ئەمما ئىلگىرى كادىرمۇ بولغان.

ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويدۇم. ئۇ دەرھال گېپىگە ئىزاھ بېرىشكە باشلىدى:

—ئۇنىڭغۇ رەسمىي كادىر دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. شۇ مەھەللە باشلىقى، ئېيتماققا كىچىكرەك بىر ئەمەل.

مەن داۋاملىق سۆزلەڭ دېگەندەك قىلىپ، بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

—ئەممازە نەچچە يۈز ئادەمنى ئېغىزغا قارىتىدىغان گەپ. دېھقان خەققە قاپاقنى تۈرۈۋپراق قويساقلا ئىش ئېقىۋېرىدۇ.

—مەھەللە باشلىقلىقىدىنمۇ ئۆسكەن بولغىيدىڭىز؟

مەن قەستەن گەپ كوچىلاپ قويدۇم.

ئۇ بىر دەم سۆزىنى توختىتىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تاماكىسىنى چىقىرىپ ئوت ياقتى.

ئۇنىڭ تاماكا چېكىش سۈرئىتى بەكلا يۇقىرى ئىدى.

—ئۆسكەنمۇ بولاتتىم، بىراق... ھەي...

— ئىشلىمەي تۇرۇۋاپسىز ـ دە؟

— ئىشلەشنىغۇ ئىشلىگەن، بىراق...

— ئىش ئۇڭغا تارتماي قاپتۇ ـ دە.

— شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، ھەممىنى قىلغان قادىر مۇدىر. ئۇ شۇنچە ئاگاھلاندۇرۇشۇمغا پەرۋا قىلماي نەپسىنى بەكلا قويىۋەتتى. نوچىلىقتا ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

قىزىق بىر ھېكايە ئاڭلايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنى رىغبەتلەندۈردۈم:

— ئۇنداقتا سۆزلەپ باقمامسىز. دەردىڭىزگە دەرمان بولالمىساممۇ، تەسەللى بېرىپ قويارمەن.

ئۇ قىسقىلا قېپقالغان تاماكىنى ئاۋايلاپ شوراشقا باشلىدى. تېقىمنى راسا بىر قاشلىۋالغاندىن كېيىن، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەھەللە باشلىقى بولۇپ ئۈچ يىلغىچە خېلى ياخشى ئىشلىگەنىدىم. ھوي... دىققەت... دىققەت... سەل ئاستىراق ھەيدەڭا، ئەجەب قورقتۇما. ھادىسىنىڭ كۆپ قىسمى ماشىنىنى تېز سۈرئەتتە ھەيدەشتىن كېلىپ چىقىدۇ جۇمۇ. شۇڭا دەيمەن، سەل ئاستىراق... ھە... مۇشۇنداق...

ھە، ئەمدى دېسەم مەھەللە باشلىقى بولۇپ ئۈچ يىلغىچە خېلى ياخشى ئىشلىگەنىدىم. گەرچە مەھەللە باشلىقى بولساممۇ، گېزى كەلگەندە مۇدىرنىڭمۇ بۇرنىدىن يېتىلەپ قويىدىغان يەرلىرىم بار ئىدى، — ئۇمۇ شۇلارنى دەۋېتىپ ئىپتىخارلىق ئىچىدە كۈلۈپ قويىدى، — چۈنكى ئۇ ساۋاتسىز ئىدى. يازىدىغان، خاتىرلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەن ئىشلەپ بېرەتتىم.

بىر يىلى كەنتىمىزنىڭ ئازراق يەرلىرى سۇ قۇرۇلۇشىغا توغرا كېلىپ قالدى. قۇرۇلۇش قىلىنغان يەرلەرنىڭ ئورنى بىزنىڭ مەھەللە تەۋەسىدە ئىدى. قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرگە يۇقىرىدىن پۇل بېرىدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق. بىراق، مەھەللىنىڭ ئىشلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇنى سۈيلەشكە ۋاقتىمىز چىقماي قالدى. تېرىلغۇ يەرلىرى قۇرۇلۇش ئورنىغا توغرا كېلىپ قالغان دېھقانلار بىر مەزگىل غەلۋە قىلغاندىن كېيىن، بېسىقىپ قالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يەنە باشقا يەرلىرى بار ئىدى. بىر يىلدىن ئاشتى دېگەندە يېزا باشلىقىمىز بىزنى چاقىرتىپ قالدى.

— سىلەرگە پۇل لازىم ئەمەسمۇ؟ — دېدى يېزا باشلىقى ئاچچىقلاپ، — كەنتىڭلار تەۋەسىدىكى سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن يەرلەر ئۈچۈن ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسى پۇل ئاجرىتىپ قويغانىكەن. سىلەر بارمىغاچقا، ھازىرغىچە ساقلاپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ۋاقتىدا ئېلىۋېلىڭلار.

يېزا باشلىقىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزىمىزنى يۇمالمايلا قالدۇق. يېزا باشلىقىغا خوش دېدۇقمۇ، دېمىدۇقمۇ بىلمەيمەن. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن چىققان پېتى كەنتكىمۇ قايتماي، ئۇدۇل ناھىيىگە باردۇق. دېگەندەك سۇ ئىدارىسىدىكىلەر پۇلنى تەييارلاپ قويغانىكەن. كۆپ ئاۋارە بولمايلا ئېلىۋالدۇق. قانچە پۇل دېمەمسىز؟ بىر يۈز نەچچە مىڭ يۈەن. ئاز پۇل ئەمەس جۇمۇ بۇ. راستىنلا ئاز پۇل ئەمەس.

گەرچە بۇ پۇللار ئومۇمنىڭ پۇلى بولسىمۇ، بىز بىراقلا بېيىپ كەتكەندەك، ئۆزىمىزنى تۇتالمايلا قالدۇق. پۇللا بولسا نېمە ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ دەيسىز. پەقەت مۇشۇ پۇل ئۈچۈنلا ئادەم ئەڭ يامان، پەسكەش ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ ئەمەسمۇ.

سومكىدا لىق پۇل، كوچىدا كېتىۋاتىمىز. كۆزلىرىمىز ئۆتكۈرلىشىپ، بوي ـ بەستىمىز يوغىناپ قالغاندەك، قەدەم ئېلىشلىرىمىزمۇ باشقىچە. ئىلگىرى كەلگەن ۋاقتىمدا دىققەت قىلمىغان بولغىيمىدىمكىن، ناھىيە بازىرى كۆزلىرىمگە تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. كوچىدا مېڭىشىپ يۈرگەن قىز ـ چوكانلارنى دېمەيسىز. ھەممىسى بەللىرىنى تولغاپ بىزگە قاراپ كۈلىۋاتقاندەك، ئەركىلەۋاتقاندەك. قايسى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزۈممۇ سەزمەستىن كېتىپ قالىمەن. قادىر مۇدىر ئاستا پېشىمدىن تارتىپ قويىدۇ. دەرھال توختىۋالىمەن.

— قورساق ئېچىپ كەتتى، ئېزىز قارى، تاماق يەيلىچۇ.

قادىر مۇدىرنىڭ ئەسكەرتىشى بىلەن تەڭلا قورسۇقۇمنىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. راست، بىز ئەتىگەندە ئۆيدە بىر چىنىدىن ئۇگرە ئىچكەنىدۇق. تا ھازىرغىچە تاماق يېمەي يۈرۈپتىمىز. سومكىدا لىق پۇل، قورساق ئاچ. مۇشۇمۇ بىر ئىش بولدى ـ دە.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدىم كوچىنىڭ قىرغىقىدىكى بىتون ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچ، — سىلىچە نېمە يېسەك بولار مۇدىر؟

مۇدىرى ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويىدى.

— قورساق نېمىدە تويسا شۇنى يەرمىز.

— قورساققۇ چامغۇر يېسەكمۇ تويىدۇ.

— ئەمىسە چامغۇر يەيلى.

ئىككىمىز تەڭلا قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ئېقىنىمۇ، قىزىلىنىمۇ؟

— ئەلۋەتتە قىزىلىنى ـ دە. چۈنكى، بىز ناھىيە بازىرىغا كىردۇق جۇمۇ، ئۆزىمىزنىڭ سەھرالىقلىقىنى چاندۇرۇپ يۈرمەيلى يەنە.

— ئۆيگە بارغاندا، خوتۇن كالپۇكۇڭ قىزىل تۇرىدۇ، دېسە نېمە دەرمىز؟

— مەنغۇ بويتاق بولغاچقا خاتىرجەم، سىلى ئېزىز قارى ئۆيگە كىرەلمەي قالارسىلەرمىكىن؟

— ئۆيگە كىرەلمىسەم خوتۇندىن يەنە بىرنى ئالارمەن.

ئىككىمىز كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە بىر ھازا ۋاقىتنى ئۆتكۈزىۋەتتۇق.

— بولدى، ئېزىز قارى، چاقچاقنى قويۇپ دەرھال تاماق يەيلى جۇمۇ. ھېلى بىكار كەم ماغدۇر بولۇپ يېقىلىپ قالىمىز بۇ كوچىدا.

بىز ئەڭ كاتتا تاماقخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ تاماق بۇيرۇتتۇق. ئالدىمىزدا پەلدىرلاپ يۈرگەن كۆتكۈچىلەرگە قاراپ ئۆزىمىزنى پادىشاھتەك ھېس قىلىپ قاپتىمىز. ھەي... ھەممىسى مۇشۇ پۇلنىڭ دۆلىتى ـ دە.

قورساقنى تويغۇزۇپ يەنە كوچا ئايلاندۇق. كوچىلار بىر ـ بىرىدىن كاتتا، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق. خۇددى بۇرۇن كېلىپ باقمىغاندەك تويماي قارايمىز.

— كېتەيلىمۇ؟ — دېدىم بىر كەمدە مۇدىرغا قاراپ، — كۈنمۇ كەچ بولاي دەپ قاپتۇ.

مۇدىرنىڭ كەتكۈسى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ سوئالىمغا پەرۋا قىلماستىن مېڭىۋەردى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. بىز كەچكىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئومۇمنىڭ پۇلىدىن تۆت ـ بەش يۈز يۈەننى خەجلىۋەتتۇق. مەن ھېسابنى قانداق توغرىلاش كويىدا باش قاتۇراتتىم.

كۈنمۇ كەچ بولدى. كوچا چىراغلىرى پال ـ پال ياندى. شەھەرنىڭ گۈزەل كېچىلىك مەنزىرىسى نامايان بولۇشقا باشلىدى. دوقمۇش ـ دوقمۇشلاردا كېچىلىك بازار قىززىپ كەتكەنىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

مەن مۇدىردىن سورىدىم.

— ئوينايمىز، — دېدى مۇدىر پەرۋاسىز ھالدا. ئالدى بىلەن كەچلىك بازارغا كىرىپ، بىر ئۇستەلگە ئورۇنلاشتۇق. يەپ ـ ئىچىپ بولۇش ـ بولالماسلىق بىلەن ھېسابلاشماي بىر مۇنچە نەرسىلەرنى بۇيرۇتۇپتىمىز. بىكارلىق پۇلنى خەجلىسە ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپمۇ قويماي دىغان گەپكەن.

شۇنداق قىلىپ، كەچلىك بازاردا تازا ھەمشەمەت سۈردۇق. بۇيرۇتقان نەرسىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئېشىپ قالدى. شۇ نەرسىلەرنى ئۆيدە يېگەن بولساق، بىرەر ئاي يېيىشىمىزگە يېتەرمىدىكىن دەپ ئويلايمەن ھازىر. ئەمما، كېيىنكى ھەشەمەتلىرىمىز بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

— ھوي ... دىققەت... دىققەت... تورمۇز قىلىڭ... ھارۋا...

ئۇ ھېكايىسىنى توختىتىپ، تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتكەچكە، مەنمۇ چۆچۈپ كەتتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ۋارقىرىشى ئاخىرلىشىپ بولغىچە مەن ھارۋىنى يانداپ ئۆتۈپ بولغانىدىم.

ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان 70 كىلومېتىردىن ئارتۇق بۇ يول مەھەللە ئارىلاپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، ھە دېگەندە ئات ـ ئېشەك ھارۋىلىرى پۇتلىشىپ تۇراتتى.

— سىز خاتىرجەم ھېكايىڭىزنى سۆزلەۋېرىڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

— توختاڭ، توختاڭ، — دېدى ئۇ يول بويىدىكى بىر كىچىك دۇكاننى كۆرسىتىپ، — تاماكا ئېلىۋالاي، — ماشىنا تېخى تۈزۈك توختىماستىنلا ئۇ سەكرەپ چۈشۈپ، پايپاسلاپ مېڭىپ كەتتى. ئەگەر ھېلىقى ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى دېمىگەن بولسام، بۇ بەڭگىنى مۇشۇ يەردىلا تاشلاپ كېتىپ قالغان بولاتتىم. شۇڭا، ئىلاجىسىز ساقلاشقا مەجبۇر بولدۇم. بىر كەمدە ئۇ بىر قاپ تاماكىنى ئېلىپ ماشىنىغا چىقتى.

— تاماكا بولمىسا كۈنۈم تەس، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ.

ئۇ بىر تال تاماكىغا ئوت يېقىپ، مەززە قىلىپ بىر نەچچە شورىۋالغاندىن كېيىن، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

— شۇنداق قىلىپ، كەچلىك بازاردا راسا ياشىدۇق. ئەمدى ئۇخلاشنىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك ئىدى.

— ئەمدى نەگە بارىمىز؟ سورىدىم مەن مۇدىردىن.

ئۇ بېشىنى قاشلاپ ئەتراپىغا قاراپ قويدى.

— نوچىراق يەرگە بارايلى.

ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىم. بىز ئېگىز ـ پەس دەسسەپ مېڭىپ، «قارلىغاچ تاغ كاتتا مېھمانخانىسى»غا باردۇق. قوش قاناتلىق ئەينەك ئىشىكتىن كىرىشىمىزگە چىرايلىق ئىككى كۈتكۈچى ئالدىمىزغا چىقتى. ئۇلارنىڭ مارجاندەك چاقناپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرى قولىمىزدىكى تومپۇيۇپ تۇرغان سومكىنغا چۈشكەندە، چىرايلىق باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ كەتتى.

— خۇش كېلىپسىز، ئاكىلار. ياتاق لازىممۇ؟

بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپلا قالدۇق.

— ھەئە.

— قانداق ياتاق لازىم؟

— ئەڭ نوچىسى.

— ئۇۋۇلىتامسىلەر؟

— مەيلى.

— ئەمىسە ياتاق رەسمىيىتىنى بېجىرىڭلار.

قىز بىزنى كاتتا بىر پۈكەينىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. پۈكەي ئالدىدا ئولتۇرغان يەنە بىر چىرايلىق قىز ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە تەزىم قىلدى. بىزنى باشلاپ كەلگەن قىز بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ تالۇن يېزىشقا باشلىدى.

— ئىككى يۈز سەكسەن يۈەن.

قىز تالۇننى ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.

مۇدىرنىڭ سومكىدىكى پۇللارنى ئۇلارغا قەستەن كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلدىمۇ، سىرتمىنى بىرلا تارتىپ سومكا ئېغىزىنى يوغان ئېچىۋەتتى ۋە باغلام ـ باغلام پۇللارنى مالتىلاپ يۈرۈپ، ئىككى يۈز سەكسەن يۈەننى چىقىرىپ، ھېلىقى قىزلارغا بەردى. پۇلنى كۆرۈپ قىزلار تېخىمۇ پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ھەتتا پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقاندا كېلىپ قولتۇقىمىزدىن يۆلەشۋالدى.

نېمە دېگەن كاتتا ئېھتىرام بۇ. ھەي... ھەي... ھەممىسى مۇشۇ پۇلنىڭ دۆلىتى ـ دە.

ئەتىسى ئۆزىمىزگە ئوخشمايلا قالدۇق. خېلىغىچە ئۇچىمىزغا كىيىممۇ كىيمەپتىمىز. نېمىشقا دەمسىز؟ ئاپتاپتا ئۆڭۈپ، توپا ـ چاڭدا پاتلىنىپ، ئىسكەتىنى يوقاتقان كىيىملەرنى قانداقمۇ كىيگىمىز كەلسۇن. بىز دېگەن ھازىر كىم!؟ مۇدىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مېھمانخانىدىن چىقتۇق ۋە مېھمانخانىنىڭ بېقىنىغىلا جايلاشقان سودا سارايىغا كىرىپ، ئېسىل كىيىملەردىن بىر يۈرۈشتىن سېتىۋالدۇق. ساتىراشخانىغا كىرىپ، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىمىزنى ياستىتىپ، مايلاتتۇق. مۇدىرمۇ قاچانلاردىن كىيىپ كېلىۋاتقان كەتمەن شەپكىسىنى تاشلىۋەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە كاتتا ئادەملەرگە ئايلاندۇق. تېلېفون بازىرىغا بېرىپ، بىردىن يان تېلېفون سېتىۋالدۇق.

— ئەمدى قايتامدۇق؟ — دېدىم سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ئوينايمىز، — دېدى مۇدىر كونا گېپىنى تەكرارلاپ.

مەنمۇ ئۇنىڭ شۇ گېپىنى كۈتۈپ تۇراتتىم.

— بولىدۇ، نەگە بېرىپ ئوينايمىز؟

— ئەڭ نوچى يەرگە.

شۇنداق بولدى. رېستوران، مېھمانخانىلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىغا باردۇق. قىزلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بىزگە ھەمراھ بولدى. ئومۇمنىڭ پۇلى غازاڭنىڭ، سامانىنىڭ نەرخىدە سورۇلۇشقا باشلىدى. كۈندە نەچچە مىڭلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان پۇللارغا پىسەنتمۇ قىلمىدۇق.

ئارىدا كەنتتىكىلەرگە بىر نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ قويدۇق.

«پۇل ئالماق تەسكەن، سۇ ئىدارىسىغا نەچچە كۈندە نەچچە ۋاق بېرىۋاتىمىز. ئاز قالدى، ھەل بولاي دېدى. مانا... ئەتە... ئۆگۈن...

شۇنداق ئويناپ يۈرۈپ ئون كۈنچە بولغاندا ناھىيە بازىرىدىن زېرىكتۇق. ھەممە نەرسە ئادەتتىكىچە تۇيۇلىدىغان بولدى.

— ۋىلايەتكە بارايلى، — دېدى مۇدىر.

ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان، يەپ ـ ئىچىپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرۈشتىن باشقىنى ئويلىمايتتى، مەن سەل ئەنسىرەپ قالدىم.

— ئەمدى قايتساقمىكىن، — دېدىم مۇدىرغا.

— تاز بولساڭ گەدەنگىچە، دەپتىكەن، — دېدى مۇدىر، — بەربىر خىيانەت قىلدۇق. تۈزۈك قىلايلى.

مەنمۇ قورقۇپ تۇرىمەن، ئەمما ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيمەن.

— مەيلى، — دېدىم مۇدىرغا ئەگىشىپ، — سىلى نېمە دېسىلە شۇ.

— ئەمىسە ۋىلايەتكە بارايلى.

— بارايلى.

شۇنداق قىلىپ ۋىلايەتكە باردۇق. ئويۇن ـ تاماشا ئەسلىي بۇ يەردىكەن. ئوينىدۇق، ياپىرىدۇق. يۇرت ـ مەھەللە، ئائىلە دېگەنلەر خىيالىمىزغا كېلىپ قويمىدى. بىراق، «يەرگە قونمايدىغان قۇش يوق» دەپ، يەنىلا كەنتكە قايتماي بولمايتتى. ئۇنىڭغىچە كەنتتىكىلەرمۇ تولا تېلېفون قىلىپ، ئارامىمىزنى قويمىدى.

ـــ ئەمدى قايتايلىمىكىن مۇدىر، ـــ دېدىم بىر كۈنى، ـــ ئۆيدىن چىققىلىمۇ بىر ئاي بولاي دەپ قاپتۇ.

مۇدىر خېلىلا يېرىملىشىپ قالغان سومكىسىنى مۇجۇقلاپ قويدى.

ـــ قايتساق قايتايلى.

شۇ كۈنىلا كەنتكە قايتىپ كەلدۇق. دېھقانلار يەنىلا ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئىدى. بىزمۇ چاندۇرماي ئۆز ئىشىمىزغا كىرىشىپ كەتتۇق. بەزىلەر ئۈستى ـ بېشىمىزغا گۇمان بىلەن قاراپ قويۇشاتتى. چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە شەھەردىن قايتىپ كەلگىلىمۇ بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى. شەھەردە سۈرگەن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭمۇ پەيزى يوقىلىشقا باشلىدى. ئەمما، يېڭى بىر غەم، ۋەسۋەسە باش كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى. گاھىدا ۋەھىمىلىك چۈشلەرنى كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. مەھەللىدىمۇ گەپ ـ سۆزلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

بىر كۈنى كەچتە مۇدىرنى ئىزدەپ ئۆيىگە باردىم. ئۇ چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرىسىغا يېتىپ، خىيالغا پاتقانىدى.

ـــ مەھەللىدە ئۇششاق گەپ ئاۋۇپ كەتتى، ـــ دېدىم مۇدىرغا سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ، ـــ قانداق قىلساق بولار؟

مۇدىر بىر ھازا زۇۋان سۈرمەي ياتتى. بىر كەمدە ئۈنتۈك بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپىغا ئەلەك ـ سەلەك قارىدى.

ـــ يېنىڭىزدىكى كىم ئۇ؟

مەن ھەيران بولۇپ يېنىمغا قارىدىم. يېنىمدا ھېچكىم يوق ئىدى.

ـــ كىمنى دەيسىز؟

مۇدىر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى.

ـــ ھە... يالغۇز كەلگەنمىدىڭىز؟

ـــ شۇنداق، يالغۇز كەلگەن.

شۇندىلا مۇدىرنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى.

ـــ مەنمۇ ئاڭلىدىم، ـــ دېدى ئۇ كۆزلىرىنى تۇرۇۋسقا تىككىنىچە يېتىپ، ـــ ئۇلار ھەر نېمە، ھەر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ. بىراق قورقمايمەن، ئۇلار نېمە قىلالايتتى؟

ـــ ئەمما، سېكرېتار...

ـــ ئۇنىڭغا ئۇن بەشمىڭنى بېرىۋېدىم ئاغزى بېسىلدى. بوغالتىرنىمۇ ئەپلىۋەتتىم. ئەڭ ياخشى يېرى ئۇلار ھېچقايسىسى بىزنىڭ نەچچە پۇل ئالغانلىقىمىزنى بىلمەيدۇ. سىز ئەنسىرىمەڭ، مەن بار.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەل خاتىرجەم بولدۇم.

ـــ شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلايلى، ـــ دېدىم ئاخىرىدا.

ئۇ ئىرەنسىزلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

كۈنلىرىم تەشۋىش ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

بىر كۈنى قېيناتام يېنىمغا چاقىرتتى. (مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كەتكەن) ئۇنىڭ چىرايى باشقىچە.

ـــ مەھەللىدىكى گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

ـــ قايسى گەپتىن؟

ـــ ئۆزىڭىزگە ئايان.

مەن ئۈندىمىدىم.

ـــ ئالغان پۇلنى دېھقانلارغا ۋاقتىدا بېرىۋېتىڭلار، بولمىسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. ئەگەر خىيانەت قىلىپ قالغان بولساڭلار...

ـــ نېمە خىيانەت ـ پىيانەتكەن ئۇ؟ پۇل ئەكىلىپ بەرگەن گۇناھىمغا شۇنداق بوھتانغا قالامدىكەنمەن.

ئۆزۈمنى تۇتالماستىن قېيناتامغا ئاچچىقلاپ سالدىم. راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ گەپلىرى يېغىرىمغا تېگىپ كەتكەنىدى.

ـــ ئۇلار دېيىشكەندەك بولمىسا تېخى ياخشى، ـــ دېدى قېيناتام، ـــ سىز خاتىرجەم، مەنمۇ خاتىرجەم. ئۇنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىقىرايدۇ ئەمەسمۇ.

مەن ئۈن ـ تىنسىز ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. قەدەملىرىم ئىختىيارسىز مۇدىرنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىپ قالدى.

بۇ قېتىم ئۇ ئۆزى يالغۇز ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ پاراكەندىدەك قىلاتتى.

— كېلىڭ... كېلىڭ... — دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، — يالغۇز ئىچكەن ھاراقنىڭ تازا مەزىسى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. كۆڭلۈممۇ ئاچچىق بىر نەرسىنى تارتىپ تۇراتتى. تۇزۇت قىلمايلا ئارقا-ئارقىدىن ئىككى رومكا كۆتۈرۈۋەتتىم.

— ئاچچىق ھاراق، داغ سۇ، — دېدى مۇدىر ئۇھسىنغان ھالدا، — باردا پولدۇرۇڭ، يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇڭ، دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ.

ئۇ ھېلىقى كۇنلەرنى سېغىنىۋاتاتتى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ ئۇكا، — دېدى ئۇ مۈرەمدىن تۇتۇپ، — تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشسىمۇ، يۆلىۋالغۇچىلىكىمىز بار جۇمۇ تېخى.

— سەل ئەنسىرەۋاتىمەن، مۇدىر.

— ۋائاي، نېمىدىن ئەنسىرەيسەن، بىز بار يەردە ساڭا نېمە غەم؟

— شۇنداق بولسىمۇ...

— بولدى، گەپ قىلماي ئىچە بۇنى.

يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ، يەنە بىر نەچچە رومكا ئىچىۋەتتىم. قېنىم قىزىپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.

— ماۋۇ سۈرەتتىكى قىز سېنى ئۇۋۇلاپ قويغان ھېلىقى باچكىغا ئوخشامدۇ نېمە؟ — دېدى مۇدىر قايسى بىر ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىنى ماڭا كۆرسىتىپ، — قارىسام يەنە سېنى كۆزلەپ تۇرغاندەك قىلىدۇ.

— ياقەي، كۆزلىرى سىزگە قادىلىپ قاپتىغۇ.

— ساڭا...

— سىزگە...

كۇلكە-چاقچاقلار بىلەن بىر ھازا چۇقان سېلىشتۇق. شۇ كۇنلەردىكى پاراغەتلىرىمىزنى ئەسلەشتۇق.

— ئاڭلىسام، بەزىلەر ئەرز قىلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ، — دېدىم مۇدىرغا قولۇمدىكى ھاراقنى سونۇۋېتىپ.

— نېمىگە ئەرز قىلىدىكەن؟

— ناھىيىدىن بەرگەن پۇلنى بىزنى يەپ كەتتى دەپ.

— پوق يەپتۇ، — دېدى مۇدىر زەردە بىلەن يەرگە شارتتىدە بىرنى تۈكۈرىۋېتىپ، — ئۇ پۇللارنى كەنتنىڭ نامىدا بانكىدا قويۇۋەتكەن تۇرساق.

— راست ئەمەسمۇ، ئۇلارمۇ-زە...

— ئىچە ئۇكا، قۇرۇق ھاراق بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىمىز.

— بىراق، مۇدىر...

— ھە نېمە؟

— ھېلىقى ئاشقان پۇللارنى ئۇلارغا تارقىتىپ بېرەيلىمىكىن دەيمەن.

— قېنى كۆرەرمىز. ئىچە...

نەچچە كۇن ئۆتۈپ، كەنتتە چوڭ يىغىن ئېچىلدى.

بىز يەپ-ئىچىپ ئېشىپ قالغان ئەللىك نەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇلارغا تارقىتىپ بەردۇق. بىراق، دېھقانلار ئانچە خۇش بولمىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار بىزگە يەنىلا گۇمان بىلەن قارىشاتتى. نېمىلا بولسۇن ئىش ئاخىرلاشتى دەپ ئويلاشتۇق.

كۆڭلۈم ئەمدىلا تىنجىپ تۇرىۋېدى، يەنە بىر شۇم خەۋەر كېلىپ بېشىمنى قايدۇرىۋەتتى. بىزنىڭ مەھەللىدىن بەش ئادەم ئەرز قىلغىلى تەييارلىنىۋېتىپتۇ. قولىغا پۇلنى ئېلىپ بولۇپ، يەنە نېمىگە ئەرز قىلىدۇ دەيمەن ئۇلار.

قەدەملىرىم يەنە مۇدىرنىڭ ئۆيى تەرەپكە چاپتى.

ئەتىسى بىزنىڭ مەھەللىدە يىغىن ئېچىلدى. يىغىن باشلىنا-باشلانمايلا قادىر مۇدىر چېچىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ۋۇ ياخشىلىق ياراشمايدىغان گۇيلار. نەچچە كۇن جاپا تارتىپ، ئاچ-توق يۈرۈپ پۇل ھەل قىلىپ كەلسەك، خۇش بولۇشنىڭ ئورنىغا بىزنى يامانلاپ ئەرز قىلىشماقچى بولۇشتىڭمۇ؟

توپ ئىچىدىن غۇدۇر-غۇدۇر ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— بىزنى ساراڭ كۆرۈپ...

— نېمىشقا ھېسابىنى ئېنىق كۆرسەتمەيدۇ.

— چوقۇم بىر ئىش بار.

— نېمە دەپ غوتۇلدىشىسەن؟ گېپىڭ بولسا ئوچۇق ئېيت مۇنداق، ئوغۇل بالىدەك.

شۇ ئارىدا بىرى ئورنىدىن تۇردى. ئۇ مەھەللىمىزدىن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، قايتىپ كەلگەن ياش دېھقان سەلەي ئىدى.

مۇدىر ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

— مۇدىر، بىز ساراڭ ئەمەس، — دېدى سەلەي، — يۇقىرىدىن قانچىلىك پۇل بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. سىز بىزگە ھېسابىنى ئېنىق كۆرسىتىڭ.

— پوقنى پەرەز قىلامتىڭ، — دېدى مۇدىر ئاغزىنى بۇزۇپ، — قايسى ھېسابنى كۆرسىتەتمەن؟ پۇلنى ھەر قايسىڭغا بەردىمغۇ.

— بىراق پۇل تولۇق ئەمەس.

— تولۇق ـ تولۇق ئەمەسلىكىنى مەن بىلمەي سەن بىلەمتىڭ؟

— بىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالار.

— نوچى بولساڭ ئەرز قىل، ئەنە ناھىيە.

خەپ دەپ قالدىم ئىچىمدە. مۇدىر ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىپ، ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىدىغان بولدى.

يىغىن كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى.

كۆڭۈلسىزلىك تېخى ئەمدى باشلانغانىدى. ئۇلار راستىنلا ناھىيىگە ئەرز قىلىشتى. قادىر مۇدىر گەپنى يوغان قىلىپ يۈرگەن بىلەن، ئۇمۇ قورقۇۋاتاتتى. كۆڭلىدە دېگۈدەك مەست يۈرەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئادەم كېلىپ بىزنى تەكشۈردى.

ئۇھ...

يېپىنىڭ ئۇچى چۇۋۇلمىسا ياخشى ئىكەن، بىرلا چۇۋۇلدىمۇ، ئاخىرى چىقماي قالمايدىكەن. ئۇلار ئۇنچىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈپ يۈرمەس دەپ ئويلاپتىكەنمەن. نېمىسىنى دەي، كۆمۈلگەن پوقنىڭ ھەممىسى چۇۋۇلدى. بىر يىل ئىلگىرى كەنتنىڭ ئايىغىدىكى جاڭگالدىن بىنام ئېچىپ، زېمىلىك ئالغۇزغانىدۇق. كولاش ماشىنىسىغا ھەر بىر مېتىر زېمىلىكنى يەتتە يۈەندىن كۆتۈرە بېرىپ، دېھقانلاردىن ئون ئىككى يۈەندىن پۇل يىغىۋالغان. بۇ قېتىم شۇ ئىشمۇ ئاشكارىلاندى. تەپتىش مەھكىمىسىدىكىلەر كولاش ماشىنىسىنىڭ خوجايىنىنى نەدىن تاپتىكىن، بىلمىدۇق. ئۇ ئالدىمىزغا كەلگەندە بېشىمىز ساڭگىلاپ كەتتى.

شۇجى بىلەن بۇغالتىر ئالغان پۇلنى قايتۇردى ۋە ئۇلارغا ئىنتىزام جازاسى بېرىلىپ، خىزمەتتىن بوشىتىلدى. مۇدىر بىلەن ئىككىمىز ناھىيىلىك قاماقخانىغا سولاندۇق. قاماقخانىنىڭ ئالدىدىكى چوڭلۇقتىكى ھور نېنى بىلەن بىر تەلەڭگە سۇيۇق سېيى ئالدىمغا كەلگەندە، ھېلىقى چاغدا يېگەن ـ ئىچكەن ئېسىل تائام ـ شارابلار كۆز ئالدىمدا پىرقىراشقا باشلىدى. شۇ چاغدا يېگەن ـ ئىچكەنلىرىم مانا ئەمدى بۇرنۇمدىن بۇلاق بولۇپ ياناماقتا ئىدى. ئاقىللارنىڭ: «قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

قاماقخانىدا يىغلاپ، قاخشاپ ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزدۈم. ئۈچ ئايدىن كېيىن، مۇدىر قولغا ئېلىندى. مېنى ئەيىپلەشنى كەچۈرۈم قىلىشتى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مەھەللىدە بېشىمنى كۆتۈرۈپراقمۇ يۈرەلمىدىم. يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا يامان كۆز بىلەن قارىشاتتى. ئىلگىرىكى سۈر ـ ھەيۋەمدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، مېنى كۆرسە دىر ـ دىر تىترەيدىغانلارنىڭ، ئەمدى بىر كىچىك بالا جېنىدا مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇشۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ گېپىدىن توختاپ تاماكا تۇتاشتۇردى. تۈرقى تولىمۇ بىچارىلىشىپ كەتكەنىدى.

— تۈگىدىما؟ — دېدىم ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماستىن.

— تۈگىدى، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — تۈگىمىسە بولامتى، ھېلىمۇ كۆپ ئازاب تارتتىم.

ئۇ جىمىپ قالدى. مەنمۇ جىمىپ قالدىم. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشىمنى ياكى نەپرەتلىنىشىمنى بىلمەيتتىم. تەسەللى بېرەي دېسەم، ئۇ جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلغان بىر قىزىل كۆز مېتە. نەپرەتلىنەي دېسەم، قىلمىشىغا يارىشا جازاسىنى يېگەن. يەنە كېلىپ، ئازمايدىغان ئىنسان يوق.

ماشىنا بىر خىل رېتىمدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولماقتا ئىدى. ئۆزۈم خۇددى شۇ ئىشلارنىڭ شاھىدىدەك، ھەر بىر ھالقىلارغىچە تەھلىل قىلاتتىم، باھا بېرەتتىم. ئاخىرى دېھقانلارغا بولغان ھېسداشلىقىم كۈچلۈك كەلدى. يېنىمدىكى ئادەم تولىمۇ يىرگىنىشلىك تۇيۇلدى. مەن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويدۇم. ئۇ ئاغزىنىڭ بۇرجىكىگە تاماكىسىنى قىستۇرغان ھالدا مۈگدەپ قالغانىدى. تۇرۇپلا ئۇنى ماشىنىغا سېلىۋالغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ قالدىم. ئەمما، بۇ ئۇچرىشىش بولمىغان بولسا، بۇ ھېكايىنىمۇ ئاڭلىيالمىغان بولاتتىم.

— ھوي... دىققەت ... دىققەت... ھارۋا...

ئۇنىڭ تۇيۇقسىز جەينەكلىشى مېنى قات-

تىق چۆچۈتىۋەتتى. قانداقلارچە رولنى قويۇۋەتكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن. ماشىنا قاتتىق چايقىلىپ كەتتى.

—ۋاي... چاتاق...

يەنە ئۇنىڭ شۇم ئاۋازى. چوڭلار «قاغا قاقىلدىسا شۇملۇقنى چىللايدۇ» دەپ يامان كۆرۈشىدىكەن. قاغىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، ئۇ بىر قۇش تۇرسا. بىراق، ئۇنىڭ شۇملۇقى دەل ئاۋازىنىڭ يېقىمسىز، بىمەھەل ۋاقىتتا قاقىلدايدىغانلىقى بولسا كېرەك. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى. ئەگەر ئۇ بېقىنىمغا جەينەكلىۋەتمىگەن، قالايمىقان، ئالا ـ تاغىل ۋارقىرىمىغان بولسا، بۇ كېلىشمىگەن شۇملۇقمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

ماشىنا يول بويىدا كېتىۋاتقان بىر ئېشەك ھارۋىسىغا قاتتىق سوقۇلدى. بىرىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم. جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازدىن كېيىن، ماشىنىنىڭ ئالدى ئەينىكى شاراقلاپ يەرگە قۇيۇلدى. ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتۈممۇ ياكى ئۆزۈمنى ئاتتىممۇ بىلمەيمەن. بىر دەمدە ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر ئولاشتى. ھارۋا نەچچە مېتىر نېرىغا قاڭقىپ كەتكەن بولۇپ، ئېشەك تېپىرلاپ ياتاتتى. ھارۋىدىن سەل نېرىدا بىر بوۋاي پۈكلۈنۈپ قالغان بولۇپ، پېشانىسىدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى.

بۇ شوپۇر بولغىنىمدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ھادىسىگە ئۇچرىشىم بولغاچقا، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتىمەن.

—ھوي ئۇكام، ئاۋۇ ئادەمنى يۆلىمەي نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟!

بىرىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ سەل ئېسىمگە كەلدىم. بېرىپ بوۋاينى يۆلەشتۇردۇم. خۇددى ماڭا قاراپ تۇرغاندەك، ئۇنى يۆلىشىم بىلەن تەڭلا بۇرنىدىن غۇرقىراپ سېرىق سۇ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بەكلا قورقۇپ كەتتىم. ئۇ ئۆلگەنمىدۇ؟ ناۋادا ئۆلۈپ قالغان بولسا... ئاھ...

—ئۇكام، ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرىۋەرمەي دەرھال دوختۇرغا ئاپىرىڭ، — دېدى بىر كىشى دولامنى ئېرىغىتىپ.

شوپۇر ـ شوپۇرنىڭ قاياشى دەپ، يەنە بىر شوپۇر ماشىنىسىنى ئېلىپ كەلدى. بوۋاينى خۇددى بالامنى قۇچىقىمغا ئالغاندەك قۇچاقلاپ ئولتۇردۇم.

بىر دەمدە ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدۇق. بوۋاينىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارقامدا گۇپپۇرلۇشۇپ يۈرەتتى. تەكشۈرۈش ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بوۋايدىن تۇنجى قېتىم زۇۋان چىقتى:

—ۋايىيەي...

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم جايىغا چۈشكەندەك بولدى. قارىسام ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ.

—مەن نەدە؟ — دەپ سورىدى ئۇ تەكشۈرۈش ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن.

—دوختۇرخانىدا.

—مەن نېمە بولدۇم؟

—سىزنى ماشىنا سوقۇۋەتتى، — دېدى بوۋاينىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى، — مانا، مۇشۇ يىگىت سوقۇۋەتتى.

بوۋاي كۆزىنى پىلدىرلىتىپ ماڭا بىر دەم قارىدى.

—ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن، بالام، — دېدى ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم.

—ئولتۇرغۇچ سۆڭەك سۇنۇپتۇ، — دېدى تەكشۈرگۈچى دوختۇر، — باشقا ئەزالىرى ساق.

«خۇداغا شۈكرى» دېدىم ئىچىمدە. بوۋاينىڭ كەيپىياتى بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. پەقەت تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ۋايساپ، ئىنجىقلاپ قوياتتى.

كۆڭلۈم سەل خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ھەمراھىمنىڭمۇ يېنىمدا بارلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بايىقى پاتپاراقچىلىقتا ئۇنىڭ نەدە قالغانلىقىنى بىلەنمۇ كارىم بولمىغانىدى. «ھەر نېمە بولسا مېنى تاشلىۋەتمەپتۇ» دەپ خۇرسەن بولدۇم ئىچىمدە.

بوۋاينىڭ كەيپىياتى ياخشىلانغانسېرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كەيپىياتى ناچارلىششقا باشلىدى. ئەسلىدە بوۋاينىڭ بىرەر بالىسىمۇ يوق، تەنھا ئىكەن. بوۋاي ھادىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، تۇغقانلىرى ئۇقۇپلا بۇ يەرگە چېپىپ كەپتۇ. ئۇلار بوۋاينىڭ ھايات قېلىشىدىنمۇ ئۆلۈپ كېتىشىنى بەكرەك ئارزۇ قىلىدىغاندەك تۇراتتى. چۈنكى، بەزى سۆزلىرى ئۇلارنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. ھەتتا بىرى تەپ تارتماستىن دوختۇردىن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىغانىدى. تۇۋا، «ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ياغ قاي-

غۇسىدا» دېگەن شۇ ئىكەن ــ دە! ياتاق رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ چىقىپ، ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىمگە ھەمراھىمنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

ــ چىڭراق تۇرۇڭلار، ــ دەۋاتاتتى ئۇ، بوۋاينىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىغا، ــ مۇشۇ بىر ــ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنىڭدىن پۇل ئۇندۇرىۋالمىساڭلار، ئىشنى توغرىلىۋالسا چاتاق، بىر فوڭ ئالالمايسىلەر. ھازىر ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغان پەيت. دېگىنىڭلارنى بېرىدۇ. ئۇ ئىلگىرى كادىر بولغان، پۇلى جىق.

غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلدى. بېشىم چىڭقىلىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدىكى ئوبرازى بىردىنلا كىچىكلەپ، ھەر خىل ھەييار قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگەن تۈكلۈك مايمۇنغا ئوخشاپ قالدى.

كۈتۈش ئۆيىگە كىرىشىمگە ھەممەيلەن جىمىپ قالدى، مەن چاندۇرمىدىم. ھەمراھىمغا قارىغانىدىم، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، چىرايىدا قىلچە ئۆزگىرىش يوق.

توۋا، ئۇ قىزىرىشنىمۇ بىلمەيدىكەن.

بوۋاينى ياتاققا ئورۇنلاشتۇردۇم. تۇغقانلىرىدىن بىرىمۇ دوختۇرخانىدا قېلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئۇنىمىدى. ئۇلار ھەر خىل باھانە ــ سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى.

ــ بوپتۇ، ــ دېدىم ئاخىرىدا، ــ ئاپالىم كېلىپ خەۋەر ئالسۇن.

ئۇلار ئۇندىمەي تۇرۇشتى. كۆزلىرى توختىماي ئۇستىبېشىمنى تىمىسقىلايتتى.

مەن سىرتقا ماڭدىم.

ــ نەگە؟ ــ دېدى ئۇلار تەڭلا چۇقۇرۇشۇپ.

ــ سىرتقا چىقىپ كىرەي.

ــ سىز بىلەن دېيىشىدىغان گەپ بار تېخى.

ــ نېمە گەپ؟

ــ تۆلەم بېرىدىغان ئىشچۇ؟

ــ نېمىگە تۆلەم بېرىمەن؟

ــ تاغامنى سوقۇۋېتىپ، يەنە نېمىگە دەيسىزغۇ؟

ئۇلارغا قاراپ چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدۇم.


ھەمراھىم يا ئۇلارنىڭ سېپىغا قوشۇلماي، يا ئارقامدىن ماڭالماي ئىككى ئوتتۇرىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ماڭا ئەگىشىپ دوختۇرخانىغىچە بىللە كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. ئۇ تولىمۇ غەلىتە خاراكتېرلىكى ئادەم ئىدى.

مەن بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

ــ ئېزىز قارى؟ ــ چاقىردىم ئۇنى، ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى، ــ ھېكايىڭىز بەك تەسىرلىك ئىكەن، ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتسە بۇلارغىمۇ سۆزلەپ بېرىڭ. چوقۇم ياخشى بولىدۇ.

ئۇ نېمىلەرنى ئويلىدى بىلمەيمەن. ئارقامدىن قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ قالدى.

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**



تۇرغۇن مىجىت 1972 ــ يىلى 12 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1990 ــ يىلىدىن باشلاپ ئەسەرلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ھازىرغا قەدەر ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا «ئاپەت» ناملىق بىر پارچە پوۋېست، 57 پارچە ھېكايە، 300 پارچە شېئىر، باللادا ۋە بىر قىسىم نەسر، ئوبزور، ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. «ئېتىقاد» ناملىق ھېكايىسى 1995 ــ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ــ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ھاراق ئېلانى» ناملىق شېئىرى «تۇرپان گېزىتى» تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «ساپال چىراغ» ناملىق ھېكايىسى 3 ــ نۆۋەتلىك «تارىم باھارى» ئادەبىيات مۇكاپاتى ۋە 15 ــ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ ھازىر ئاقسۇ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## تۇرسۇن ماخمۇت

# ئاققۇ ھەققىدە پاراڭ

ئۆيىنىڭ ئىچى تىمتاس ئىدى. كۈن چىقىپ يەنە پاتقۇچە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولۇپ، ئادەمنى ھاردۇرىۋېتىدىغان بۇ شەھەر سوزۇلۇپ يېتىپ، كۈندۈزى بولۇپ ئۆتكەن ھەر خىل ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. تاماكىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، بىراق تا ھازىرغىچە ئۇنى تاشلاشقا قۇربى يەتمەي، گاڭگىراپ يۈرگەن بىر كىشى يېرىم كېچىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي جىمجىت ئولتۇراتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش تاتلىق ئۇخلاپ كەتسە ياخشى بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس. ھازىر ئۇخلىيالمايدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ قالدى. تولا ئۇخلاش ياخشى ئىش بولمىسىمۇ، بىراق، ۋاقتى كەلگەندە ئۇخلىمىسىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم پەقەت ئۇخلىيالمىسا، ئۇنى ئاچ خىياللار يەپ تۈگىتىپ قۇرۇق سۆڭەككە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇ قولىدىكى تاماكىغا قاراپ بىر دەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى.

—سىزنىڭ خىيالىڭىزنى ھېچ بىلىپ بولالمىدىم، مېنى بىر قانداق كۆرۈپ قالغان بولسىڭىز، ئۆز يولىمىزغا ماڭساقمۇ بولىۋېرىدۇ.

—بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

—مەن ئىزدىمىسەم پەقەتلا كارىڭىز يوق.

ئادەملەر غەلىتىلىشىپ كەتتى. بىر ـ بىرىدىن ئېۋەن ئىزدەشنىڭلا كويىدا. كىچىككىنە باھانە تېپىپ ئۆزىنىڭ توغرا، باشقىلارنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسە، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. ھازىر بىر ـ بىرىنى ئوغرى مۈشۈكتەك كۆزىتىپ يۈرىشىدۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ بىرەر ئىشنى خاتا قىلىشىنى تەمە قىلىۋاتقاندەك، كۈتۈۋاتقاندەك، ئاۋايلاپ دەسسەپ، يېقىلماي ماڭىدىغان ئادەملەردىن بىزار بولۇپ كەتكەندەك...

—سىز كىچىك بالا ئەمەس، كىمنىڭ كىمنى ئىزدىشى مۇھىم ئەمەس، زۆرۈر تېپىلغاندا كۆرۈشۈپ تۇرساق بولىدۇ.

ھېلىقى گەپ راست بولۇشى مۇمكىن، ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر، بىلىپ تۇرۇپ چۈشىن چۈشكەن ئاشنى يېگەندەك كۆڭۈل ئارام تاپمايدىغان بىر ئىشقۇ بۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆلۈپ كەتمەيمەن. بىراق، ئۇ بولمىسا يالغۇزچىلىق تارتىپ قالىمەن. يالغۇزلۇق كىشىنىڭ روھىغا كونا تامدىن ئۆرلىگەن ئاچچىق چاڭدەك بېسىپ كەلگەندە، ھاياتنى سۆيۈش ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ. بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى يالغۇزلۇقتىن قېچىش ئەمەس، ئۇنىڭدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇش، قەلبىمىزدىكى ئاشۇ زەھەرلىك قۇرتنى بەرباد قىلىش. ئەمما، تەنھالىققا يەم بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كىشى يالغۇز قالسا بولمايدۇ.

—مەن ئاق قۇنىڭ رەسىمىنى سىزىدىغان بىرىنى تونۇيمەن.

—ئۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

—مۇشۇنداق گېپىڭىزدىن مەن بەك بىزار.

ئاق قۇ توغرىسىدا سۆزلىشىشنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ھازىر بىكاردىن ـ بىكار ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بىر كىملەر ھەققىدە تولا گەپ قىلىپ كۈننى كەچ

قىلغاندىن، ئاق قۇ توغرىسىدا سۆزلەشكەن ياخشى ئەمەسمۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئاق قۇنى كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئاق قۇ توغرىسىدا پاراڭ قىلىدىغانلار چىقىپ قالىدۇ. ئۇ نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن تېلېفوننى قولىغا ئالدى. مۇشۇنداق چاغدا بىرىگە تېلېفون بېرىشمۇ قاملاشمىغانلا بىر ئىش. ئۇ قوشنىسىنىڭ بىر چاغدىكى گەپلىرىنى ئەسلەپ قالدى. قوشنىسى بىر يىل بۇرۇن كۆچۈپ كەتتى. ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇنى شۇنىڭدىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقماپتۇ. نەچچە يىل قوشنا بولۇپ تۇز-تائام يېيىشكەنىدى. كۆچۈپ كەتكىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئادەممۇ بۇ تەرەپلەرگە يولاپ قويمىدى، ئۇمۇ ئىزدەپ قويمىدى. ھازىر تۇرۇپلا ئۇنىڭ يادىغا قوشنىسىنىڭ سۆزلىرى يېتىپ قاپتۇ. بىز نۇرغۇن ئىشلارنى قاملاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە داۋاملىق قىلىۋېرىدىغان، ھەم قىلىۋەرمىسەك بولمايدىغان جاھاندا ياشاۋاتىمىز. بىر ئىشنىڭ تەتۈرلىكىنى، يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە شۇ يولدا قىزغىنلىق بىلەن مېڭىپ كېتىۋېرىمىز. بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە داۋاملىق ياشاۋاتىمىز، دېگەننى مىسالغا ئېلىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزى ئەخمىقانە بىر گەپ بولۇپ قالىدۇ. تولىمۇ ئورۇق، يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينەكنى ئىچىدىن ئادەمگە غەلىتە كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئۇ كىشى مۇشۇ سۆزلەرنى قىلغاندا چالا مەست ئىدى. كۆرگەنلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭ تار ھەم قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ تۆت تېمىنىڭ ھەممىسى ئىشكاپلارغا لىق تىزىلغان كىتابلار بىلەن تولغانىمىش. قوشنىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى رەسىم سىزىدۇ دېسە، بەزىلىرى شېئىر يازىدۇ، دېيىشەتتى. ئۇنىڭ دېگىنى ھەققىدە يازغان بىر پارچە شېئىرى بار، دېيىشىدۇ. يەنە ئۇنى شېئىر ئەمەس، رەسىم دېگۈچىلەرمۇ بار. مۇشۇنداق تالىشىپ يۈرگىچە ئۇنىڭ ئۆزىدىنلا سوراش ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئولتۇرغان كۈنلەردە ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمەپتىكەن.

ئاشۇمۇ بولىدىغان ئادەمكەنتۇق. سالام سەھىتى جايىدا، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدىغان. مانا ئەمدى ئۇمۇ يوق، بىر كۈنلەردە مەنمۇ كۆچۈپ كەتسەم، قولۇم-قوشنىلاردىن بىرەرى مېنىمۇ مۇشۇنداق يېرىم كېچىدە ئەسلەپ قويارمۇ؟

تېلېفون ناھايىتى ئاستا ئۇلاندى. نېمىشقا تېلېفون قىلدىڭىز دەپ سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بەرگۈلۈك؟ تايىنى بار، چاك باسىدىغان بىلھانە تاپالمىدىم دەپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەسلىككە يەنە كۆڭلى ئۇنىمىدى. بىر كىملەر بىلەن كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى قىلىشىپ، خالىغانچە پاراڭلىشىشمۇ تەس بولۇۋاتىدۇ. ھەر قانچە يېقىن ئادەملەر ئارىسىدىمۇ يەنە مەلۇم بىر سوغۇق ئارىلىق ساقلىنىپ تۇرىدىكەن.

—خۇدا ھەققىدە ئەمدى تېلېفون بەرمەڭ.

ئۇ تېلېفوننى ئۇتقىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ، ئەجەب تۇڭ تېگىدىغۇ؟ تېرىككەك ئادەملەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتمەك نېمانداق تەس.

—خاپا بولماڭ، سىزنى كۆرگۈم كېلىپ...

ئەمىسە خوش.

—قاملاشمىغاندەك گەپ قىلماڭە، مېنى نېمىشقا كۆرگىڭىز كېلىدۇ سىزنىڭ؟ بىكاردىن-بىكار بۇنداق دەپ يۈرسىڭىز خەق ئۇقسا مېنى نېمە دەيدۇ؟

بىر قېتىملىق پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ كۆزەينەكلىك قوشنىسى ئاچچىق بىلەن:

—خەقلەرنىڭ ھازىر قىلىدىغان ئىشى يوق، ئۆزىنى قويۇپ، ساپلا خەقنىڭ پېيىدە يۈرگەن. بالىسىنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۆزى بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن خۇپىيانە ئىشلىرىنى دەپ بېرەلەيدۇ، — دېگەنىدى. ئۇ تولا ئاچچىقلىنىدىغان، جاھاننىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان ئىشلىرى ھەققىدە تولا قايىنايدىغان ئادەم ئىدى.

—خەق نېمە دەيتتى، كىم بىلەن كىم تېلېفوندا سۆزلەشتى، دەپ مارىلاپ يۈرىدىغان بىكار ئادەم يوق ھازىر.

ئۇ ئاچچىق بىلەن شۇنداق دەپ بولۇپ توختاپ قالدى. بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، بەزى ئادەملەر تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قالسا قالىدۇكى، باشقىلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشنى قازا قىلمايدۇ.

—يېرىم كېچىدىن ئاشتى، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويۇڭ، بولدى خوش، ئەمدى تېلېفون بەرمەڭ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چايداندىن قايناقسۇ قۇيۇپ ئۇستەلگە قويدى. ئۇستەلدە قېتىپ كەتكەن پارچە-پۇرات نانلار تۇراتتى. سائەت ئىك-

كىدىن ئېشىپتۇ. ھېچ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئۇنىڭغا نېمە دەپ تېلېفون بېرىپ يۈرگەندىمەن، بۇنداق سوغۇق گەپ ئاڭلاپ يۈرگەندىن ماڭا نېمە پايدا؟ ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ يۈرگەن ياخشى. بولدى، ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي، مۇشۇنداق قىلىۋەرسەم ئۆزۈمگىمۇ ياخشى بولمىغىدەك. زادى ئۇنىڭغا يېرىم كېچىدە تېلېفون ئۇرغۇدەك نېمە ئىشىم بار ئىدى مېنىڭ؟ تازا ئەخمەقنىڭ قىلقىغۇ بۇ. تېخى ئۇنى خىيالىمدا ئاق قۇغا ئوخشىتىپ كەتكەنلىكىمنى نېمە دەي.

نەم قاناتلىرىنى سىلكىتىپ سۈزۈك سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر جۈپ ئاق قۇ شۇ ھالدا نەدە بولمىسۇن جاھاننىڭ بىر يېرىدە ئۆز خىيالى بىلەن يۈرىۋاتقاندۇر. بىر جۈپ ئەمەس، مىڭلىغان ئاق قۇلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار بىز كۆرەلەيدىغان، بىز بىلىدىغان جايلاردا ئەمەس. يەنە شۇ ئاق قۇلار ئۆزلىرى ھەققىدە ئۇزاقتىن بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى مەڭگۈ يادىغا ئالمايدۇ. ھاياتنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە بىز ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ، دۇنيانى ئۇنتۇپ قالساق تېخىمۇ بولمايدۇ. ھاياتلىق ئالىمىدىكى تۈرلۈك يىرگىنىشلىك خام خىياللار، مەنلا بولسام دەيدىغان مەشئۇملۇقلاردىن خالىي ئاق قۇلارنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى ناھايىتى پاكىز بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇچۇنمۇ شۇنداق پاكىز يۈرەك بەك لازىم.

مەن قانداق ئادەم؟

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قانداقلىقىنى ئازراق بولسىمۇ بىلىدۇ. بىراق، ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكى ھەققىدە ئويلىنىپ باقماپتۇ. ھەتتا مۇشۇ كۈنگىچە ئۆزىنىڭ قايسى رەڭگە ئامراقلىقىنى، قايسى خىلدىكى كىتابلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، قانداق نەرسىلەرگە ئۆچلىكىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىكەن. بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ؟ بىر قېتىم كۆزەينەكلىك قوشنىسى بىلەن تاماق يەۋاتقاندا، ئۇ ئادەم تاماقتىن لازىنى ئىلغاۋېتىپ ئۆزىگە لازىنىڭ زىيان قىلىدىغانلىقىنى دېگەنىدى. بىراق، ئۆزىچۇ، نېمىنىڭ پايدا قىلىدىغانلىقىنى، نېمىنىڭ زىيان قىلىدىغانلىقىنىمۇ مۇشۇ كۈنگىچە دەپ بېرەلمەيدۇ. قايسى رەڭدىكى، قانداق پاسوندىكى كىيىملەرنىڭ ئۆزىگە يارىشىدىغانلىقىنى سورىسا تېخىمۇ جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ جاھاندا ئادەم ئۇچۇن بىلىۋېلىش زۆرۈر بولغان ئىشلار ھەقىقەتەن كۆپكەن.

سىرتتا بىر كىملەر جېدەل قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بىر ـ بىرىنى يەيدىغاندەك ئاچچىق بىلەن ۋارقىراشلار، خەپىلەشلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى، كىچىكىدىن تارتىپلا بىر كىملەر ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۆزىچىلا قورقۇپ كېتەتتى. خۇددى ئاشۇ جېدەل ـ ماجرا بىلەن ئۆزى مۇناسىۋەتلىكتەك، جېدەلنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزى بولۇپ قالغاندەك، ۋايىم يەپ كېتەتتى.

ئۇ يانفوننى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەم تېلېفون نومۇرىنى ئۆچۈرىۋېتىپ كۆڭلى تىنىغاندەك بولدى. بەلكىم ئۇنۇتقاق ئىدى. تېلېفون نومۇرىنى پەقەتلا ئەستە ساقلىيالمايتتى. بىرەر مۇھىم تېلېفون نومۇرى بولۇپ قالسا، يا تېلېفونىغا كىرگۈزىۋالاتتى، يا بولمىسا خاتىرىسىگە يېزىۋالاتتى. ھېلىقى كۆزەينەكلىك شائىر (ئۇ بەلكىم رەسسام بولۇشىمۇ مۇمكىن) بىر قېتىم ئۇنىڭغا:

— ئۇنۇتقاقلىق ياخشى ئىش ئەمەس، ئەمما ئۇنۇتقاق بولمىسىمۇ بولمايدۇ، — دېگەنىدى. مۇجمەل گەپ ـ سۆزلەرنى تولا قىلىدىغان ئۇ بۇرادەر مۇشۇ ھالدا يەنە قانداق خىياللارنى سۈرۈپ يۈرىدىكىن؟ نۇرغۇن ئادەملەرگە سۈرلۈك، سىرلىق تەسىر بېرىدىغان ئاشۇ كىشى كۈندە ئۇچراپ يۈرگەنلىرىدە ئەجەب ئۇنىڭ قەدرىنى قىلماپتىكەنمىز، ھازىر كۈندە دېگۈدەك يەپ ـ ئىچكەننىڭ، كىيگەننىڭ، ئوينىغاننىڭ پارىڭى بولىدۇ، ئۇنىڭدەك جاھاننىڭ ئوڭ ياكى تەتۈر ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەيدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئۇ بەزى ئىشلار توغرىسىدا قايناپ سۆزلىگىلى تۇرغاندا، قوشنىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۇنى كاللىسىنىڭ دەردى بار دېگەنلىرىنى ئاڭلىغانىدىم، يەنە ئۇنى ساراڭ دېگۈچىلەرمۇ بولغان.

مۇشۇنداق چاغدا نېمە دەپ ئۇرۇشۇپ يۈرىدىغاندۇ بۇ خەق، كۆزىگە ئۇخلىسا نېمە بولار. بىرەر چاتاق چىقمىسىلا بولاتتىغۇ.

ئۇ جىمجىت يېتىپ سىرتنى تىڭشىدى، بىر نەچچە ئەر كىشىنىڭ ھۆركىرەشلىرى، يەنە ئايال خەقلەرنىڭ قورقۇپ چىرقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. ئېغىزدىن چىقارغۇسىز گەپلەر. قانداق

نېمىلەر بۇ، بۇنداق سەت تىللاشقۇچە ۋالاق ـ ـ
ۋۇلۇق مۇشتلىشىپ، جېدەلنى بېسىقتۇرۇپ يو-
لىغا ماڭسا بولمامدۇ. خەقلەرنىڭ ئاغزى ئوت بو-
لۇپ كېتىۋېتىپتۇ. پۇت ـ قولغا ئەمەس، ئېغىزغا
كۈچەپ جاھاننى ھەيدەيدىغان كۈنلەر بولۇۋاتسا
كېرەك.

تام سائىتىنىڭ بىر خىل رېتىمدا چېكىل-
دىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تېلېفون ئۇشتۇمتۇت سايراپ كەتتى. ئۇ
ئۇيقۇلۇقتا چىراغنى ياندۇرۇپ تېلېفونغا قارىدى.
ئەمدى ماڭغا نېمە بولغاندۇ.

ــ بايىقى قوپاللىقىمنى كۆڭلىڭىزگە ئال-
ماڭ، بەكلا ئۇيقۇم كېپكېتىپتىكەن.

ــ يەنە نېمە بولدىڭىز؟ كۆرۈشمەيدىغان
بولغانغۇ؟

ــ مېنىڭمۇ ئۇيقۇم قاچتى.

ــ قانداق قىلىمىز، مېنىڭمۇ شۇ، ئەمدى
كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەپتىكەن. بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەت-
راپىدا بىر كىملەر جېدەل قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ راستلا ئۇيقۇسى كەلگەندەك قىلات-
تى. ئۇيقۇسى كەلسە كەلسۇن، ئۇيقۇ دېگەن
مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان نەرسە ئۇ. بىر دەم ـ يېرىم
دەم ئۇخلىمغانغا نېمە بولاتتى؟ ئۇيقۇسىز قې-
لىش، ئاچ قېلىش، يالغۇز قېلىش دېگەندەك
ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنچىلىك ئىشلارنى
ئېغىر ئېلىپ كەتكەن ئادەم كۆڭۈل ئاغرىقى تار-
تىپ ئىتتىكلا جۇدەپ كېتىدۇ. جاھان دېگەندە بىر
كۆزنى تولۇق يۇمۇۋېلىپ، يەنە بىرىنى يېرىم يۇ-
مۇۋالغان ياخشى. سەگەك، دانا بولۇپ ياشاش دې-
گەننىڭ ئۆزى قالتىس ئىش بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنداق قىلىشنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا بىر پاتمان
دەردى بار. بىراق، كۆز يۇمۇۋالىمەن دېپلا يۇمۇ-
ۋالغىلى بولىدىغان ئىش نەدە؟ كۆز دېگەن ئاجا-
يىپ نەرسە، ئۇنىڭ جان يىپى كۆڭۈل بىلەن
مەھكەم باغلىنىپ قالغان. بۇ يىپنى ئۈزىۋەتكىلى
بولمايدۇ.

ــ مەن بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كېتى-
شىم مۇمكىن.

ــ جۆيلىگەندەك گەپ قىلماڭ.

ــ جۆيلىمىدىم، راست دەۋاتىمەن.

ــ ئەمىسە بوپتۇ، بۇ دۇنيادا ئادەم دېگەن
تولا گەپ، بىرەر يېرىم ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى
بىلەن جاھان ھېچقانداق بولۇپ قالمايدۇ. يەنە
كېلىپ ھەر قانداق ئادەم چوقۇم بىرەر سەۋەب بى-
لەن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئۇ جىم بولۇپ قالدى. راستلا ئۆلۈپ كەتسەم
ئۇنىڭ ۋاي دەپ كەتمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇ-
رىدۇ. بەلكىم ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، ئىشقىلىپ
خەقنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇقۇپ بولغىلى بولماي-
دۇ، خەيرىيەت، نېمە بولسا بولار.

ــ سىز ئاق قۇغا ئوخشايسىز.

ــ ئەمدى بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭىز، نې-
مىدەپ مېنى ئاق قۇغا ئوخشايسىز، دېگۈڭىز كې-
لىپ قالدى. مەيلى، نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، بۇ
ئانچە مۇھىم ئەمەسقۇ.

تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق دېگىنى مۇشۇ بولسا
كېرەك. ھازىر خەقلەر نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى
دەيدىغان بولۇپ كەتتى. قاغىنى سۈتتەك ئاق دەپ
بىر كىملەرنى ئىشەندۈرگىلى بولىدۇ. گەپنىڭ
تولىلىقىدىن خەقلەر ھازىر قايسى گەپنىڭ راست،
قايسى گەپنىڭ يالغانلىقىنى بىلەلمەيدىغان بو-
لۇپ قالدى. بىر قارىسا ھەر قانداق گەپ ـ سۆزنىڭ
راست ـ يالغانلىقىغا ھېچكىم قىزىقماس بولۇپ
قالغاندەك قىلىدۇ. شۇنداقلا زەن سالساڭ راست
بولسا نېمە بوپتۇ، يالغان بولسا نېمە بوپتۇ، دەپ
ئويلايدىغاندەك. خۇددى بۇ جاھاندا بولۇۋاتقان
گەپ ـ سۆز ۋە روي بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ قانداق
بولۇشى ھېچكىم بىلەن ئالاقىسىزدەك.

ــ سىرتتا خەقلەر جېدەل قىلىۋاتىدۇ. بى-
رەر يېرىمى مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتا ئۆلۈپ كەت-
مىسىكەن دەيمەن.

ــ يەنە شۇ گەپمۇ، بولدى قىلىڭا، مەن ئاق
قۇنى كۆرۈپ باقمىغان.

ــ راستمۇ؟ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ مەن سىزنى
كۆرگەن ـ بىلگىنى بەك كۆپ بولسا كېرەك، دەپ
ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن.

ئۇنىڭ كۆرگەن ـ بىلگىنى چوقۇم ئاز ئە-
مەس، بىراق ئادەم دېگەن نېمە بولسا بولسۇن دەپلا
ياشاۋەرسە، ئۇ بۇ دۇنيادا مىڭ يىل ياشىسىمۇ
نەچچە ياشلىق گۆدەككىلا ئوخشايدىغان گەپ.
قىرىق ياشقا كىرىپمۇ تۈنۈگۈننى ئەسلەپ باقمى-
غان، ئەتىسى بىلەن كارى يوق، بۈگۈن پەرۋاسىز
ياشايدىغان ئادەملەر ساماندەك. خەقنى ئەيىپلىمەك
ئاسان، ئۆزۈڭگە نەزەر سالماق بەسى مۈشكۈل بىر
ئىش.

ــ ئۇ قانداق نەرسە؟

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن.

ــ راستلا بىلمەمسىز يا مېنى ئەخمەق

قىلىۋاتامسىز؟ مېنىڭ ئاق قۇنى كۆرمىگىنىم راست.

—مېنىڭمۇ شۇ، ئۇنى كۆرمىگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ، بەك پۇشۇقۇنۇپ كەتمەڭ.

—مېنىڭ دېگىنىم، سىز بىلمەيدىغان تۇرۇپ نېمە دەپ مېنى ئاق قۇغا ئوخشىتىپ يۈرىسىز؟ مۇشۇنداق قىلىۋەرسىڭىز سىزگە بولغان ئىشەنچىم يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئۇ ئەسلى ھە دەپلا قويسا بولىدىغان ئىشقا نېمانچە ئېسىلىۋالىدىغاندۇ؟ كوچىلاپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھەممە نەرسىگە مۇشۇنداق ئەستايىدىل بولۇپ كەتسە ياشىماق تەسلىشىپ كېتىدۇ. ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشىنەلمەي يۈرىۋاتسام ئۇنىڭ ماڭا ئىشىنىشىنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق. دەرد تارتماي ياشاي دېسەڭ ھاڭۋاقتى بولۇۋالغانغا يەتمەيدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ خىلدىكى زادى قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرىپ كەتكىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ سىرتتا نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ناشايان قىلمىشلىرى بولسىمۇ بېرىپ ياقىسىدىن ئالغىلى بولمايدۇ، ئاچچىقنى يۇتماي چارە يوق.

—مېنىڭ قوشنام بار ئىدى، ئۇ دېڭىزنى كۆيلەپ شېئىر يازدى.

—ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، بۇ خەقنىڭ ئىختىيارى.

—سىز بىلمەيسىز، ئۇ ئۆمرىدە دېڭىزنى ئەمەس، چوڭراق كۆلنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بىر بەندە. ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ.

—بۇنىڭ ئاق قۇ بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

—شۇ ئاق قۇ توغرىسىدا گەپلەشمىسەك بولمامدۇ؟ بولدى ئۇخلايلى.

—مەن سىزنىڭ تولا ئۇخلايدىغان خۇيىڭىزغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم.

—سائەتنىڭ نەچچە بولۇپ كەتكىنىنى بىلمىدىڭىزمۇ؟

—نەچچە بولسا بولمامدۇ، چوقۇم سائەت مانچىدە ئۇخلا دەيدىغان بەلگىلىمە يوققۇ.

تېلېفوندىن گىژىلدىغان ئاۋاز كېلەتتى، سىرتتا بىر كىملەرنىڭ بىر ـ بىرىنى جان جەھلى بىلەن تىللاۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. ئانىسنى چىشلەپ تارتىپ ئادەم تىللايدىغان ناكەس قىلىق قايسى زاماندا پەيدا بولغان بولغىيتتى؟ بىر كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى قويۇپ مۇشۇ مەيداندا يوق ياكى مۇشۇ جېدەل بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان خەقنىڭ ئانىسىنى تىللاپ يۈرۈشنىڭ زادى قانداق ئىشلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

—مۇشۇنداق تالىشىپ يۈرگەننىڭ سىزچە بىرەر ئەھمىيىتى بارمۇ؟

—مەنمۇ ئۇقمىدىم.

—مەنغۇ ئۇقمىدىم. ھە راست، سىز ئاق قۇنىڭ رەسىمىنى كۆرمىگەنمۇ، ئەگەر بولىدۇ دېسىڭىز مەن ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزگە كۆرسىتىپ قوياي.

—ياق، كۆرمىگەن، مەن ئۇنى نەدە يۈرۈپ كۆرىمەن، كۆرگۈممۇ يوق.

قەدىمكى ئادەملەر تاملارغا، تاشلارغا، قىيالارغا تۈرلۈك جانلىقلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ قويۇپتىكەن. يەنە تاشتىن، ياغاچتىن، مىس، تۇچ دېگەندەك نېمىلەردىن ئادەملەرنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساپ كەلگىنىگە بەك ئۇزاق زامانلار بولدى. شۇ زاماندىكى ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنىڭ بائىسى نېمە بولغىيدىكىن؟ بۇنى بىكاردىن ـ بىكار ياكى زېرىكىپ شۇنداق قىلغان دېسە قاملاشمايدۇ. ياراتقان ئىگىسى ئادەمنىڭ كۆڭۈل ئالەمىنى ئاجايىپ سىر ـ ئەسرارلارغا ھامىلدار قىلىپ بارلىققا كەلتۈرگەنىكەن. نەچچە ئەسىرلەر بۇرۇنقى، بىز ھازىر تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەن ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئاق قۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ باققانلىرىمۇ بارمىدىكىن؟ ئاشۇ دەۋرلەردىمۇ بەلكىم مېنىڭ كۆزەينەكلىك قوشنامغا ئوخشاش ئادەملەر بار بولغىيدى. بۇ جاھاندىكى نۇرغۇن قالتىس ئىشلارنى ناھايىتى ئاز ئادەملەر قىلىدۇ.

—مېنىڭ ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ.

—مېنىڭمۇ شۇ، سىز ئۆيدە يالغۇزمۇ؟

—ھەئە، بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

—مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ.

ئادەم دېگەن مۇشۇنداق نەرسە، ئۆز كۆڭلىدىكىنى بىر ئۆمۈر يوشۇرۇپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدىغان. كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. يۈرەكلەر سىقىلىپ، بېسىلىپ، شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتىمىكىن دەيمەن.

—نېمىدەپ باشقىچە چۈشەنگىدەكمەن؟ سىز مەندىن بىرەر نەرسىنى تەمە قىلىۋاتىدىـ

غانسىز؟

—نېمىنى تەمە قىلاتتىم، قىزىقچىلىق قىلماڭ. مەن تەمەخورلۇققا ئەڭ ئۆچ.

تام سائىتىنىڭ چىكىلدىشى يەڭگىل ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ سائەتكە ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ ھەر بىر چىكىلدىشى ئەمەلىيەتتە مېنىڭ بىر دەقىقە، بىر سېكونت ئۆمرۈمنىڭ تۈگەپ ئۆلۈمگە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىمنى چۈشەندۈرىدۇ، تۈنۈگۈن كۆرگەن گېزىتتە يېزىلىشىچە، قارا تەنلىك بىر ئاداش ئىككى يۈز مېترغا يىگىرمە سېكونتقىمۇ يەتمەيدىغان ۋاقىتتا يۈگۈرۈپ بوپتۇ. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا بۇ خەۋەردىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولاتتىم. شۇ ھاياجانلىنىش ئىچىدە مەن چوقۇم: «بۇ ئىنسانلارنىڭ ۋاقىتنى بويسۇندۇرۇش جەھەتتىكى بىر غەلىبىسى» دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىدىغانلىقىم ئېنىق ئىدى. ھازىر نى ـ نى قالتىس ئىشلار بولسىمۇ، پەقەت ئېرەنشىمەيدىغان بولۇپ كەتتىم. بۇ روھىمنىڭ قېرىپ بىر يەرگە بارغانلىقىدىنمۇ ياكى تولا ئىشلارنى كۆرۈپ، نۇرغۇن ئىشلارغا ۋاي دېمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىمدىن بولغانمىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئىشلارغا پەرۋا قىلماسلىقمۇ روھنىڭ قېرىپ كەتكەنلىكىگە بىشارەت بولۇشى مۇمكىن.

—بۇ جەھەتتە ئوخشاش ئىكەنمىز. سىز ئاق قۇ دېگەننى راستلا كۆرمىگەنمۇ؟

—شۇنداق، راست كۆرمىگەن، بىر كۈنى بىر كۆرۈپ كەلسەك بولغۇدەك.

—ئۇنى نەدىن تاپىمىز؟

—ئىشقىلىپ ئاق قۇ دېگەن گەپ چىققانىكەن، ئۇ بار نەرسە بولۇشى مۇمكىن.

—بار بولغانلىكى نەرسىنى تېپىپ كۆرەلىشىمىز ناتايىن.

نەم قاناتلىرىنى سىلكىپ سۈزۈك سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر جۈپ ئاق قۇ شۇ ھالدا نەدە بولمىسۇن جاھاننىڭ بىر يېرىدە ئۆز خىيالى بىلەن يۈرىۋاتقاندۇ. بىر جۈپ ئەمەس، مىڭلىغان ئاق قۇلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار بىز كۆرمەلەيدىغان، بىز بىلىدىغان جايلاردا ئەمەس، يەنە شۇ ئاق قۇلار ئۆزلىرى ھەققىدە ئۇزاقتىن بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى مەڭگۈ يادىغا ئالمايدۇ. ھاياتنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە بىز ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ، دۇنيانى ئۇنتۇپ قالساق تېخىمۇ بولمايدۇ. ھاياتلىق ئالىمىدىكى تۈرلۈك يىرگىنىشلىك خام خىياللار، مەنلا بولسام دەيدىغان مەشئۇملۇقلاردىن خالىي ئاق قۇلارنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى ناھايىتى پاكىز بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۈچۈنمۇ شۇنداق پاكىز يۈرەك بەك لازىم.

—ئەمدى ئۇخلايلىمۇ؟

—ئۇخلىيالامسىز؟

• —نېمىلا بولمىسۇن ئۇخلىماي بولمايدۇ.

سىرتتا ئۇرۇشۇۋاتقانلارنىڭ جېدەللى ئەۋجىگە چىققاندەك قىلاتتى. ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلىرىنىڭ بەكمۇ سەتلىكىگە قاراپ بۇلارنىڭ ھەممىسى مەست بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. بىر نەچچە ئايالنىڭ چىرقىراشلىرىمۇ كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. كۆزەينەكلىك قوشنىسى ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن: ئايالار ئىچىدىن بۇزۇلۇپ كەتتى. ئەركەكلەر كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقىغا يارىمايدىغان بولۇپ قالدى.

—خەقلەر ئۇرۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ، پىچاقلىشىپ كېتەمدىكى دەپ قورقۇپ قالدىم.

—نېمە بولسا بولمامدۇ، بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟

—نېمە كارىمىز دېگىنىڭىز بىلەن، ئالىمادىس بىرەرى ئۆلۈپ تارتىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

—بىرەرىنىڭ ئۆلگۈسى كەلگەن بولسا، سىز بىلەن مېنىڭ ھەر قانچە غەم يېگىنىمىز بىلەن بىكار، ئۆلۈۋېرىدۇ.

—باغرىڭىز بەكلا قاتتىقكەن. ئۆلۈم دېگەن گەپنى ئاڭلىساممۇ يۈرىكىم جىغىلدايدۇ مېنىڭ.

—قورققاننىڭ نېمە پايدىسى؟

راست، قورققاننىڭ نېمە پايدىسى؟ بىراق، بۇ ھاياتنىڭ ھەر قەدەمدە بىزلەر تۈرلۈك تۈمەن قورقۇنچلاردىن نېرى بولالماي ئۆتىمىز.

—نەدە بىر گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز. ھەممە ئىشنى پايدىنى دەپلا قىلىدىغان ئىش نەدە؟ قورقۇشنىڭ پايدىسى بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا قورقىدىغان گەپ. توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟

ئادەم دېگەن بۇ نەرسە مەڭگۈ پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ، شان ـ شۆھرەت، راھەت ـ پاراغەتنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ، ھايات بىزگە ئۆز ئەمەلىيىتى

بىلەن پۇل، دۇنيانىڭ ئاخىرىدا توزغاقتەك توزۇپ كېتىدىغانلىقىدىن، نام ـ شۆھرەتنىڭ چاڭ ـ توزاندەك يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن ساۋاق بەرگەن، شۇنداقتىمۇ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ سېھرىي كۈچى بىزگە پەقەت ئارام بەرمەيدۇ.

—بايا سىز دېگەن ئاق قۇ زادى قانداق نەرسە ئۇ؟

—ئۇ بىر قۇش، ئىسمىدىن قارىغاندا رەڭگى چوقۇم ئاق بولۇشى مۇمكىن.

—ناتايىن، نەدە ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ماس كېلىۋېرىدىغان ئىش بار؟ ھازىر دېگىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشاش بولىدىغان ئىشلار ئازلاپ كەتتى. مەسىلەن، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى دەيلى.

—بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى، مېنىڭ ئىسمىمغا نېمە بوپتۇ؟

—خاپا بولۇپ قالىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. مەن مۇنداق ئويلاپ قالدىم، ئىككىمىز بەك ئۇزاق ئايرىلىشىپ كەتسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

—دىققەت قىلىڭ، ئايرىلىشىپ دېگەن گەپنىڭ ۋەزنى بەك ئېغىر.

—سىزنىڭچە بۇ قانداق گەپكەن، ھەممىلا گەپنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ.

سىرتتا بىر كىملەرنىڭ ئاچچىق بىلەن سۆرەن سالغانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئادەملەر ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش مەڭگۈ تۈگىمىسە كېرەك. ھەر قانداق ئىش ئىككى ئادەم ئارىسىدا ياكى نۇرغۇن ئادەم ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجرانىڭ سەۋەبى بولۇشقا يېتەرلىك. بەزىدە بىرەرىنىڭ تىنىقى، شۇنداقلا قاراپ قويۇشى ياكى ئېگىشىپ مېڭىشى دېگەندەك.

—ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، ئىش يۈزىدە گەپ گەپ بولۇشى كېرەك. ئاقنى قارا دېيىش يارىمايدۇ. بارنى بار دېسە، يوقنى يوق دېسە قانداق ياخشى، مۇشۇنداق بولسا مېنىڭچە ئىشلار يەڭگىل، ئۆز يۈرۈشىدە ئوبدان ماڭىدۇ.

—سىز مۇشۇنداق گەپلىرىڭىز بىلەن مېنىڭ بېشىمنى قايدۇرۇپ كۆنۈپ قالدىڭىز. قەدەمدە بىر مىخقا ئۇسسۇپ پېشانەمنى يارا قىلىپ يۈرمەي دېسىڭىز بۇنداق ئاقماس پاراڭلارنى قىلماڭ. ئاق قارا بولامدۇ، قارا ئاق بولامدۇ، سىز بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز؟ بىز ھازىر بىر ئاماللارنى قىلىپ ياشايدىغاننى خاتىرجەم ياشىۋالساقلا بولىدى. باشقا ئىشلارغا جىق ئېسىلىۋالغانىنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

نۇرغۇن ئادەملەر ساراڭ دەپ ئاتايدىغان ھېلىقى قوشنىسى بىر قېتىم ئۇنىڭغا سىرلىق كۆزلىرىنى تىكىپ:

—بۇ دۇنيادا سەگەك كاللا بىلەن ئىشلارنى بىلىپ ياشاش لازىم بولىدۇ، ھېچ بولمىسا كۆزىمىزگە سىغمىغان ئىشلار توغرىسىدا پىكىر قىلىپ ئويلانساقمۇ ھېساب، — دېگەنىدى.

شۇ چاغدا مەن مەھەللىدە ئوغرىلىق قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ قالغان ئۈچ بالىنىڭ پارىڭى بولغانىدى. تېخى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى قىز ئىدى. ئەمدى ئۇن سەككىز، ئون توققۇزلارنىڭ قارىسىنى ئالغان نۆۋەر بالىلار ئىدى. شۇ چاغدا پاراڭ ئارىلىقىدا بىرەيلەن: ئوغرىلىق قىلسا قىلمامدۇ، تۈرمىگە كىرسە كىرمەمدۇ، بىز ئوغرىلىق قىلمىغاندىكىن، بىز تۈرمىگە كىرمىگەندىكىن بولىدىمۇ، نېمە كارىمىز، دېدى. كۆزەينەكلىك قوشنامنىڭ قارىشىچە بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەسكەن. بۇ جاھاندىكى ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر ۋەقە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يىپلار بىلەن بىر ـ بىرىگە ئالاقىدار بولىدىكەن. ئاسماندا بىر پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولسا ئۇ يامغۇر بولۇپ ياغقاندىن كېيىن، بەزىلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدىكەن، بەزىلەرنىڭ كونا ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئۇسسۇغان زىرائەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىكەن. ئۇنىڭچە يەنە بىز بىلمىگەن، بىز ئۇقمىغان يىراق يەرلەردە بىر ئادەم تۇغۇلسا بىر كۈنلەر كەلگەندە، شۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرىمۇ بىز بىلەن ئالاقىدار بولۇپ چىقىدىكەن. بۇنىڭدىن ناھايىتى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆزىنى كۆرۈش تۈگۈل ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىرەيلەن توكنى كەشىپ قىلغاندا، ھېچكىم ئۇنى بىز بىلەن ئالاقىدار بولۇپ قالىدۇ دەپ ئويلىمىغان. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە بىز توك دېگەن نەرسىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدۇق.

ئۇنىڭ ئاشۇنداق يوغان قائىدىلەرنى سۆزلەشلىرى قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بۇ ئادەمنىڭ زادى ساراڭ قېتىش بىر ئادەم ئىكەنلىكىگە بولغان گۇمانىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋېتەتتى.

—ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق ئويلىسا، ھې

لىقى سىز دېگەن ياشايدىغاننى ياشىۋېلىش دېگەن گەپنىڭمۇ مەززىسى قالمايدۇ. بالدۇرراق بارىدىغان يەرگە كەتكەن ياخشى. ھېلىقىلار يەنە ئۇرۇشۇۋاتامدۇ؟

— تازا ئەۋجىگە چىقتى، سىزگە دېسەم ئېرەنشىمەدىڭىز، چوقۇم چاتاق چىقىدۇ، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ دەرىزىسىنىڭ ئۇدۇلىدىلا.

— قانداق قىلاي دەيسىز.

قانداق قىلاتتىڭىز دېگەن نېمە گەپ، مەن مۇشۇنداق ئەھۋالدا نېمە قىلىشىم مۇمكىن، بۇرۇنقى چاغلار بولسا يۈگۈرۈپ چىقىپ جېدەلنى ئاجرىتىپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش ئۇلۇغ ئىش ئىدى، ھازىر دېگەن قانداق زامان، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىپ، خاپىلىققا قېلىشىنى ھېچكىم ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ. ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، دېگەن گەپ بار.

— قانداق قىلاتتىم، مەن ئۇلارنى نېمە قىلالايمەن. ھازىرقى ئادەملەرگە نەسىھەت قىلىشمۇ قاملاشمىغانلا بىر ئىشقۇ.

— يەنە كېلىپ مەستلەرگە دەڭا.

— توغرا دېدىڭىز، مەن مەست بولغان ئادەمدىن قورقىمەن. مەست بىلەن ساراڭنىڭ جىق پەرقى يوق، ھەر بالا كېلىدۇ.

دەرىزىنىڭ يېنىدىكى ئېرىقتىن شىرىلداپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. يۇرىكى ھاياتتىكى جىمى شۇملۇقلارنى ئۆزىگە يىغقان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدەك پاسكىنا سۇ خۇددى ئايدىڭ ئاخشامدا مارجاندەك پارقىراپ ئاقىدىغان پاكىز ۋاقتىدىكىدەك بىر چىرايلىق شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. پاكىز سۇنىڭ شىرىلدىغان جانغا ئارام ئاۋازى بىلەن پاسكىنا سۇنىڭ شىرىلدىشىنىڭ ئوخشاشلىقى ئەجەب بىر ئىش.

— ئۇيقۇڭىز كەلدىمۇ. ماڭا راست گەپنى قىلىڭ، سىزنى بىزار قىلغۇم يوق.

— نېمە دېسەم بولار، ئۇيقۇم كەلمىدى دېسەم ئىشەنمەيسىز، ئۇخلىغۇم كەلدى دېسەم ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

— راست گەپنى دېسىڭىز بولىدۇ. ئىككىمىز ئارىسىدا بولسىمۇ راست گەپ بولغىنى ياخشى.

يالغان ـ ياۋىداق گەپ ـ سۆزلىرىمىزنى تۇرمۇشىمىزدىن سىقىپ چىقىرىۋەتسەك ھايات ھازىرقى ئۆز قىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ھېلىقى كۆزەينەكلىك ئادەم مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، يەنە بۇرۇنقىدەك چالا مەست ئىدى.

— بايا دېگەن ئاق قۇ زادى قانداق نەرسە بولغىيدى.

— مەن بايا دېدىمغۇ، ئۇنى كۆرۈپ بېقىشقا بولىدۇ. ھېچ بولمىسا رەسىمىنى كۆرۈپ قويغاننىڭ يامىنى يوق.

— مەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم. ئۇ راستىلا ئاقمىدۇ، رەڭگىنى دەيمەن.

— مېنىڭچە شۇنداق.

خەق نېمە دېسە شۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ ياشاشنى بىلسەك نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلاردىن خالىي بولۇپ قالىدىغان گەپ. ئاۋارىچىلىقتىن قاچمىسا بولمايدۇ. ھازىرقى ئادەملەر كۆكەملىشىپ كەتتى. قىلدىن قىيىق كەتسە ئىشتىن چاتاق چىقىدۇ. سىرتتا ئۇرۇشۇۋاتقانلارمۇ ھەقىچان ئېغىزغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بىر ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۇرۇشۇپ يۈرىۋاتسا كېرەك. مۇشۇ خەقنىڭ جېدەلى بېسىقمىسا، مېنىڭمۇ ئۇخلىيالىشىم ناتايىن، خەقلەر توغرا دەيدۇ، قوشناڭ تىنچ، ئۆزۈڭ تىنچ، دەپ. ھاڭۋاقتى بولۇۋېلىش ياخشى ئىش. بىراق، قاملاشتۇرماق تەس. ھەممىگە ئارىلىشىپ يۈرۈش ئېقىمغا قارشى ماڭىدىغان يول خېتى.

— سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، مەن قانداقلا بولمىسۇن بىر ئىش قىلايمىكىن دەيمەن.

— قانداق دەيسىز، ئوچۇقراق گەپ قىلىڭە، تازا ئاڭلىيالمىدىم.

— مەن مۇشۇ يېشىمغىچە ھېچ ئىش قىلماپتىمەن.

— بۇ گېپىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، شۇنچە ياشقا كىرىپ ھېچ قىلماپتىمەن، دېسىڭىز بۇ قانداق گەپ بولدى.

— سىز دەپ بېقىڭە، مەن نېمە ئىشلارنى قىلغاندىمەن، تىلغا ئالغۇدەك ئىشلارنى دەيمەن.

— بۇنى ئۆزىڭىز بىلمىسىڭىز مەن نەدىن بىلىمەن؟

— ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئۆزىدىن كۆرە باشقىلار ياخشىراق بىلەمدىكىن دەيمەن. تۇتامغا چىققۇدەك بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

تېلېفوندىن گىژىلدىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئۇ

بىر دەم توختاپ ئاستا غۇدۇڭشىدى:

—مەن مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن.

—شۇنداقمۇ، بۇنى بىلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

—ما گېپىڭىز قاملاشمىدى.

—ئەمىسە مەن دەپ بېرەي، سىز كۈنى ئۆتسىلا بولىدىغان ئادەم.

كۈنى ئۆتسىلا بولىدىغان ئادەم. بۇ قانداق گەپ؟ ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا كاللىنى سىلكىۋېتىپ ئويلىنىدىغان ۋاقىت كەپتۇ. بىراق، قانداق بولسا بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمىسا يەنە بىكار. جاھاندا ئۇ بولماپتۇ، بۇ بولماپتۇ دېيىش ئاسان. بىراق، زادى قانداق بولسا بولىدىغانلىقىنى بىلىش تەس.

—سىزنىڭچە مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟

—بۇ مەنمۇ دىققەت قىلمىغان بىر گەپكەن. ھەممە ئادەمنىڭ تەلەيلىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. خەقنىڭ دىققەت ـ نەزەرىگە چۈشكىدەك بىر ئىشلارنى ھەممىلا ئادەمنىڭ قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن. بۇ جاھاندا نۇرغۇن ئادەملەر ئاز بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىغا ھەۋەس قىلىپ، ئېغىزىنى تامشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. خۇددى تۆكۈلۈپ كەتكەن بىر تال غازاڭدەك ئېتىبارسىز بىر ھالدا.

—ئادەم بولماق راستىلا تەسكەن.

—قانداق قىلاتتىڭىز ئەمىسە، باشقا ئامال يوق. دۇنياغا جىمجىت كېلىپ يەنە جىمجىت كېتىپ قېلىش پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەن بولسا باشقا چارە يوق.

ئۇنىڭغا بۇنداق چوڭ خىياللارنى قىلىشنى كىم قويۇپتۇ، ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولمايدىغان ئادەملەرنىڭ بەختلىك ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىر كىملەرگە چۈشەندۈرۈپ بولماق تەس. يەنە بىر قارىسا كىمنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن ئارمىنى بولمايدۇ؟ ئېشەك مىنگەننىڭ ئات مىنگۈسى كېلىدۇ، پىيادە كېتىۋاتقانلارغا قاراپ شۈكرى قىلىشنى خەقلەرگە ئۆگىتىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. نەچچە تال پاشا غىڭشىپ كىشىنىڭ ئارامىنى بۇزىدۇ.

—ھېلىقى ئاق قۇ دېگەننىڭ قانداق نەرسىلىكىنى ماڭا دەپ بېرەمسىز.

—ئۇ بىر خىل قۇش. نەسلى قۇرۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

—بۇنى قانداق بىلىسىز؟

—ئۇ قوغدىلىدىغان ھايۋان، شۇنىڭغا قارىغاندا تۈگەشكە قاراپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن.

—قوغدالغانلىكى نەرسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن دېمەكچىمۇ؟

—ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئىشقىلىپ يوقىلىشقا يۈزلەنگەن نەرسىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلىمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سانى بەك ئاز.

—ئادەملەر شىددەت بىلەن كۆپىيىپ كەتتى. سىزنىڭچە ئۇنى قوغداشنىڭ ھاجىتى يوقمۇ؟

—بىمەنە گەپ قىلماڭ. ئادەم دېگەن ئۆز ـ ئۆزىنى قوغدايدىغان نەرسە. ئادەم ئۆز ـ ئۆزىنى قوغدىيالمىغان چاغدا ئۇنى قۇتقۇزىدىغان يەنە بىر كۈچ قالمايدۇ.

—سىزنىڭ بەزىدە كاللىڭىز ئىشلەپ قالىدۇ. ئەمدى ئۇخلىساق قانداق؟

—مەيلى. يېرىم كېچىدىن ئېشىپتۇ، ئۇخلىمايمۇ بولمايدۇ.

—ئۇيقۇ ئۆلۈمگە بەلگە، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭىز؟

—ۋاي ـ ۋۇي، قويۇڭا بۇ گەپنى، مۇشۇنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمىسىڭىز ئەمدى بۇنى نېمە دەيمىز؟ ئۇ باشقا بىر مەنىدە دېيىلگەن گەپ تۇرسا.

—بوپتۇ، ھېلىقى ئاققۇنى قاچان كۆرگىلى بولار؟

ئەم قاناتلىرىنى سىلكىپ سۈزۈك سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر جۈپ ئاق قۇ شۇ چاغدا نەدە بولمىسۇن جاھاننىڭ بىر يېرىدە ئۆز خىيالى بىلەن يۈرىۋاتقاندۇ، بىر جۈپ ئەمەس، مىڭلىغان ئاق قۇلارنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار بىز كۆرەلەيدىغان، بىز بىلىدىغان جايلاردا ئەمەس. يەنە شۇ ئاق قۇلار ئۆزلىرى ھەققىدە ئۇزاقتىن بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى مەڭگۈ يادىغا ئالمايدۇ. ھاياتنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە بىز ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ، دۇنيانى ئۇنتۇپ قالساق تېخىمۇ بولمايدۇ. ھاياتلىق ئالىمىدىكى تۈرلۈك يىرگىنىشلىك خام خىياللار، مەنلا بولسام دەيدىغان مەشئۇملۇقلاردىن خالىي ئاق قۇلارنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى ناھايىتى پاكىز بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇچۇنمۇ شۇنداق پاكىز يۈرەك بەك لازىم.

(ئاپتور: چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

تەھرىرى: **مەتسېلىم مەتقاسىم**




## يار مېنىڭ دوپپامغا سېلىپتۇ جىگدە

بىلگەندەك جىگدىگە ئامراقلىقىمنى،
يار مېنىڭ دوپپامغا سېلىپتۇ جىگدە.
بۇلبۇلدەك سايرىغان ھەر بىر تال تۈكۈم،
گۈللەرنىڭ كۆڭلىنى قىلىپتۇ زىدە.

تۆمۈرچى تاغلاردىن ھېلىلا كەلگەن،
پىچاقچى قىنىنىڭ تامچىسى ئىدىم.
مۇھەببەت تېرىغان سۇمبۇل چۆللەرگە،
ھارۋىكەش ئۆلۈمنىڭ قامچىسى ئىدىم.

بىر شېخى مۇساپىر، بىر شېخى غېرىب،
چېچىلار توغراقنىڭ بومبا ساقىلى.
قارىغۇ قۇياشنىڭ ھاسىسى ئىدىم،
بولغاندا يەر بىلەن ئاسماننىڭ تويى.

سۆيگۈنى تۈگىمەس ناخشا دېگەن كىم،
تۈگىدى باشلىماي تۇرۇپ مەن ئۇنى.
ئۆتەرمۇ شۇمۇرۇپ بۇ ئۆمرۈم ئەمدى،
يار مېنىڭ دوپپامغا سالغان جىگدىنى؟!

## جىگدە چېچىكى

مەيدەمنى تاتىلاپ ئۆتتى شېرىن سۆز،
قوشاققا لىق تولدى گۈلنىڭ ئېتىكى.
ئاپاردى بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە،
بۇرنۇمدىن يېتىلەپ جىگدە چېچىكى؛
چېچىنى يولۇپتۇ يارنىڭ لېۋىمۇ،
مەستلىكتىن ئۆستەڭمۇ كېتىپتۇ ئېشىپ.
شامالنىڭ قانىتى بولۇپ قايتۇ قان،
ئەترگۈل يېتىپتۇ كارۋانقا چىقىپ.
كونا تام ئىشىنىپ كامارلىرىغا
مۇھەببەت باغلاپتۇ قۇشقاچلار بىلەن.
ئېشەكلەر ھاڭراپتۇ، كاللار مۆرەپ،
ئاھ، قانداق ئۇلۇغدۇر مۇھەببەت دېگەن!...
مەن ئەمدى مەست پېتى كىرەيمۇ گۆرگە،
قاغىدەك مىڭ يىللاپ ئېيتقانچە ناخشا.
بۇ جۇل ـ جۇل مەيدەمنى ئېچىپ بېرەي مەن،
ھەي نازۇك ئاياللار توختىغىن، توختا!

## غوجىمۇھەممەدكە

ئادەم بولۇپ يارالغاچقىلا،
ياشاپ كەلدى ئادەملەر ئارا.
سۆيگۈ ئۈچۈن توقۇدى داستان،
باھار رەڭلىك جىنازىسىدا.

شائىر بولۇپ يارالغاچقىلا،
شېئىر يازدى ئۆلۈپ ئولتۇرۇپ.
چىڭ قۇچاقلاپ جەستىنى، ئاھ،
يىغلىدى ئۇ كۈلۈپ ئولتۇرۇپ.

ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەي،
دەرۋازىسى چېقىۋېتىلدى.
ئۈچ كۈنگچە ھېچنېمە يېمەي،

پۈت ـ قوللىرى كېسۋېتىلدى.
ھارۋىكەشنىڭ سۇمبۇل قامچىسى،
قامچىلىدى تارام ئاھ، تارام.
كېپىنەكنىڭ گۈزەل ئۆلۈمى،
ھاياتىمنى قاپلىدى تامام.
مۇزاي كىرپىك، تەخەي سۇباتلىق،
چۈمۈلە بەل، چىۋىن قاناتلىق،
ئۆمۈچۈك قىز كىردى ئۇياتلىق،
چۈشلىرىنى قىلدى سەرگەردان...

ئۇ ئۆيىدىن ھېچيەرگە بارماي،
قۇرۇپ كەتتى چۆلنىڭ بايانى.
كېزىپ چىقتى ئۆزىنى ھارماي،
كۆرۈنمىدى لېكىن پايانى.

تاغلار ئۇنىڭ كىردى قەددىگە،
كىرپىكىگە قوندى باياۋان.
قەلەندەرلەر ساپايە چالدى،
ئىشكىدە زارۇ زار، ۋەيران.
مەڭگۈ كىيىم كىيمەيدىغان گۈل،
مەڭگۈ كىيىم سالمايدىغان قىز.
مەڭگۈ ئۆلۈپ كەتمەيدىغان ئاي،
مەڭگۈ ئۆچۈپ كەتمەيدىغان ئىز...
ئۇنى يالاپ ئاپاردى بۈگۈن،
قەلبىدىكى دارىنىڭ ئالدىغا.
سۇندۇرۇپ دار تۈۋرۈكلىرىنى،
يۈگۈردى ئۇ يارىنىڭ ئالدىغا.
يار ئۆلدى!
توۋلىدى ئاھ، ھەسرەتلىك بىر كۈي،
يىقىلدى ئۇ تارىنىڭ ئالدىغا...

ئۇ بىر ئەبلەغ، بىلمەس ياشاشنى،
ئوتتۇز يىلدا ئۆگەندى ئاران
ئىچ ـ ئىچىدىن مۇڭلۇق يىغلاشنى،
ئۇ بىر ئەبلەغ، بىلمەس سۆيۈشنى
ئوتتۇز يىلدا ئۆگەندى ئاران.
سۆيگۈ ئۈچۈن قانداق ئۆلۈشنى.

ئۇ بىر ئەبلەخ، بىلمەس كۆڭۈلنى،
ئوتتۇز يىلدا ئۆگەندى ئاران
تەسۋىرلەشنى توزۇغان گۈلنى.

ئۇ بىر ئەبلەخ!...

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىدە)

ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك

# سېنى ئىزدەپ چىقسام تاغلارغا

## گۈلخان رىۋايىتى

سېنى ئىزدەپ چىقسام تاغلارغا،
سۆيۈپ قويدى روھىمنى پەرۋاز.
سېنى ئىزدەپ كىرسەم باغلارغا،
مەي باغلىدى شاخلىرىمدا ياز.

سېنى ئىزدەپ چۆكسەم دەرياغا،
قارماق سالدى ماڭا ئاق بېلىق.
سېنى ئىزدەپ قونسام شامالغا،
يۆتىۋالدى مېنى يېشىللىق.

سېنى ئىزدەپ بارسام بۇلاققا،
سىڭىپ كەتتى قەلبىمگە ئاسمان.
سېنى ئىزدەپ بارسام قۇملۇققا،
ئۇنۇپ چىقتى ئىزىمدىن گۈلخان...

## سەن يېنىمدا بولساڭ قەدىردان

سەن يېنىمدا بولساڭ قەدىردان،
ئوت ئۆركىشى ئاقار تېنىمدىن.
شىجائەتنىڭ بوزغۇنلىرى ھەم،
بالقىپ چىقار ئىسسىق قېنىمدىن.

سەن يېنىمدا بولساڭ قەدىردان،
قۇشلار ئېلىپ كېتىشەر مېنى.
يۇيۇندۇرماق بولار پاكىزە،
توۋلاپ دېڭىز يۇمران ئىسمىمنى.

سەن يېنىمدا بولساڭ قەدىردان،
قۇچاقلاردىن كۆچەر قەھرىتان.
يۈرىكىمنى چالار تىنىمسىز،
مۇھەببەتنىڭ قوللىرى ھامان.

**گۈل شېخىدا تىلىندى يۈرەك**

چۆلدىن چىقىپ، چۆلگە تاشلىنىپ،
گۈل شېخىدا تىلىندى يۈرەك.
تۆكۈلدى ھەم يارا ئىزىدىن،
قان رەڭگىدە ئېچىلغان چېچەك.

نۇر تەپچىرەپ تۇرغان ئىزىمنى،
باغرىغا چىلاپ باستى چىغىر يول.
چېچىۋەتتى قىياقلارغا چوغ،
بوشلۇقلاردا لەيلەپ قالغان قول.

كىرپىكلىرى كۆيگەن ئۈستەڭدە،
ئاقتى شىر ـ شىر لاۋۇلدىغان ئوت.
كەتتى ھىجران كۆلىگە ئاستا،
ئۇسساپ كەتكەن بىر توپ ئاق بۇلۇت.

ئىھ، مۇرەمگە قونغان بوز تورغاي،
ئۇچتى تۇزلۇق يىشىمنى ئىچىپ.
دۇنيا مېنى قالسىمۇ ئۇنتۇپ،
ياشىغۇم يوق جاناندىن كېچىپ.

**دوپپا**

چاقناپ تۇرار دوپپا ھۆسنۈڭدە،
ساداقەت ھەم ئەقىلنىڭ نۇرى.
چېچەكلىرىڭ تارىخ سۆزلىسە،
كۈيلەر شاختا سۆيگۈ بۇلبۇلى.

نۇر تەپچىگەن قىيالىرىڭدا،
خىيال سۈرەر يۇلتۇزلۇق ئاسمان.
ئاپتاپ تۆككەن تەبەسسۇمىڭدا،
ئەجداد روھى بولار نامايان.

گۈللىرىڭنىڭ ئۆڭمەس جۇلاسى،
دەمدە مىڭ رەت تۇغار گۈلىستان.
شاۋقۇنلايدۇ غۇرۇر دەرياسى،
سەن بېشىمدا تۇرساڭلا ئامان.

(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

**ھاياتنوپۇس مۇھەممەت**

# «تېتانىك پاراخوت»

(شۇناملىق فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن)

ھاياتلىق ناخشىسى ياڭرىماقتا...
مۇھەببەتكە سىگنال ھەر بىر نىگاھتا.
پاراخوت،
كىچىك بىر جەمئىيەت
قاينىماقتا ئادەملەر ئۇندا.
قاپقاراڭغۇ دېڭىز،
لىڭشىسا كېمە
يۇتۇلۇشقا تەييار ئادەملەر.
ھايات قاينىماقتا...
ئۆلۈمگە يېقىن بىر جايدا تۇرۇپ
سۆيگۈ ئىزدەپ يۈرمەكتە جانلار.
مەيلى بايلار سورۇنى بولسۇن،
تەبىقىسى تۆۋەنلەر ياكى.
ھەممىسىدە بىر نەرسە ئېنىق
ئىزدىگىنى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت!
مەيلى خۇشال چاغلاردا ۋە يا
ئۆلۈم پۇراپ تۇرسىمۇ يەنە
قەلبلەردە شۇ بىرلا تىلەك.
پاراخوت ماڭماقتا...
دېڭىز چايقالماقتا...
قاپقاراڭغۇ كېچە باغرىنى يېرىپ،
ئىلگىرىلەيدۇ بىر غالىب رولچى
يۈز ـ يۈزلىگەن ئارماننى ئېلىپ.
قارا دېڭىز يالمىماق بولۇپ
تامشىپ قويار تىلىنى پات ـ پات.
چاقنار يۇلتۇزلار كېچە باغرىنى يېرىپ
قاپقاراڭغۇ كېچە تۈگىشىپ كەتكەن.
قاپقاراڭغۇ دېڭىز.
قاپقاراڭغۇ نىشان!
قاپقاراڭغۇ سۇنى كېچىپ
ئىلگىرىلەيدۇ ھاياتلىق بېرىپ.
ئاقسۆڭەكلەر ئېسىل قولىدىن
تىلەنمەكتە پۇلغا سەدىقە.
ئىچىلمەكتە ۋىسكىغا قوشۇپ

تەبىئىيلىك، بايقالماي تۇرۇپ.
نامراتلارنىڭ كۆلبىسى قايناق
ئۇنىدىن مېھىر تامچىلار ھەر ۋاق
ئولتۇرغۇدەك ئورنىمۇ يوق ئەر
شۇنچە مەغرۇر تۇيغۇسى ئويناق.
ئەل قىلىندى مۇشۇ كەپىدە
ئاقسۆڭەكلەر غۇرۇرى ئۇنىسىز.
چىن سۆيگۈنىڭ قەھرى لەرزىدە،
ئوت ئالماقتا بۇندا ھايالسىز.
تۇمانلىق كېچە...
چايقىلار دېگىز...
يېرىپ ئۆتەر تۈننىڭ باغرىدا ـ
بىر پاراخوت يۇلتۇزدەك گويا.
ئۇندا قاينار كىچىك بىر دۇنيا
زاھىر يەنە ئوتتەك مۇھەببەت!
ئۇزۇلدى سىم ئۆچتى چىراغلار
قاراڭغۇلۇق تىقىلدى كۆزگە.
يورۇقلۇقتا
سۆيگۈگە
ئىنتىلمەكتە كۆڭۈللەر.
چېقىلدى كۆزنەك
ئۇسسۇپ كىردى سۇلار دولقۇنى!
يۇتۇلماقتا دېڭىزغا دەھشەت!
بۇ يەردىكى ھايات ۋە مامات!
يۇتۇلمىغان بىر نەرسە بىزنى
تۇرماقتا ئاھ دەھشەت قۇچاقلاپ!
رىشاتكىلار بۇزۇلدى
خانىلەر گۇمران بولدى
كارىدورلار سۇغا تولدى
ھەممىگە دولقۇن ئۇرۇلدى.
پاچاقلاندى بارچە مەۋجۇدات!
پاراخوت!
ئەڭ ئاخىرقى ھايات ناخشىسى
ياڭرىماقتا ئۇندا شۇنچە ساپ!

تۆكۈلمەكتە ئادەملەر بىر ـ بىر
يوپۇرماقتەك ئۇنىسىز دېڭىزغا.
كېمىلەرگە ئۇزۇتۇپ قالدى ئەرلەر
ئاياللارنى، باللارنى.
مۇزىكانتلار چالماقتا سازلار،
دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ كۈيگە!
دۇنيادىكى ئەڭ يۈكسەك سەۋر ـ تاقەتتە
دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك قىياپەتتە!
ھاياتلىقنى كۈيلەيدۇ ئۇلار
گۈزەللىكنى تونۇتتى ئۇلار
نامەردلەرگە ئۆلۈم ئالدىدا!
بۇ، شۇنداق ئۆلۈم
بۇ، شۇنداق مۇھەببەت.
ئىنسانىيەت روھى چاقنىغان.
بۇ شۇنداق تراگېدىيە
گۈزەللىكنى ساڭا تونۇتقان.
داغدۇغا يوق، تەسۋىرلىرى يوق
زامان، ماكان ھالقىغان ئەمما،
مۇھەببەتلىك پاكتى تولۇق.
تېتانىك پاراخوت ـ
چۆكتۈرگىنىڭ نېمە تارىختا؟
قەلبىمىزگە چۆكتۈڭمۇ ۋەيا؟
ھاياتلىقتا بولغان ئەقىدە
ۋە ياكى دە گۈزەل تەلپۈنۈش.
ئەسلىمىمۇ ئەسكەرتىش بۇندا؟...
تېتانىك پاراخوت ـ
سەن ئۆلمەيدىغان مەڭگۈلۈك ناخشا،
چەكسىز ئارمان ياتقان قۇچاقلاپ.
سەن چۆككەنسەن قەلب تەكتىگە،
شۇ چۆكىشىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت!
سىڭنالدۇرسەن ئىنسانىيەتكە،
ئۇلۇغدۇرسەن بەلكى تا ئەبەد!
(ئاپتور: خوتەن رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

**ئابدۇلئەھەد داۋۇت تۈركزات**

## ھەي، مەندىمۇ شۇ ئوت، شۇ پىراق

### مەن ئەمەسكەن سۆيۈپ قالغىنىڭ

(بىر قىز تىلىدىن)

قاراپ ـ قاراپ ئۆيىمىز تامان،
نېمىنىدۇ كۈتۈپ كېتەتتىڭ.

ئەمما قالساق ئۇچرىشىپ، ئەجەب؟!
پەرۋاسىزلا ئۆتۈپ كېتەتتىڭ.

قالغاندا بىز ئۇچرىشىپ بۈگۈن،
بايقىدىمەن ئەكسىچە بىر ھال.

يېنىمدىكى ئاچامغا باقسام،
كۆرۈندى ئۇ شۇنچە بى ماجال...

### باتنىشىدىن قورقىمەن قەۋەت

مۇئەللەقتىن تاشلاي دېسەكمۇ،
بارالايمەن ئالدىڭغا كۈلۈپ.
بەتلىگىن ئوق تۇتاي كۆكسۈمنى،
كەتسەم رازى قولۇڭدا ئۆلۈپ.

كۆز ئالايتسام بولاي قارا يۈز،
تىل ــ دەشنامغا مەيلى كۆمۈۋەت.
پەرۋاسىزمەن ھەممىگە، لېكىن
باتنىشىدىن قورقىمەن قەۋەت.

### دوزىخى بار، جەننىتى بار سۆيگۈنىڭ

سۆيگۈ دېگەن گاھى ئوتقا تاشلايدۇ،
كىرەلەمسەن ئوت قوينىغا داجىماي؟
كۆيدۇم، دېسەڭ سېنى شاللاپ تاشلايدۇ،
ئۆلىشىسەن ئوتقا، ئوتتىن ئاجرىماي.

يالاڭ ئاياغ باشلار گاھى ئېگىزغا،
ماڭالامسەن ۋايسىماستىن ــ ئۈن چىقماي.
كىرگۈزىدۇ «شۇڭغۇ!» دەپلا دېڭىزغا،
چىقالامسەن غەۋۋاس بولۇپ تۇنجۇقماي؟

تەسەۋۋۇردىن يىراق ۋىسال گۈلىنى،
تاشلايدۇ گاھ قۇچىقىڭغا كۆيگىنىڭ.
ئالمىشىدۇ قىسمەت گويا پەسىلدەك،
دوزىخى بار، جەننىتى بار سۆيگۈنىڭ.

### تولۇن ئاي، سەن كۈندىلىك خاتىرەمسەن

تولۇن ئاي، ئۇنتۇمىدىم (ئۇنتۇمايمەن)،
شادلانسام تەڭلا خۇشال بولغىنىڭنى.
ئازابلار ئىسكەنجىسى قىلسا پايخان،
مېنى دەپ دەرغەزەپكە تولغىنىڭنى.

ئېسىمدە، كۆزنەكلەردىن كىرىپ ئۈنسىز،
«كەلدى» دەپ يارغا خەۋەر يەتكۈزگىنىڭ.
چىقسا گەر شەپە تىڭشاپ بوۋاي شۇئان،
مۆكۈنۈپ بىزنى ئامان كەتكۈزگىنىڭ.

ئېسىمدە، «قوشماق» بولۇپ ماڭغاندا بىز،
يوللارغا نۇر پاياندار سالغانلىرىڭ.
ئېسىمدە، ۋىسال قۇچۇپ يانغاندا بىز،
«كۆرۈڭلار ياخشى چۈش» دەپ قالغانلىرىڭ.

ئېسىمدە، سۆيگۈمىزگە كەتكەندە دەز،
سۈيىدە ھىجراننىڭ تەڭ ئاققانلىرىڭ.
چۈشكۈنلۈك مېنى تۇتقۇن قىلغان مەھەل،
قەلبىمگە ئۈمىدتىن نۇر ياغقانلىرىڭ.

تولۇن ئاي، سەن كۈندىلىك خاتىرەمسەن،
پۈتۈلگەن ساڭا جىمى كەچۈرمىشىم.
ساقلىنار ئۆز پېتىچە بىر سەندىلا،
ئۇنتۇلماس شادلىقلىرىم، قايغۇم ــ يېشىم.

(ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا 1 ــ باشلانغۇچ مەكتەپتە)

شەرقنۇر مۇھەممەد ھىلال ئاي

## ھىجران تىۋىشلىرى

### ھىجران

ئۇنتالمىدىم، مېھرىڭ چوغ بولۇپ—
يۈرىكىمگە چۈشكەندىن بېرى.
چۈشلىرىمدە ھەمراھ سەن دائىم،
خىيالىمدىن كەتمەيسەن نېرى.
ئۇنتالمىدىم، سېنى ئەي گۈلۈم،
كۆرگىنىمدە چېھرىڭنى بىر رەت.
قانارمەنمۇ ۋىسلىڭگە سېنىڭ،
يۈرىكىمنى تىلغايدۇ ھەسرەت!

كۆردۈم، كەلدىڭ ئۈنسىز، تىۋىشسىز،
چۈشلىرىمدە پەر ــ قانات قېقىپ.
قىلالمايلا قەلبىڭنى ئىزھار،
كەتتىڭغۇ ئاھ، بىر قىيا بېقىپ...

ئويغانغاندا مىڭ دوزاخ ئوتى،
ۋۇجۇدۇمدا كۆيدى چاراسلاپ.
كەتكەن بىلەن ئۆزۈڭ خىرامان،
ھىجرانىڭنى قالدىڭ ھاپاشلاپ.

### ئۇنتۇلماسكەن، بىز ئايرىلغان ئاق كېچە

ئېسىمدىدۇر، بىز خوشلاشقان ئاشۇ چاغ،
قاراپ قالدىم، قاراڭ كۆزدىن يۈتكىچە.

«خوش» دېگەندە قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ،
يۈرەك تارتتى ئازابلارنى يەتكۈچە.

تەنها قالدىم خۇددى تەنها كەلگەندەك،
مىڭ بوغۇلدۇم، ھىجرانىڭدا يانغىچە.
ھەممە جىمجىت، يۈرەك يانار لاۋۇلداپ،
كۆزۈمدە ياش، ياتتىم تاكى تاڭغىچە.

كەتتى ئاياز، كەتتى كەچكۈز بىرمۇ بىر،
ئۆچمەس سۆيگۈڭ ۋۇجۇدۇمدا تېخىچە.
ئۇنتۇلسىمۇ تالاي ـ تالاي كەچمىشلەر،
ئۇنتۇلماسكەن بىز ئايرىلغان ئاق كېچە...!

**گۈلجاھان مەتنىياز**

# بەلكىم بىر كۈن قالارسەن ئەسلەپ

دېكابىردا — مۇزدەك سوغۇقتا،
كەتسە جۇدۇن جاھاننى قاپلاپ.
يۈزلىرىڭدىن يۈرىكىڭگىچە،
توڭۇپ كەتسەڭ دىرىلدەپ تىترەپ.
زەررىچە چوغ بەرمىسە ھېچكىم،
تاپالمىساڭ ئۆزۈڭ ھەم ئىزدەپ.
تىنىقىدىن يالقۇن تەپچىگەن،
ئېھ، ئاشۇ قىز بولسىدى بىر دەپ،
بەلكىم شۇ چاغ قالارسەن ئەسلەپ...

يامغۇر ياغسا شارقىراپ بىردىن،
تورۇسۇڭدىن چۈشسە تاراملاپ.
توختىمىسا نەچچە كۈن ئۇدا،
ئارام بەرمەي سېنى ئازابلاپ.
نېمە ئۈچۈن توختىمايسەن دەپ،
كۆككە بېقىپ تىنماي سوراقلاپ.
كۆزلىرىڭدىن ياش قۇرۇمىغان،
ئاشۇ قىزنىڭ يېشىمىدۇ؟ دەپ،
بەلكىم شۇ چاغدا قالارسەن ئويلاپ...

گەر يېقىلىپ چۈشسەڭ توساتتىن،
قوپالمىساڭ تىرمىشىپ ھەتتا.
يۆلىمىسە سېنى ھېچ كىشى،
چاقىرساڭمۇ بەرمىسە سادا.
ئۈمىد بىلەن باقساڭ يېنىشلاپ،
ھېچ كىشىدىن كەلمىسە ۋاپا.
كۆككە قاراپ قىلغانچە نىدا،
«ئاسرايدىغان مېنى پەپىلەپ،
ئېھ، ئاشۇ قىز بولسىغۇ» بىر دەپ،
بەلكىم مېنى قالارسەن ئەسلەپ...

(ئاپتور: خوتەن ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

**ماھنۇر ئۆمەر**

# پارچىلار

جاھاندا خىلمۇ خىل ئادەم بولىدۇ،
ئاقىللار تىرىشسا ھاتەم بولىدۇ.
ئەجرىسىز كۈندە توي ئويناپمەن دېگەن ـ
ئەخمەقنىڭ تويىمۇ ماتەم بولىدۇ.

ھاياتلىق سەپىرىڭ بولسىمۇ قىيىن،
تىرىشساڭ، راھىتى كېلىدۇ كېيىن.
ئەجرىسىز ھالاۋەت كۆرىمەن دېسەڭ،
ھاياتىڭ قىممىتى بولار بىر تىيىن.

ئايال —ئۇ ھاياتلىقنىڭ قىزىل گۈلى،
ئۇنىڭسىز راۋان بولماس ئەرنىڭ يولى.
قەدىرلەڭ، ئاسراڭ، ئەگەر ئۇ بولمىسا،
ياڭرىماس ھاياتلىقنىڭ كۈي ـ مەرغۇلى!

ئىنساننىڭ زىننىتى — شەرم ـ ھايادۇر،
ھايالىق ھايات — گۈل ھەم بىباھادۇر.
ھايانى ئۆزىدىن تەرك ئەتسە كىم،
ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم يۈزى قارادۇر.

(ئاپتور: خوتەن شەھەرلىك ئالمىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ بېلەت ساتقۇچىسى)

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت مەتسېلىم مەتقاسىم**



# ماشىنا سېتىۋالايمۇ، ئاتمۇ؟

## مەتسېلىم مەتقاسىم

كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھەر قانداق تاسادىپىلىق ۋە بەزىبىر ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەينىمگە چۆرىۋېتىپ ئادەتلەنگەن بولسامۇ، ئەپسۇس ماشىنا بىلەن ئات توغرىسىدىكى خىياللىرىم مېنى ئاخىر قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇرلىدى.

خوش، كىچىك ماشىنىلار ئىلگىرىكىدەك پەقەت ئىمتىيازلىقلارنىڭ ئىلكىدىلا بار بولۇشتىن، ئەمدى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىلكىدىمۇ بار بولۇشقا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاتنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقى ئەلۋەتتە ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر، بىراق ئات قانداق بولۇپ كوچىلاردا مەندەك پىيادە ھالدا، خىيال سۈرۈش بىلەن بەنت بولۇپ يۈرىدىغان كىشىنىڭ خىيالىغا قايتىدىن قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدى؟ بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆزلىسەك گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇنىڭدىن پەقەت چارەك ئەسىر ئىلگىرىلا ئاتنىڭ ئەڭ بىخەتەر قاتناش قورالى بولغانلىقىنى ئەسكەرتمىگەندىمۇ، يېقىندا تەسادىپىي ھالدا ئاتقا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشقا يولۇقۇپ قالغانلىقىمنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ، مەن سەھرادىن ئالدىنقى كۈنى تۇغقىنىمىزنىڭ يولدا كىچىك ماشىنا سوقۇۋېتىپ قازا قىلغان قىزىنىڭ مېيىت نامىزىغا قاتنىشىپ بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، ئېرىق بويىدا ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بىر بوز ئاتنى سۇغۇرۇپ تۇراتتى، يانىدىكى تار يولدىن ئۇشتۇمتۇت بوغۇناق ئۆرلىتىپ چىققان تراكتور ئېرىقتىن بىمالال سۇ ئىچىۋاتقان ئاتنى ئۈركىتىۋەتتى، ئات توپىلىق يولدا بالىنى سۆرەپ ئۇچقاندەك چاپقاندى. بالا ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بولالماي ئاخىر تىزگىنىنى قويىۋەتتى، يېقىنلا يەردە باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، كىچىك باللار مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ قانداقتۇر بىر ئويۇننى ئويناۋاتاتتى، ئات جان - جەھلى بىلەن چېپىپ، ھەش - پەش دېگۈچە باللارغا يېقىنلاپ كەلدى، شۇئان قىيا - چىيا كۆتۈرۈلۈپ باللار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى، ئىككى نەپەر بالا قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قورققىنىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئورنىدا جىم ئولتۇرۇشتى، دەل شۇ ۋاقىتتا مۆجىزە يۈز بەردى، ئات ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ باللارغا قىلچە بەرھەم يەتكۈزمەي يىراققا كەتتى، باللارنىڭ قورققىنىدىن چىرايلىرىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار ئامان - ئېسەن ئىدى، بۇ يەردە ئويناۋاتقان باللارنىڭ ئەمدىلا مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان شۇنچە كىچىك باللار ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئەندىكىپ كەتتىم، شۇ ئەسنادا يېنىمدا بىر ياش يىگىت: «ئاجايىپ خەتەرلىك ئىش بولدى، بۇ باللار بىر ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالدى» دېگەندى، توپقا ھېلىلا كېلىپ قوشۇلغان مويسىپىت كىشى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ئات دېگەن ماشىنا ئەمەس، قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى دەسسەپ ئىزىۋېتىدىغان» دېدى. كېيىن ئۇ ھەسرەت بىلەن: «ئىماۋۇ باغجىگىدە دېگەن ئالتە پوتەي يىراقلىقتا بولمىغاندىكىن، تۈنۈگۈن باي غوجام ماشىنىسىنى ھەيدىمەي، ئېتىنى مىنىپلا ماڭغان بولسا ئۇ بىچارە قىزمۇ كىچىك تۇرۇپ

جىنىدىن ئايرىلمىغان بولاتتى، ھەي ئىستا!»
دەپ قوشۇپ قويدى. قارىغاندا، بۇ كىشىمۇ ماڭا
ئوخشاش ھېلىقى مېيت نامىزىغا قاتنىشىپ كەلـ
گەندەك قىلاتتى. ئۆيگە كەلگۈچە مويسىـــپىـــت
كىشىنىڭ گېپى خىيالىمدىن نېرى كەتمىدى،
ئات ھەققىدە چارەك ئەسىردىن كېيىن قايتا ئو-
لانغان خىيالىم مانا مۇشۇ جەرياندىن كـېيـىن
كۆڭلۈمگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئەپسۇس، كېـ
يىنكى كۈنلەردە تەرەققىياتنىڭ ئەلچىلىرى ئاتـ
نىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا ماشىنىغا بەخش
ئېتىشۋەتتى، قىسقىسى ئاتلار ماشىنىلارنىڭ كۆ-
پىيىپ قىستاڭچىلىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈ-
شى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن
يىراقلاشتى، بۇ خىل ياتلىششقا باشقىچە تەبىر
بەرگەندىن كۆرە، ياخشىسى يېڭى شەيئىنىڭ كونا
شەيئىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى، ياكى ئېـخـــمــۇ
كونكرېتلاشتۇرۇپ تەرەققىياتنىڭ تەلىپى دېسەك
مۇۋاپىق بولار.

ھازىر تەرەققىيات دۇنيانى تېز ئۆزگەرتىۋا-
تىدۇ، ھەر بىر شەيئىنىڭ دۇنيا كۆكسىدىكى يې-
ڭى قىياپىتى كۆزلەرنى چاقنىتىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن
پەقەت يېرىم ئەسىر مۇقەددەم ئىنسانىيەت ئۈچۈن
ئەمەلگە ئاشۇرۇش بەسى مۇشكۇل تۇيۇلغان، ھەتتا
مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، دەپ قارالغان بىر قىسىم
ئىشلار بۈگۈنكى كۈندە زامانىنىڭ تەرەققىــيــاتى
ھېسابىدا ئارقا ـ ئارقىدىن مۆجىزىگە ئايلانماقتا.
ئىلگىرى كىشىلەر مەنىۋىيەتنى ئاساسىي ئۆلچەم
قىلىپ، ئۆزئارا تەبىقىلەرگە بۆلۈنگەن بــولــسا،
ئەمدى شەكسىز ھالدا ئىقتىساد ھەل قىلغۇچ ئو-
رۇنغا ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى تەڭشەش قانۇنـ
يىتى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيــاتــىنى
ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يــېـڭى
تەرتىپىنى بارلىققا كەلتۈردى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ
ئىلگىرى ئىستىخىيىلىك ھالدا مۇتلەقلەشتۈ-
رۈلگەن بىر قىسىم قائىدىلەر تەبىئىي ھالدا ھاياتى
كۈچىنى يوقىتىپ، غالىپلىق مۇنبىرىنى ئىقتىـ
سادنىڭ يېڭىچە تەقسىماتىغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر
بولدى. ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ بارلىققا كېـ
لىشىدە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىـگــە
قىلىدىغان تەبىئىي شارائىت ھەل قىلغۇچ رول
ئوينايدۇ، جۈملىدىن 81 ـ ئەسىردە ئەنگلىيىنى
مەركەز قىلىپ قوزغالغان سانائەت ئىنـقــلابى
ئېپتىدائىيلىقنىڭ قاسراقلىرىدىن تېخىچە قۇ-
تۇلالماي تۇرغان دۇنيانى ئىلگىرىكىگە تۈپتىن
ئوخشىمىغان يېپيېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلدى.
ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر سانائەتنى بولمىغان، بولـ
غاندىمۇ تەرەققىي قىلمىغان مىللەتلەرنىڭ كەلـ
گۈسىدە دۇنيادا ئورنىنىڭ بولمايدىغانلىقــىنى
ئەقلىي ۋە روھىي جەھەتتىن يەكۈنلەپ چىققان
بولسىمۇ، تەرەققىياتنى كۆرۈش بىلەن بىـرگـە
ئېينشتېيننىڭ نىسبىيلىك نەزەرىيىسـىـنىڭ
تۈپكى ماھىيىتىگە ئۆز ۋاقتىدا يېتەلمىگە بولسا
بۈگۈنگىچە بولغان ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا
دۇنيادىكى ئېپتىدائىيلىك ئۈستىگە گويا دەھـ
شەتلىك سەل كەبى باستۇرۇپ كەلگەن سانائەتـ
لىششىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەتكە، ئىنسانلار-
نىڭ روھىيىتىگە ئېلىپ كېلىدىغان مۇئەييەن
سەلبىي تەسىرىنى ئالدىن كۆرەلىگەن بولاتتى،
خەيرىيەت، دۇنيا نۆۋەتتە سانائەتلىششىنىڭ ئەڭ
يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرىۋاتقاندا ئىنسانــلار ھــەر
ھالدا ئىلگىرىكىلەردىن غالىب كېلىپ سانائەتـ
لىششىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى نىسبىي زەخـ
مىلەرنى ئېنىق كۆرەلىدى. قىسقىسى، يۈكسەك
جەھەتتىكى سانائەتلىششىنىڭ دولقۇنىدا ۋەيران
بولغان ئېكىلوگىيىنىڭ زەخمىسىنى كۆرەلىدى،
ھەم ئۇنىڭ داۋاسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىـ
نىشلەرنىمۇ باشلىۋەتتى، مۇھىمى ئۇ ئىلگىرىـ
كىلەرنى گاڭگىراتقان بولسا ھازىرقىلارنى تـەـ
شەببۇسكار، جۈرئەتلىك قىلىۋەتتى، بۇنىڭ بىـ
لەن كىشىلەر ئىلگىرى تەسەۋۋۇرمۇ قىلمىــغــان
يېڭىلىقلارنى ئاسانلا قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە را-
ھەت ئىزدەشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. راھەت ئىز-
دىمەسلىك كونىلىقنى ياقلاش، ھەتتا ئىلــمــىي
ئوزۇقلانماسلىقتىن باشلاپ پەرزەنتلەرنى ئىلمىي
تەربىيىلىمەسلىككىچە بولغان ئىشــلار دۆت ۋە
كالۋالىقنىڭ ئىپادىسى بولدى. بۈگۈنكى كۈندە
كىشىلەر ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدا دۇنيادىن يېـ
شىل مەھسۇلات ئىزدەپ پايپېتەك بولىــۋاتــقــان
بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنە بىر تەرەپتىن، سۈنئىي
مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى ئىقتىدا-
رىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ.

نۆۋەتتە، دۇنيادىكى تەرەققىيات ۋە يېڭىـ
لىقلار توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا، كىشىلەرنىڭ
كۆز ئالدىغا ئەڭ ئاۋال سانائەتلىششىنىڭ يۇقىرى
دولقۇنى بىلەن بىللە قاتناش، ئۇچۇر «ئېنتېرنت»
خەۋەرلىشش، قاتارلىق تۈرلەر كېلىشى مۇقەررەر.
بۇ جەھەتتىكى تەرەققىياتلار كونا ئۇسلۇپنى بۇ-
زۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەرەق-

قىيات تەرتىپىگە ئۇيغۇن بولغان يېڭىچە ئەندى-
زىنى شەكىللەندۈردى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر-
نىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ
كەلگەن يېڭىلىق ئالدىدا ھودۇقۇش، تەمتىرەش،
ئۆزىنىڭ ئەقلىي تاكامۇللىقىنى تۆۋەن چاغلاش،
تەشەببۇسكار ھەم تەۋەككۈلچى بولالماسلىقتەك
بىچارىلىقىنى يۈرەكلىك بىلەن چۆرۈۋېتىپ،
ئۇنىڭ ئورنىغا بىر ـ بىرىدىن ئۆرنەك ئالىدىغان،
بىر ـ بىرىدىن بوش كېلىشنى خالىمايدىغان، ھەم
بىر ـ بىرى بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشالايدىغان
زامانىۋى تىپتىكى رىقابەت ئېڭىنى شەرەپ بىلەن
بارلىققا كەلتۈردى، نۆۋەتتە ئاتىنىڭ بارغانسېرى
كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن يىراقلىشىشقا قارشى
ھالدا كىچىك ماشىنا (ئەلۋەتتە باشقا تۈردىكى
ماشىنىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) سېتىۋېلىش دولقۇ-
نىنىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى چەككە كۆتۈرۈ-
لۈشى ئەنە شۇ رىقابەتلەرنىڭ ئىچىدىكى كىشى-
لەرنى جەلپ قىلىش كۈچى ھەممىدىن ئۇستۇن
بولغان بىر ئالاھىدە تۈردۇر. بىزدە پەقەت يېرىم
ئەسىر ئىلگىرىلا ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغان
ئاتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە رەڭگارەڭ ماشىنىلارنىڭ
گۈدۈكلىرى ئارىسىدا بىزدىن يىراقلاپ كەتكەن-
لىكى مېنىڭچە ئاتنىڭ زاۋاللىقى بولمىسا كېرەك،
شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئاتقا بولغان ئىلگىرىكى
قىزغىنلىقىمنى، ئەتراپىمنى كۈندىن ـ كۈنگە
قىستا ـ قىستاڭ قىلىۋاتقان تۈرلۈك ماشىنىلار-
نىڭ ئۆزىگە قارىتىۋالغانلىقى يەنە بىر تارىخى
جەرياننىڭ مەھسۇلىدۇر، خوش، شەھەر كوچىلى-
رىدا ئىلگىرىكىدەك ئەركىن خىيال سۈرۈپ مې-
ڭىش ئىمكانىيىتىمنى ماشىنىلار بەربات قىلى-
ۋاتقان بۇ قوۋناق كۈنلەردە ھاجەت ئۈچۈن ئەمەس،
ئادەت ئۈچۈن كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىشقا مەج-
بۇر بولغانلىقىمنى ئەمدى سىلەرگە تەپسىلىي
سۆزلەپ بېرىمەن.

## كىچىك ماشىنا سېتىۋالمىسام بولمىغۇدەك

چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن گەپنى سەل
باشتىنراق سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ كۈنى مەن
خىزمەتداشلىرىم بىلەن ئىدارىمىزنىڭ 2020 BJ
تىپلىق كىچىك ماشىنىسىدا مەلۇم ناھىيىگە
خىزمەتكە بارغانىدىم، ماشىنىمىز كونىراق بول-
سىمۇ، ھەر ھالدا بىزنىڭ ھاجىتىمىزدىن تولۇق
چىقىپ كېلىۋاتاتتى. بىز پىلانىمىز بويىچە مە-
دەنىيەت ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ بۇ يەردە
بىزنى كۈتۈپ تۇرۇشقان دوستلار بىلەن قىزغىن
كۆرۈشتۇق، دەل شۇ چاغدا مۇشۇ ناھىيىدە ئىش-
لەيدىغان بىر دوستىمىز ئورنىمىزنىڭ كىچىك
ماشىنىسىغا قاراپ بېشىنى چايقىغىنىچە:

—ھەر قايسىڭلار تېخىچە مۇشۇ كونا
داسنى تاراقشىتىپ يۈرۈۋېتىپسىلەردە. سىلەر
ئىشخانىدىن سىرتقا چىقماي كىتابقا قاراپ ئول-
تۇرغىنىڭلا بىلەن جاھان ئۆزگەردى، راستىنى
دېسەم سىلەر ئولتۇرغان بۇ ماشىنىغا ھازىر ئەڭ
نامرات ھېسابلىنىدىغان مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ
باشلىقىمۇ ئولتۇرمايدۇ — دېدى، مەن ئىپادە
بىلدۈرۈپ بولغىچە سۆزمەن كەلگەن شوپىرىمىز:

—سىلى بۇ ماشىنىنى ئاجىز چاغلاپ قالغان
ئوخشىمامسىلە، ئالدىغا بېرىپ ئوبدانراق قاراپ
باقساڭلا بىلىپ قالىسىلەر، تازا ئەركەك ماشىنا بۇ!
سىلىگە دېسەم ئۆز ۋاقتىدا نەچچە تونىنا ئېغىر
زەمبىرەكلەرنى بىمالال سۆرەپ ئۇرۇش مەيدانلى-
رىغا بارغان، بۇ ماشىنىنىڭ ئالدىدا نېمە ئۇ سانتانا،
پانتانا دېگەن! سىيىپ كىرىپ ئوخلاپ قالسۇن ئۇ!
مەن ئوبدان بىلىمەن ئۇ ماشىنىلارنى، ئاسپالت
يولدىن باشقا يوللارنى كۆرسە بولالماي شىراقىقا
چىچىدۇ شۇ، بىزنىڭ ئاۋۇ ئاق تۈلپارچۇ، ھەر قان-
داق خەتەرلىك يوللاردىمۇ بىمالال ماڭالايدۇ، بول-
مىسا بەسلىشىپ باقامدىمىز يا؟! — دېدى قى-
زىقچىلىپ قىلىپ، يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ
كېلىپ كۈتۈلمىگەندە سايىپخاندىن ئازار يەپ
سالپايغان روھىم ئەمدى شوپۇرنىڭ بۇ گەپلىرى
بىلەن خۇددى تۆۋىگە سۇ قۇيغان مايسا قايتا يا-
شارغاندەك كۆتۈرۈلۈپ قالدى، لېكىن بىر دەمدىن
كېيىن تاماق ئۈستىدە ئارىمىزغا كېيىنرەك يېتىپ
كەلگەن بىر دوستىمىز.

—مەن يول ئۈستىدە سىلىنى كۈتۈپ ئا-
لىي ماشىنىلارغا قاراپ تۇرۇپتىمەن تېخى، سى-
لەرنىڭ مودىدىن ئاللىقاچان قالغان ئابدۇۋاراقنى
مىنىپ كېلىشىڭلارنى نەدىن بىلەي، ماشىنا دې-
گەن شاپاق نەرخى بولۇپ كەتتى! دېدى ماشىنى-
مىزنى مازاق قىلىپ قورسىقىم غىققىدە تويۇپ
قالدى.

كېيىن خىزمەت ئۈستىدە كىچىك ماشىنا
توغرىسىدا باشقا گەپلەر قىلىنمىغان بولسىمۇ،
بىراق چۈشتىن كېيىن دوستلار بىزنى كۈتۈۋې-
لىش سەۋەبى بىلەن ناھىيە مەركىزىدىن ئون
نەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى ئارامگاھقا بېرىش

ئالدىدا يەنە ماشىنا توغرىسىدا گەپ ئېچىلىۋىدى،
كىچىك ۋاقتىمدا تال چىۋىقنى بىللە ئات ئېتىپ
ئوينىغان بىر دوستۇم سۆزلەپلا كەتتى.

ــ ۋاي ئىست دوستلار! بىزنى دېمىگەندىمۇ
ئۆزۈڭلارنىڭ نام ـ ئابرۇيۇڭلارنى دەپمۇ بولسا لاـ
يىقىدا ماشىنىدا كەلمەپسىلەر بۇ يەرگە! بىز
ھەممىمىز كىچىك ماشىنىمىزنى ھەيدەپ كەلـ
دۇق، ماشىنا ئازادە يېتىشىدۇ، شۇڭا ماۋۇ سىلىنىڭ
كونا داس بۇ يەردە قالسۇن، سىلەر بىر نەچچىڭلار
بىزنىڭ ماشىنىمىزغا چىقىڭلار، ــ دېدى ئۇ
كەسكىن قىلىپ، شۇئان سەۋرى قاچام يېرىلدى،
ئۆزۈمنى ھەر قانچە قىلىپمۇ تۇتىۋالالمىدىم.

ــ نېمانچە قىلىپ كېتىسەن! ساڭا كىـ
چىك ماشىنىنىڭ جىنى يۇقتىمۇ نېمە؟ بىزنى
نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ ماشىنىمىز بىر ئوبدان
تۇرامدۇ مانا! ــ دېدىم غەزەپ بىلەن. ئارىدا شوـ
پىرىمىز ئادىتى بويىچە گەپدانلىق قىلىپ:

ــ قارىغاندا ئاق تۇلپارنىڭ كارامىتىنى
سىلەرگە بىر كۆرسىتىپ قويىدىغان ۋاقىت كېـ
لىپ قاپتۇ، كونىلارنىڭ ئەسلىگىنى ئۇنتۇما، شىرە
چۇرۇقۇڭنى قۇرۇتما دېگەن گېپى بار، بىزمۇ ئۆـ
زىمىزنىڭ ماشىنىسىدا ماڭايلى، ھازىر كونىراپ
كەتكەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەت يېڭى ۋاقتىدا ئورـ
نىمىزغا ئېلىپ بەرگەن ماشىنا بۇ، قېنى ئەمسە
ماڭايلى، ــ دېدى بىزگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ،
بىزمۇ دەرھال ئۆزىمىزنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا
چىقتۇق، ساھىپخانمۇ باشقا گەپ قىلىشقا ئۈلـ
گۈرمەي قالدى، يىلان باغرى سورۇلغان يولدا كېـ
تىۋاتىمىز، بىر چاغدا ماشىنا كۆزنىكىدىن ئارقىـ
مىزدا بىزگە ئەگىشىپ قاتار تىزىلىپ كېلىۋاتقان
كىچىك ماشىنىلارغا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم، دېـ
مىسىمۇ بۇ ھالدا ئۇلارنى بىزگە ساھىپخانلىق
قىلىشقا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھازىرقى قائىدە
بويىچە بىزگە ھەمراھ بولغۇچى ماشىنىلار دېگىلى
كىشىنىڭ تىلى كۆيەتتى. ماشىنىمىز ئارقىمىزدا
كېلىۋاتقان بىر ـ بىرىدىن ئەتىۋارلىق ئېسىل
ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدا بەئەينى پوقاقنىڭ ئۇسـ
تىگە چىققان سۆگەلدەك چېنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ
سەت كۆركىرەشلىرىچۇ تېخى!

ئارامگاھ ئىسمى ـ جىسمىغا مۇناسىپ گۈـ
زەل جاي ئىكەن، بۇ يەردە سەيلە ـ ساياھەتنىڭ،
ئويۇن ـ تاماشانىڭ پەيزىنى سۈرۈشىۋاتقان كىـ
شىلەرنىڭ كۆپلىكىدىنلا ئەمەس، ماشىنا توختىـ
تىش مەيدانىدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىلارـ
نىڭ كۆپ ھەم خىلمۇ خىللىقىدىن كۆزلىرىمىز
ئېچىلىپلا قالدى، راستىنى دېگەندە بىز كۆندە
كىچىك ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ يۈرـ
دىغان بولساقمۇ، بىراق بىزنىڭ كۆندە كۆرگەنـ
لىرىمىز خۇددى ئالۋۇنغىلا ئوخشايدىكەن، يەنى
بىز ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشكەن كىـ
چىك ماشىنىلارنى سىرتتىن كۆرۈپلا ئۇلارنىڭ
سانى ھەم سۈپىتى توغرىسىدا ئازراقمۇ تەسەۋۋۇر
قىلماپتىمىز، قىسقىسى كىچىك ماشىنا دېگەننى
يولدا مېڭىۋاتقاندا ئەمەس، مانا مۇشۇنداق ئازادە
مەيداندا، يەنە كېلىپ توختىتىپ قويۇلغاندا
كۆرسە بولىدىكەن، ھەقىقەتەنمۇ ھازىر كىچىك
ماشىنا سان ھەم سۈپەت جەھەتتىن ناھايىتى تېز
ئۆسۈپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ھازىر ھەر ئائىلىلارنى
قىلىپ ئۆزىگە لايىق كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىـ
ۋېتىپتۇ، شەھەر كوچىلىرىنى قىستا ـ قىستاڭ
قىلىۋەتكەن باشقا نەرسە ئەمەس، دەل كىشىلەر
ئارقا ـ ئارقىدىن سېتىۋالغان كىچىك ماشىنىلار
ئىكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھەتتا بىر ئائىلىدىـ
كى ئەر ئاياللاردىن ئايرىم ـ ئايرىم كىچىك ماشىنا
سېتىۋالغانلارمۇ چىققىلى تۇرۇپتۇ، ئەلۋەتتە بۇمۇ
70 ـ يىللىرى كىنونى ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ
ئۆيىدە كۆرۈش ۋە ئالاقىلىشىشتا شۇنچە قولاي
بولغان يانفوننىڭ بارلىققا كېلىشىگە قىلچە ئىـ
شەنمىگەندەك، ھەتتا بۇنداق بولۇشىنى خام
خىيالمۇ قىلمىغانلىقىدەكلا بىر ئىش ئىدى.

كۆنلەر ئۆتۈپ، ئائىلىمىزدىمۇ بىر ئاز ئۆزـ
گىرىش بولۇشقا باشلىدى، ئوغلۇم ھەر كۈنى
سىرتتىن يېقىندا قايسىدۇر تونۇشىمىزنىڭ،
ھەتتا تۇغقانلىرىمىزنىڭمۇ كىچىك ماشىنا سېـ
تىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ
كېلىدىغان بولدى، ئۇنىڭ: «ئۇلار شۇ ھالدا تۇـ
رۇپمۇ خېلى پەيزى كىچىك ماشىنا سېتىۋاپتۇ»
دېيىشلىرىدىن، يەنە كېلىپ بۇ سۆزنى بەئەينى
شاتۇتىدەك بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپ كېتىـ
شىدىن ئۇنىڭ ئەتەي ماڭا: «بىزمۇ ئۇنىڭدىن
قېلىشمىغاندەك كىچىك ماشىنا سېتىۋالايلى»
دېگەن مەقسەتنى بىلدۈرىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلغىلى بولاتتى، قىزىق بولغىنى كېيىنكى
كۈنلەردە بانكىدا ئىشلەيدىغان ئايالىمنىڭ ئارـ
لاپ: «پالانى كىچىك ماشىنا سېتىۋالىمەن دەپ
بانكىمىزدىن قەرز ئالدى» دېيىشلىرى ئىدى،
ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى گەپلىرى بىلەن توي ـ تۆـ
كۈنلەرگە ياكى سەھرادىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىـ

رىگە بارغان ۋاقىتلىرىمىزدا ماڭا ئەتەي: «ئۆزىمىزنىڭ كىچىك ماشىنىسى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە، دەم ئېلىش كۈنلىرى نەگە بارغۇمىز كەلسە، شۇ يەرگە بېرىپ خۇشال ـ خۇرام ئوينىمامدۇق» دېيىش ئارقىلىق ئاخىرىدا «بىزمۇ كىچىك ماشىنا سېتىۋالايلى»، دېگەن مەقسەتنى ئىپادىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، گەرچە ئۇ مېنىڭ تۇرمۇشتا راھەت قوغلاشمايدىغان، بولۇپمۇ دورامچىلىق قىلىپ، باشقىلار بىلەن بەست تالىشىشقا ئىنتايىن ئۆچلۈكۈمنى نەزەرگە ئالدىمۇ، ئەيتاۋۇر تەلىپىنى بىر مەزگىل يۇقىرىدەك ئۇسۇلدا بىلدۈرگەندى. بىراق، ئۇنىڭمۇ سەۋر قاچىسىنىڭ يېرىلىدىغان كۈنى ئۇزاق ئۆتمەيلا يېتىپ كەلدى.

ــ ئىماۋۇ يۇسۇپ چىڭزامۇ كىچىك ماشىنا سېتىۋاپتۇ، بۈگۈن تويغا تاكسىدا بېرىپ خەقنىڭ ئالدىدا شۇنچە سەتلەشتىم، مەرىكە زالىنىڭ ئالدىدا تاكسىدىن چۈشسەم ھەممىسى مېنى مازاق قىلىپ قارىشىپ كېتىشتى، قايتىپ كېلەشمىدىچۇ تېخى! باشقىلار كىچىك ماشىنىلىرىدا قايتىشقان بىلەن مەن ئامالسىز يەنە تاكسىدا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەلدىم، بۇنداق تەرسالىق قىلىماڭ، بانكىدا ئاز ـ تولا نەخ پۇلىمىز بولغاندىكىن بىزمۇ كىچىك ماشىنا سېتىۋالايلى، ـــ دېدى، ماڭا يېلىنىش تەلەپپۇزىدا، ئايالىمنىڭ چىرايىدىكى تەقەززالىق، غېرىبلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئىپادىلەرگە قاراپ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، دەرۋەقە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولساممۇ، تەسەۋۋۇر قىلىشقا تامامەن بولاتتى. ئەنە بىر توپ ئايال مەرىكە زالىدىن ئۇزاپ چىقىشىپ، ئەرلىرى زالنىڭ ئالدىدىكى رەستىدە تەييارلاپ تۇرۇشقان ھەرخىل ماركىدىكى كىچىك ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، كۈلۈشكىنىچە كېتىپ قالغاندا، ئايالىم چوقۇم پىيادە ھالدا، چاڭ ـ توزان ئارىسىدا بەئەينى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم ئوغلاقتەك بويۇن قىسىپ تۇرۇپ قالغان گەپ... بۇنداق ئىش بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئايالىم بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر خىزمەتدىشىمنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارغان ۋاقتىمىزدا تولۇقى بىلەن تەكرارلاندى، مېھماندارچىلىقتىن ئۇزاپ بىز چوڭ يولغا ئۇلاشقىچە مېھماندارچىلىققا ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ماشىنىلىرىدا كېلىشكەنلەر بىزنى ئاڭلىسۇن، كۆرسۇن دېگەندەك ماشىنىلىرىدىن ئەتەي ئارقا ـ ئارقىدىن سىگنال بېرىشتى، كۆزنەكلەردىن قوللىرىنى چىقىرىپ پولاڭلىتىپمۇ قويۇشتى، بەزىلەر تېخى ئۇدۇلىمىزغا كېلىپ توختاپ: «ماشىنىدا بىر كىشىلىكلا ئورۇن بار، ھەر ئىككىلىڭلار پىيادە ماڭغۇچە بىرسىڭلار چىقىۋالامسىلەر» دەپمۇ ئۆلگۈردى. مانا ئىزا دېگەن مۇشۇ. بۇ قېتىم بۇنداق ھەسرەتلىك مىنۇتلارنى بىۋاستە ئۆزۈم باشتىن كەچۈرۈپ تولىمۇ ئازابلاندىم، ئايالىم چىرايىمغا مەنىلىك قاراپ قويدى، ئىپادە بىلدۈرمىدىم. بىراق، ئۆيگە يېتىپ كەلگۈچە كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىشنى ئويلىغان بولسامۇ ئىلگىرىكىدەكلا: «پەقەت ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك، باشقىلارنى دوراشتىن باشقا تۈزۈكرەك سەۋەب تاپالماي ئاۋارە بولدۇم، دىمىسىمۇ ئىدارەم بىلەن ئۆيۈمنىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىردىن سەل ئارتۇق كېلىدۇ، بۇنچىلىق ئارىلىقتا ماشىنىغا ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھماندارچىلىق دېگەنمۇ كۈندە چىقىپلا تۇرمايدۇ، يىراققا بېرىشقا شۇنداق ئەپلىك ئايروپىلان، ئاپتوبۇس، يېقىنغا بېرىشتا قانداق ۋاقىتتا قول كۆتۈرسە شۇئان ئالدىڭدا ھازىر بولىدىغان تاكسى تەل تۇرسا، كىچىك ماشىنىنىڭ ئائىلىمىزگە نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟! شۇنداق تۇرۇپ يەنە كىچىك ماشىنا سېتىۋالسام قانداق بولىدۇ. بۇ بىر ئىسراپچىلىق ئەمەسمۇ، مۇشۇ يوسۇندا ئويلىغانسېرىم كىچىك ماشىنا مەندىن شۇنچە يىراقلاپ كەتتى، ئەپسۇس دېمەي نېمە ئامال، ھەپتە ئۆتۈپ ئايالىم يەنە مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كېلىپلا ھەسرەتلىك يىغلاپ تاشلىدى، ئۇ ئۆپكىدەپ يىغلاۋېتىپ بۇ قېتىم دوست ـ دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا كىچىك ماشىنىمىزنىڭ بولمىغانلىقىدىن بەكمۇ ئوسال بولغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ بىزنى مازاق قىلىشىپ: «بىز تاق مائاشلىق تۇرۇپمۇ كىچىك ماشىنا سېتىۋالغان بولساقمۇ، ئۇلار ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسى مائاشلىق تۇرۇپمۇ كىچىك ماشىنا سېتىۋالمىدى، ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىقلا» دەپ زاڭلىق قىلىشى ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەڭ يامان بولغىنى ھازىر بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئۇنىڭ ساداقىتىگە ئەمەس، كىچىك ماشىنىسىنىڭ بار ـ يوقلىقىغا قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقى بولۇپ، ئايالىم بۇ ھەقتە بەكمۇ ئېچىنىش ئىچىدە سۆزلەپ بەردى، ئاخىرىدا ئۇ: «ئەمـ

دى نېمە بولسا بولسۇنكى چوقۇم كىچىك ماشىنا سېتىۋالمىساق زادى بولمايدۇ» دېدى كەسكىن قىلىپ، يەنە ئويلىنىپ قالدىم، ئايالىمنىڭ ھېلى دېگەن گەپلىرىدىن گۇمانلانغان بولساممۇ بىردىنلا بىر نەچچە سورۇندا تونۇشلىرىم ئىچىدىكى بىر قىسىم يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرنى باشقىلارنىڭ «مۇبارەك بولسۇن، ھەر ھالدا كىچىك ماشىنىلىق بولۇپسىلەر» دېگەنلىكىنى، قىزىق يېرى، ئەمەلگە تەيىنلەنگەنلەرنىڭمۇ خۇشاللىق ئىچىدە: «ئىشقىلىپ ئەجرىم ئەزىم بولۇپ كىچىك ماشىنىلىق بولۇپ قالدىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىم ئېسىمگە چۈشتى، ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسىغا ئۇلار مۇشۇنداق يېقىنچىلىق قىلىۋاتقان يەردە ئۆزىنىڭ چۆنتىكىدىكى پۇلغا كىچىك ماشىنا سېتىۋالغانلار نېمىلەرنى دېمەيدۇ دەيسىز، كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىشنى جىددىي ھەم كەسكىن تەلەپ قىلىۋاتقان ئايالىم ياش تۆككەن كۈنىنىڭ ئەتىسى: «كىچىكتۇرمەي كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىڭ» دېگىنىچە بىر نەچچە باغلام پۇلنى ئالدىمغا قويۇپ، مېنىڭ كىچىك ماشىنا سېتىۋالماسلىق پىلانىمنى يەنە جىددىي ۋە كەسكىن رەت قىلىۋەتتى.

ئەتىسى ئايالىم تەييارلاپ بەرگەن بىر نەچچە باغلام پۇلنى ئېلىپ تەۋەككۇل قىلىپ ئۆيدىن چىقتىم، يولدا كۆپ ئويلاندىم، مېنىڭكىدەك مائاشتىن ئۆزگە كىرىمى بولمىغان، كۈندىلىك تاپاۋىتى ئادەتتىكى چىقىمىغا ئارانلا يېتىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىش كىچىك ئىش ئەمەس، ئاخىرى بۇ ئىشنى كۈندە بار ـ يوقنى تەڭ كۆرىدىغان دىلكەش خىزمەتداشلىرىم بىلەن يەنە بىر قېتىم مەسلىھەتلىشىپ بېقىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ھېس قىلدىم، خىزمەتداشلىرىم مەقسىتىمنى ئۇقۇپ دەسلەپتە تىزلىرىغا ئۇرۇشۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، كېيىن «سىلىدەك قاتمال ئادەمنىڭ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىغا قارىغاندا جەمئىيىتىمىز ھەقىقەتەنمۇ تەرەققىي قىلىپ بىر يەرلەرگە بېرىپ قاپتۇ، بولدى سىلى كىچىك ماشىنا سېتىۋالساڭلا كېيىنچە بىزمۇ سىلىگە ئاۋاز قوشۇپ كىچىك ماشىنا سېتىۋالىمىز» دېيىشكىنىچە ماڭا يەتكۈچە مەدەت بېرىشتى، ئەمما ئۇلار ئاخىرىدا: «سېتىۋالىدىغان كىچىك ماشىنىنىڭ نۇسخىسىنى ئەڭ ياخشىسى سىلىنى مۇشۇنداق تەشەببۇسكار ھالغا كەلتۈرۈۋەتكەن ئاياللار بىلەن بىللە تاللاپ بېكىتىڭلار» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى، ئويلاپ باقسام بۇ ئىنتايىن توغرا تەكلىپ ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ـ دە، ئايالىم بىلەن تاكسىغا ئولتۇرۇپ دەريا بويىدىكى ماشىنا بازىرىغا قاراپ يول ئالدىم، تاكسى قىستا ـ قىستاڭ كوچىلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئازادە ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتىدۇ، شۇ تاپتا ئايالىمنىڭ چىرايىدا كۆرۈنمىگىلى خېلى يىللار بولغان خۇش تەبەسسۇم قايتىدىن جىلۋىلىنىپ، ئۇ ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاپتىپىدەك ئېچىلىپلا كەتكەنىدى، بىر چاغدا ئۇ ماڭا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ پەس ئاۋازدا: «بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاكسىدا ئولتۇرۇشىمىز بولۇپ قالىدىغان بولدى» دېۋىدى، مەن بېشىمنى لىڭشىتىپلا كۈتۈلمىگەندە ھوشۇمدىن كەتتىم... ھوشۇمغا كېلىپ ئۆزۈمنى ئوڭ پۇتۇم ۋە بېشىم تېڭىلغان ھالدا بالنىستىنىڭ كارىۋىتىدا كۆردۈم، يېنىمدىكى كارىۋاتتا ئايالىم سول قولى تېڭىلغان ھالدا نېمىلەرنىدۇر قاقشاپ ياتاتتى، تۇۋا خۇدايىم بۇ زادى نېمە ئىش ئەمدى؟ بىز ئەسلىدە تاكسىدا ئولتۇرۇپ ماشىنا سېتىۋالغىلى ماشىنا بازىرىغا ماڭغان ئەمەسمىدۇق، نېمە بولۇپ دوختۇرخانىغا كېلىپ قالغاندىمىز، كېيىن ھەممە ئىش ئېنىق بولدى، ئوغلۇمنىڭ دېيىشىچە بىز ئولتۇرغان تاكسى يول ئۈستىدە بىر يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپتۇ، بىزنىڭ جېنىمىز ھايانغا قېلىپ ھەر ھالدا يېنىك دەرىجىدە يارىلانغىنىمىز بىلەن تاكسى شوپۇرىنىڭ سول پۇتى تىزىنىڭ ئاستىدىن يەنە كېلىپ ئىككى ئورۇندىن سۇنۇپ كېتىپتۇ، مەن ئىپادە بىلدۈرۈپ، بولغىچە ئايالىم يىغلامسىرىغىنىچە:

— بولدى قويۇڭە، كىچىك ماشىنا سېتىۋالىدىغان پۇلنى بانكىدا جىم قويۇپ ئۆسۈمىنى خەجلەيلى، كونىلار: «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. ئالمادىس بىرەرسىمىز تاكسى شوپۇرىدەك ئېغىر يارىلانغان بولساق، بالىلىرىمىز قانداق قىلاتتى، پىيادە ماڭغانغا پۇتىمىز ئۇپراپ كەتمىگەنىكىدىن بالايى ـ ئاپەتنى قاراپ تۇرۇپ پۇلغا ئۆزىمىز سېتىۋېلىپ، چىللاپ كەلمەيلى، — دېدى بەئەينى ئالدىنقى قېتىم كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىش قارارىنى جاكارلىغاندەك كەسكىن قىلىپ، ئۇنىڭ كېيپى كۆڭلۈمگە ياغدەك ياقتى.

## ئەسلىدە ئات سېتىۋالغۇم بار ئىدى

ئات ھەققىدىكى خىيالىم يازمامنىڭ باش قىسمىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمدەك ئاشۇ بىر قېتىم سەھرادا ئاتنىڭ كارامىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان ئەمەس، قىسقىسى مەن ئاتنى خېلى بۇرۇنلا، يەنى ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىمدا ياخشى بىلەتتىم، كونكرېتنى دېسەم مېنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى ئەنگلىيىنى زىلزىلىگە سېلىپ كېيىن پۈتۈن دۇنيادا شىددەت بىلەن ئەۋج ئالغان سانائەتلىشىش (تار مەنىدىن ئېيتقاندا ماشىنىلىشىش)تىن باشلانغان ماشىنا ئىنقىلابى ئارقىلىق، ھازىرقى ماشىنىلارنىڭ تارخىنى پىششىق بىلگىنىمنى، ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن دۇنيادىكى نەچچىلىگەن ئېقلىملارغا ئەركىن يۈرۈش قىلغان ئاتىللادىن باشلاپ پۈتكۈل ياۋروپانى بويسۇندۇرماقچى بولغان ناپالېئون، جاھان ئەركىسى دەپ نام ئالغان چىڭگىزخانىنى بىلگىنىمدىن ئارتۇق دېگىلى بولمايدۇ، دېمەك مېنىڭ ماشىنا ھەققىدىكى بىلىشلىرىمدىن ئات ھەققىدىكى بىلىشلىرىم كۆپ بولۇپ، بۇ خىل ئەۋزەللىك مېنىڭ ياشاش مۇھىتىم بىلەنلا ئەمەس، ئەجدادلىرىمدىن ماڭا تۇلۇقى بىلەن مىراس قالغان ئاتنى ئۇلۇغلاش، ئاتنى شانۇ شەۋكەتنىڭ سمۋولى بىلىشتەك ئۆزگىچە ئادەتلىرىمنىڭ كېيىنكى ئىپادىسىدىن ئىدى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىم بىر ئەمەس، بەلكى بىر نەچچە ئات سېتىۋېلىشقا تولۇق يېتىدىغان بولسىمۇ، بىراق ئۆيۈم شەھەردە، يەنە كېلىپ خىزمىتىم بولغاچقا، ئاتنى بېقىشقا شارائىتىم يوق دېيەرلىك ئىدى. مۇشۇ كېلىشمەسلىك تۈپەيلىدىن تىت - تىت بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، يېقىن سەھرادا ئۆتكۈزۈلگەن ئوغلاق تارتىشىش بەيگىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر نەچچەيلەن ئاتايىتەن شەھەردىن كەلگەنىدۇق، دېگەندەك بۇ قېتىمقى بەيگە ئەجەبمۇ قىزىدى، مەن بەيگە داۋامىدا سەپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا چېپىپ كېتىۋاتقان قارا ئاتنى «ئاخىرقى ھېسابتا ئۇتۇپ چىقىدۇ» دېسەم، دوستلىرىم قوشۇلمىدى. ئۇلار «ياق، ئالدىدا كېتىۋاتقان بوز ئات ئۇتۇپ چىقىدۇ» دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشتى، بىز بىر دەم تالاش - تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆزئارا قىزىقچىلىق قىلىپ بەش يۈز يۈەندىن تىكىشتۇق، ئاخىرىدا مەن پەرەز قىلغاندەك قارا ئات ئۇتۇپ چىقتى، دوستلىرىم ھەيران بولۇشۇپ: «قارا ئات بوز ئاتنىڭ ئارقىسىدا تۇرسا سەن ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى قانداق بىلەتتىڭ» دېيىشتى، دېمىسىمۇ مەن قارا ئاتنىڭ بوز ئاتقا قارىغاندا، بېشىنىڭ كىچىك، پۇتىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىگە قاراپ شۇنداق ھۆكۈم قىلغانىدىم، بۇمۇ مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ئاتقا قىزىقىپ كېلىۋاتقانلىقىمنىڭ، يەنى بېشى يوغان، پۇتى قىسقا ئاتنىڭ ھەر قانچە قىلسىمۇ بېشى كىچىك، پۇتى ئۇزۇن كەلگەن ئاتقا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەتراپىمدىكىلەر مېنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىمنى ماختاپ تۇرۇۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى، يەنى توپ ئىچىدىكى بىر مويسىپىت كىشى يېنىمغا كېلىپ:

— سىلىنى قاراپلا بىلىۋالدىم، كادىر كەنلا، ياخشى ئاتنى قاراپلا تونۇيدىغانلار بارغانسېرى ئاز قالدى، سىلىگە قايىل بولدۇم، ئات ھەققەتەنمۇ ئەرنىڭ قانىتى، كەلسىلە، سىلىگە ئېتىمنى كۆرسىتەي، — دېدى قولۇمدىن تارتىپ، مەن قىزىققان ھالدا مويسىپىتقا ئەگىشىپ ماڭدىم، باشقىلارمۇ بىزگە ئەگەشتى، دېگەندەك ياندىكى جىگدىگە باغلاپ قويۇلغان جەدە ئات بەئەينى بۈگۈنكى بەيگىدە ئۇتۇپ چىققان قارا ئاتقا ئوخشاش بېشى كىچىك پۇتى ئۇزۇن ئىدى، مەن مويسىپىتنىڭ بۇ ئاتنى بەيگىگە سالماي بۇ يەرگە باغلاپ قويغانلىقىغا ھەيران بولدۇم، ئېنىقكى ئۇ بۇ ئاتنى بايا بەيگىگە سالغان بولسا، قارا ئاتنىڭ رىقابەتچىسى بولۇپ قالاتتى، مويسىپىت كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەكلا:

— ئۇللاھۇ ئالەم سىلى شۇ تاپتا بۇ قېرى مۇشۇنداق ياخشى ئاتنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ بىكارغىلا باغلاپ قويغۇچە، بايا بەيگىگە سالسا بولماسمىدى، دەپ ئويلاۋاتىلا، شۇنداقمۇ؟ — دېدى، تەبەسسۇم بىلەن، قارىغاندا ئۇ خېلىلا زېرەك كىشىدەك قىلاتتى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ بېشىمنى يېنىك لىڭشىتتىم.

— دۇرۇس، ئەسلىدە مادارىم يار بەرگەن بولسا، بايا بەيگىگە چۈشكەن بولسام بۇ جەدە قارا ئاتقا يېتىشۋالاتتى، بىراق كۆزۈم ئاجىزلاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشىم قايىدۇ، بۇ جەدىنى ئەسلىدە تاي ۋاقتىدا ئوغلۇم چوڭ قىلىپ مىنسۇن دەپ سېتىۋالغانىدىم، مانا چوڭ بولغىلىمۇ خېلى

بولدى، تازا چاپىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى، چاپتۇرىدىغان كىشى بولمىغاچقا، كۈچى مەندەك قېرىنىڭ ئىلكىدە ئىسراپ بولىۋاتىدۇ، — بوۋاي شۇنداق دېگەندىن كېيىن جەدە ئاتقا ئىپتىخار بىلەن قاراپ قويدى.

— ئوغۇللىرى چاپتۇرسا بولمامدۇ، — دېدىم ئەجەبلىنىش ئىلكىدە، شۇئان موسىپىتنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قورۇقلار ئارىسىدا ئېغىر ھەسرەت ئۇچقۇندىدى، كېيىن جىن چىراغدەك ئاجىز پىلىلداپ تۇرغان ئويچان كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈلدى ـ دە.

— ئوغلۇم ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا قاتناش ھادىسىسىگە يولۇقۇپ قازا قىلغان، — دېدى، ھەسرەت بىلەن، مەن ئۆزۈمنى چاغلىماي ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىمغا يەتكۈچە پۇشايمان قىلدىم، ئارىدا موسىپىت ئېغىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن:

— مانا پۇت ـ قولۇمدا مادار ئاز قالدى، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ قالدىم، خېلىدىن بېرى جەدىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان بىرى يولۇقسا، ئۇنى شۇ كىشىگە بېرىۋەتسەم بولاتتى دەپ يۈرەتتىم، قارىسام سىلى مەن ئىزدەپ يۈرگەن كىشىگە تازا ئوخشايدىكەنلا، مۇھىمى ئاتنىڭ قەدرىنى ھەم ئەلمى ـ تەلمىسىنى بىر ئوبدان بىلىدىكەنلا، سىلىنى بۈگۈن ماڭا ئاللا ئۆزى ئۇچراشتۇردى، خالىسىلا جەدىنى سىلىگە بېرىۋېتەي، ھەر قانداق نەرسە قەدرىنى بىلگۈچىنىڭ قولىغا چۈشسە ھەرگىزمۇ خارلىنىپ قالمايدۇ، قەدرىنى بىلمىگەن ئادەمگە ئالتۇن بەرسەڭ ئۇ ئالتۇننى خەسنىڭ ئورنىدا كۆرىدۇ، مەن كېيىنچە جەدىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، خارلىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن، قانداق بۇ جەدە قارا ئاتقا ئوخشامدىكەن؟ — دېدى دانىمۇ دانە قىلىپ، مەن نېمە دېيىشىمنى دەرھال بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدىم، كېيىن:

— مەن خىزمەت قىلىمەن، مۇھىمى ئۆيۈم شەھەردە، ئاتنى بېقىشقا شارائىتىم تازا ماس كەلمەيدۇ، شۇ... شۇڭا... — دېدىم باھانە كۆرسىتىپ، موسىپىت ماڭا قاراپ پىسىڭىدە كۈلگەندىن كېيىن:

— بىلىمەن، كادىرلار ئات باقسا بولمايدۇ، دېگەن قائىدىنىڭمۇ يوقلىقىنى، شەھەردە ئات باققىلى بولمايدۇ دېگەن گەپنىڭ ئاساسىنىڭ يوقلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن، ئوبدانراق دەڭسەپ باقسىلا بىلىپ قالدىلا، ئات دېگەن ماشىنىنىڭ رېمونت پۇلىسىغا بېقىلىپ كېتىدۇ، ماشىنىغا ئۆي راسلىغان يەردە ئاتقا قوتان راسلىغىلى بولماسما ئۇكام!؟ — موسىپىتنىڭ گېپى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ئەتراپقا توپلانغانلار موسىپىتنىڭ سۆزىنى قوللاپ ماڭا مەدەت بېرىشكە باشلىدى.

— راست دەيدۇ، ئات دېگەن ئۇششا نېمە، تەربىيىلىسە ھەممىگە كۆنىدۇ.

— ئىككىلىنىپ تۇرماي تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقايلى، سودا قىلايلى.

— تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ! مېنىڭ قولۇمدا پۇل بولغان بولسىچۇ مۇشتۇرقۇم! بۇنداق يارامىلىق ئاتنى تاپماق ئوڭاي ئەمەس تۇغقانلىرىم!

تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاتنىڭ تەرىپىنى قىلىش باشلىنىپ كەتتى. دوستلىرىممۇ ئەتراپتىكىلەرگە قوشۇلۇپ كېتىشكەنىدى، «بىزدىن ئۆتىۋالغان پۇلغا، يېنىڭدىن ئازراق قوشساڭلا ئاتلىق بولۇپ قالىسەن» دېيىشتى، ئۇلارمۇ ماڭا مەدەت بېرىپ، ئاخىرى غەيرەتكە كەلدىم، ئادەمنىڭ سۆلىھى ـ سالاغا كۆنىشى تۇغما ئادەت ئوخشايدۇ.

— لەۋزىلىرىنى يەردە قويماي، قېنى، نەرخىنى دېسىلە، جەدىنى مەن باقاي، — دەۋەتتىم مەردانە ھالدا.

— بەللى! ئويلىغىنىمدەك مال تونۇيدىكەنلا، بولدى، جەدە سىلىنىڭ قوللىرىغا چۈشسە خارلىنىپ قالمايدۇ، ئۆزلىرى ئاتىغاننى بەرسىلە، — دېدى موسىپىتمۇ مەردانىلىق بىلەن، كېيىن ئۇ ھەر قانچە دېسەممۇ ئاتنىڭ نەرخىنى دېگىلى ئۇنىماي «ئۆزلىرى ئاتىغاننى بەرسىلە» دەپلا تۇرىۋالدى. ئاخىرى يېنىمدىكىلەرنىڭ ئارىغا كىرىپ، ئەقىل ئۆگىتىشى بىلەن دوستلىرىمدىن بايا ئۆتىۋالغان بەش يۈز يۈەنگە يېنىمدىن بەش يۈز يۈەننى قوشۇپ مىڭ يۈەن جەملىدىم ـ دە، موسىپىتقا سۇندۇم، قىزىق ئىش يەنە يۈز بەردى، موسىپىت قولۇمدىن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن سانىماي كۆرمەي ئىككى يۈز يۈەننى ئايرىپ ئېلىپلا قولۇمغا تۇتقۇزدى ۋە:

— سىلى كادىر بولغاندىكىن جەدىگە لايىقلىرىدا ئىگەر ئالسىلا، ماۋۇ كونا ئىگەرنى مەن ئېلىپ كېتىپ ساقلاپ قوياي، جەدىنى ھەر قېتىم سېغىنغاندا كۆزۈمگە سۈرتەرمەن، — دېدى ئۇ جەدە ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، كې

يىن ئۇ قايرىلىپ ئاتقا كۆزى قىيمىغان هالدا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ تېز قەدەم بىلەن كېتىپ قالدى، مەن ئارىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر نەچچە تامچە ياشنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى غىل- پال كۆرۈپ قالدىم، مانا مەن شۇنداق جەريانلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ ئاخىر ئاتلىق بولدۇم. بىر هېسابتا ئۆزۈمنى قاناتلىق بولدۇم دېسەممۇ، ئەمدى مۇشكۇل ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمايمەن دېسەممۇ، ئەمدى مېنى ئەجدادىمنىڭ روهى يۆلەيدۇ دېسەممۇ بولىدۇ... دۇنيادا بىر خۇشاللىقنىڭ بىر خاپىچىلىقى بولىدۇ دېگەن توغرىمۇ قانداق، شۇ كۈنى خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمىغان هالدا ئاتنى مىنىپ شەهەرگە يېقىنلاپ كەلگىنىمدە، يېڭىگە بەلگە تاقىۋالغان بىر كىشى ئالدىمنى توستى، بىلدىمكى، ئۇ شەهەرگە، ئات، ئېشەكلەرنىڭ كىرىشىنى مەخسۇس چەكلەيدىغان كىشى ئىكەن، ئۇنىڭغا بىر هازا قىلغان چىرايلىق گەپلىرىم كار قىلمىدى، شۇنداق قىلىپ خۇشاللىقىم خاپىچىلىققا ئايلاندى، ئاخىر جەدە ئاتنى مىنىپ شەهەر ئەتراپىدىكى كونا مەهەللىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. تۇغقىنىم جەدە ئاتنى سېتىۋالغانلىقىمنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، «ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىپسىز، شەهەرگە ئەكىرگىلى قويمىغان بولسا، مەن قوتاندا بېقىپ بېرەي، خاتىرجەم بولۇڭ، مىنىدىغان ۋاقتىڭىزدا كېلىڭ»، دېدى. ئەپسۇس، ئۆيگە بېرىپ بۇ خۇشاللىقىمنى ئايالىمغا، بالا- چاقىلىرىمغا ئېيتقانىدىم، تۇنجى بولۇپ ئايالىم چالۋاقاپلا كەتتى.

— جاهانىنىڭ ئىشلىرى نەدە كېتىۋاتىدۇ، سىز نەدە كېتىۋاتىسىز، ئات باقىدىغانغا بىز دېگەن دېهقان بولمىساق، قىلغان ئىشىڭىزنى كۆرمەمدىغان، قارىغاندا سىز دەرهال دوختۇرغا كۆرۈنمەي مۇشۇ تەرىزدە يۈرسىڭىز ئۇزاققا قالماي رەسمىي ساراڭ بولۇپ، كىيىملىرىڭىزنىمۇ سېلىۋېتىپ كوچىغا چىققۇدەكسىز، مەن قورقۇپ قالدىم، — دېدى، هەر نېمە قىلغان بىلەن ئايال خەقتە، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئېغىر ئالمىدىم، بىراق ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ مېنىڭ جەدە ئاتنى سېتىۋالغىنىم ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچۈپ ئەتراپقا تارقالدى، ئەمدى ئىشنىڭ هەققىي قىزىقى چىقىشقا باشلىدى، ئالدى بىلەن مېنى جەدە ئاتنى سېتىۋېلىشقا تۇنجى بولۇپ قىزىقتۇرغان دوستلىرىم ئىدارەمدىكىلەرگە: «هاي دېسەك ئۇنىمىدى، بىزمۇ ساراڭ بىلەن تەڭ بولمايلى دەپ ئايرىلاشمىدۇق، كادىرنىڭ ئات باقىنى نەدە بار. بۈگۈن ئۆزىچە ئاتنى ماختاپ قوپتى، كىم بىلىدۇ، تېخى ئۈگۈنلۈككە تېخىمۇ ئېلىشىپ، ئېشەك مىنىش شەرەپ دەپ قوپامدۇ بىلمەيمىز» دەپ يۈرگۈدەك. تۇۋا، كادىر بولغانلىقىم، يەنە كېلىپ شەهەردە ياشىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئات باقسام بولمايدىكەن، ئاران ئىككى هەپتىلا بەرداشلىق بېرەلىدىم، ئۆيگە كىرسەم ئايالىم، سىرتقا چىقسام تونۇش- بىلىشلىرىمنىڭ تاپا- تەنىسى ئارامىمدا قويمىغاچقا، كۆزۈمنى يۇمۇپلا جەدە ئاتنى سەهرادىكى بىرىگە ئۆز پۇلىغا بېرىۋەتتىم، شۇنداق قىلىپ مەندىمۇ جەدە ئاتنىڭ يېڭىدىلا سېتىۋالغان چىرايلىق ئىگىرى ئەسلىمە ئورنىدا قالدى، مانا بۇ مېنىڭ ئات هەققىدىكى كەچمىشلىرىم بولۇپ، هازىرغىچە كۆڭۈل تېگىمدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

مېنىڭچە ئىنسانىيەتكە كېرەكلىك بولغان كېرەكلىك بولغاندىمۇ قۇياش بىلەن ئايغا ئوخشاش تەبىئىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان شەيئىلەرنىڭ مەڭگۈ زاۋاللىقى بولمايدۇ، بۇ خۇددى شۇنچە كونىراپ كەتكەن قۇياش بىلەن ئاينىڭ ئورنىنى قانداقتۇر بىر خىل يېڭى شەيئى ئەبەدى ئالالمىغاندەكلا ئاددى ئىش، مۇبادا هەممىمىز بىردەك يۇقىرىقى قانۇنىيەتنى قوبۇل قىلساق، ئات بىلەن بولغان ئارىلىقىمىزنىڭ شۇنچە ئۇزىراپ كېتىشىگە ئەمدى پەقەت ئاتنىڭ هايۋانلىق تەبىئىتىنىلا هېسابقا ئالغانلىقىمىزدىن ئىبارەت بوشلۇق قالىدۇ.

خوش، مېنىڭ ئەسلىدە شەهەرلىشىشتىن ئىلگىرى سەهرالىق بولغانلىقىم، كونكرېت ئېيتقاندا، ئات بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقىم بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ ئاتقا خۇشتار بولۇپ، ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ كەتكەنلىكىمدىكى سەۋەبنى قىلچە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى ئات بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيادىكى قانچىلىغان زامانىۋى شەهەرلەردىن تەل- تۆكۈس قوغلانغىنى يوق، ئۇ يەنىلا بىر قىسىم مەشهۇر شەهەرلەرگە سۆلكەت بېغىشلاپ، زەردارلارنىڭ ئىلكىدە قەدىرلىنىپ مەيە، پەيتۇنلاردا، بىپايان داللاردا كارامىتىنى كۆرسىتىپ دۇنيادا بىرىدىن- بىر يېشىل قاتناش ۋاستىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە نۆۋەتتە ماشىنىلار شەهەرلەرنى

شىددەت بىلەن ئىگىلەپ، كىشىلەرنى بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلارغا قىستاۋاتقان ئەڭ يامان بولغىنى بىر قىسىم بەختسىز كىشىلەرنىڭ جېنى ماشىنىلارنىڭ رەھىمسىز چاقلىرىنىڭ ئاستىدا باقىيغا رەھلەت قىلىۋاتقان، ماشىنىلاردىن قۇيۇۋېتىلگەن ئىس ــ تۈتەكلەرنىڭ دەستىدىن ئىنسانلارنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتقان رېئاللىق ئالدىدا بىردىن ــ بىر يېشىل قاتناش ۋاستىسى ھېسابلىنىدىغان ئاتنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ جۇلالىنىشى مۇقەررەر.

## يەنىلا كىچىك ماشىنا سېتىۋالمىسام بولمىغۇدەك

ھەقىقەتەنمۇ ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىكەن، ئايالىم بىلەن بالىنىستىن چىقىپ بىر مەزگىل ئۆتۈپلا شۇ قېتىمقى ھادىسىنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتۇق، ھەر ھالدا قورقۇپ كەتكەنلىكىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزدە شۇ قېتىملىق ھادىسىنىڭ ئىزناسى قالمىغانىدى، ئۇ ئىشلار پەقەت كۆندە شەھەردە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ قاباھەتلىك ئۇچۇرلىرىنى ئاڭلىغان ھەم بىۋاسىتە كۆرۈپ: «شۇ چاغدا بىزنى خۇدايىم زەپمۇ ساقلاپتىكەن» دېگەن چېغىمىزدىلا تىلغا ئېلىنىپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىمىزدىكى كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى ئىلگىرىكىدىن پەسىيىشتە يوق، بەلكى نۆۋەتتە خەلقئارا بازاردا كۈندىن ــ كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرىلىۋاتقان ماي باھاسى بىلەن بەسلەشكەندەكلا يۇقىرىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن كونىلارنىڭ «ئەتىگەندە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قوشناڭغا باق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئىلگىرى بىلمەي دىلىمنى كۆپ ئاغرىتىۋالغاچقا، ئەمدىلىكتە ئەتىگەن تۇرۇپلا، قوشنىلارنىڭ كۆڭۈل راھىنى كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم، شۇنى بىلدىمكى، نۆۋەتتىكى كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى مەن ئويلىغاندەك ھەم ئېيتىۋار بىلەن قارىغاندەك كىشىلەرنىڭ كۆندىلىك ھاجىتىگە، ئىقتىسادىي كىرىمىگە، ماشىنىنى بىخەتەر ھەيدەش ئىقتىدارىغا بېقىنىشتىن خېلىلا يىراقلاپ، خاس راھەتلىنىش، پەيزىنى سۈرۈش، باشقىلاردىن كېيىن قالماسلىق، ئاخىرقى ھېسابتا تەرەققىياتقا ماسلىشىپ، ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىشتىن ئىبارەت زامانىۋى شەكىلگە كىرىپ بولۇپتۇ، مۇبادا سىز شەھەر كوچىلىرىدا سىگنال بېرىشىپ، قىستىلىشىپ كېتىشىۋاتقان كىچىك ماشىنىلارغا: «ـ قاتناش ھادىسىسى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى، ئارىمىزدا ھاياتى سىلەرنىڭ چاقلىرىڭلارنىڭ ئاستىدا ئاخىرلىشىۋاتقانلار، پۇت ــ قوللىرى كېسىلىپ مېيىپ بولىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، قاتناش قائىدىسىگە ئەمەل قىلىڭلا! ھايات مەنمەنچىلىكتىن، راھەتتىنمۇ قىممەتلىك!» دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋاقىرىسىڭىزمۇ ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شۇ تاپتا ئالدىدىكى ماشىنىدىن ئېشىپ كېتىش ھەلەكچىلىكىدە سىزنىڭ ئورۇنلۇق مۇراجىتىڭىزگە قۇلاق سېلىشقا ۋاقتى يار بەرمەيدۇ. غۇرا غورىنى كۆرسە ئالا بولماي قالاتتىمۇ، مانا، ماڭا ئوخشاش ئاتقا بولغان ئىشتىياقىنى ئىسپىي بولسىمۇ ساقلاپ، ئالا بولماي كېلىۋاتقان غورىمۇ ئاخىرى ئالا بولۇشقا باشلىدى، مېنى مەۋقەسى يوقكەن دېيىشتىن ئىلگىرى ئوغلۇمنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، بەلكىم ئۇ سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلارغا دەردىنى بۇ چاغقا تۆكۈپمۇ بولغاندۇر. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ بىر نەچچە كۈن ئالدىدىكى: «دەرھال كىچىك ماشىنا سېتىۋالمىساق قەتئىي بولمايدۇ»، دېگەن ئىنتايىن جىددىي ھەم كەسكىن تەلىپىگە قوشۇلۇشنىڭ ئورنىغا، نۆۋەتتىكى قاتناش ھادىسىسىنىڭ كۆپلىكىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سەممىي نەسىھەت قىلغان بولسامۇ، ئۇ كۈتۈلمىگەندە ماڭا ھۆرپىيىپ: «تەلىپىمنى رەت قىلساڭ بۈگۈندىن باشلاپ ئۆيگە كەلمەيمەن» دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆيگە كەلمەيمەن دېگىنى بىر ھېسابتا «كىچىك ماشىنا ئېلىپ بەرمىسەڭ سېنى دادام دېمەيمەن» دېگىنى بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ، بۇنى ئايالىم ماڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويدى، دېمىسىمۇ ئوغلۇمنىڭ خىزمەتكە چىقىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلىقىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق نام ــ ئاتىقى بار، ئالدى بىلەن ئۇنى خەقلەر: «ۋاي پالانىنىڭ يالغۇز ئوغلى بۇ» دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىدۇ، ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئۇنىڭ توينى قىلىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە مۇبادا ئائىلىمىزدە (گەرچە ئوغلىمىزنىڭ نامىدا بولمىسىمۇ) كىچىك ماشىنا بولمىسا قىز تەرەپ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن

چوقۇم كۇمانلىنىپ قالغۇدەكمىش، ئەگەر بۇ يېڭى ئۇچۇرنى ئايالىم بىلەن ئوغلۇم ماڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرمىگەن بولسا، مەندەك قاتمال بىر كىشى بۇنداق بولۇشنى نەدىن بىلەي! ئوغلۇمغا يەنە چۈشەندۈرۈپ (مەن ئاناڭنى ئالغاندا ئۇنى توپاق هارۋىسىدا يۆتكەپ كەلگەن) دېگىلى بولاتتىمۇ! كونىلارنىڭ «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بارىسەن» دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئايالىمغا ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلىتكۈزۈپ كۆردۈم، لېكىن ئۇ «بىر تال ئوغلىمىز ئۈچۈن لەۋزىمىزدىن يانساق ئەرزىيدۇ، مەيلى جاهانغا بېقىپ ئىش كۆرەيلى» دېگىنىچە، بىردىنلا ئوغلۇم تەرەپتە تۇرىۋالدى، ماڭا بۇ دۇنيادا ۋەتىنىم، ئايالىم، ئوغلۇم، قىزىمدىن باشقا يەنە نېمە قەدىرلىك ئىدى؟ قوشۇلماي بولاتتىمۇ! بىراق ئەنسىرەيمەن، قاپاق كۈندە سۇنمايدۇ كۈنىدە سۇنىدۇ دېگەندەك ئۇشتۇمتۇت قاتناش هادىسىسىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن.

پاھ، كۆرىمەن دېسىڭىز قىلچە ئىككىلەنمەيلا ماشىنا بازىرىنى كۆرۈڭ، كۆزىڭىز ئالاچەكمەن بولۇپ چاقناپ كەتمىسە هېساب ئەمەس، بۇ ئازادە مەيداندىكى هەرخىل تىپتىكى كىچىك ماشىنىلارنى دېمىگەندىمۇ كىشىلەرنىڭ توپ ــ توپ بولۇپ كىچىك ماشىنىلارنى تاللاۋاتقانلىقى، سىناۋاتقانلىقى، باهاسىنى كېلىشىش ئۈچۈن ئالقانلىرىغا تۈكۈرۈپ يەرگە ئۇرۇۋاتقانلىقى ئاجايىپ مەپتۇنكار مەنزىرە ئىدى، ئوغلۇم خۇشال هالدا كىچىك ماشىنىلارنى تاللاۋاتقاندا، تۇرۇپلا مېنىڭ كۆز ئالدىمغا شەهەرنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان مال بازىرى، كونكرېت ئېيتقاندا، ئات بازىرى كېلىۋالدى، مۇبادا ئوغلۇم قوشۇلغان بولسا تازا شۇ بېشى كىچىك، پۇتى ئۇزۇن ئاتتىن بىرنى ئېلىپ بەرگەن بولسام، مەكتەپكە ئاتنى چاپتۇرۇپ بارسا، كەچلىكى ئاتنى هېلىقى تۇغقىنىمىزنىڭ قوتۇنىدا قويۇپ شەهەرگە قايتىپ كەلسە، ئەتىسى يەنە شۇ يەردىن ئېلىپ چاپتۇرسا، يەنە ئوقۇغۇچىلىرىغا قەرەللىك دالا پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارغىمۇ ئات مىنىشنى ئۆگەتسە، نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك بولاتتى ــ هە، مېنىڭچە بالىلىرىمىزغا ماشىنىلارنىڭ ۋەهىمىلىك سىگناللىرىدىن ئاتلارنىڭ يېقىملىق كىشنەشلىرى ئەۋزەل ئىدى، خىيالىمنى يەنىلا ئوغلۇم بۆلىۋەتتى، ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ بازاردىكى ماشىنىلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە يارايدىغان ماشىنا يوقكەن، يۈرىكىم قارتتىدە قىلدى، مۇشۇنچە كۆپ ماشىنىلارنىڭ ئىچىدە بىرەرى ئوغلۇمغا ياقمىغان بولسا، مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن كۆرىدىغان كۈنۈم بار ئوخشايدۇ، بۇ هەقتە ئوغلۇم بىلەن ئوبدانىراق سۆزلىشەي دەپ تۇرسام، كىمدۇر بىرى دولۇمغا مۇشتلاپ سۆزلەپلا كەتتى، قارىسام ئۇ هېلىقى چاغدا مېنى جەدە ئاتنى سېتىۋېلىشقا ئۈندىگەن دوستلىرىمنىڭ بىرى ئىكەن، راستىنى دېسەم شۇ چاغدا ئۇنىڭ سامانلىقىنىڭ ئاستىدىن سۇ قويۇپ بەرگەنلىكىنى كۆڭلۈمگە قاتتىق تەككەچكە ئىزدەشمىگەنىدىم.

— مانا، مانا، ئات ئېلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار دېگەن راست ــ تە، كىچىك ماشىنا سېتىۋالغۇچە ئات سېتىۋالىمەن دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغان نوچىغۇ سىلى! قانداق بۇ بازارغا بۈگۈن بېشىڭلا ئايلىنىپ كېلىپ قالمىغانسىلەر ــ هە، — دېدى، دوستۇم بەئەينى مەن ئۇنىڭ يۈزىگە كەلگىلى بولمايدىغان بىرەر يامان ئىش قىلغاچقا، ماڭا تەنە بىلەن بېرىۋاتقاندەك مەغرۇرلۇق بىلەن، ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ بىر دەم مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا راست گەپنى دېدىم.

— مانا، ئاخىرىدا ئىش مۇشۇنداق بولاتتى، مەن بىلەتتىم، ئويلاپ بېقىڭلا، هەممە ئادەم ماۋۇ تەرەپكە ماڭسا، سىلى يالغۇز قارشى تەرەپكە ماڭساڭلا، سىلىنى ساراڭ دېمەي نېمە دەيمىز، سىلى دېگەن تۈتسا سېپى بار ئادەم تۇرساڭلا، ئاشۇ بىر نان تاپسا داپ چالىدىغان كوسپۇرۇچلار كىچىك ماشىنا مىنىۋاتقان يەردە، سىلى بىز دېگەن ئايروپىلان سېتىۋالساقمۇ ئەرزىيدۇ. سىلىگە دېسەم، مەنمۇ ئەسلىدە ئەتراپىمدىكى يالاڭتۆشلەرگە ئۆزۈمنى تازا بىر كۆرسىتىپ قوياي دەپ كىچىك ماشىنا سېتىۋالغان، مانا ئەمدى مۇشۇ بازارنىڭ خوجىسىغا ئايلىنىپ قالدىم، سىلى كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىشقا كېچىككەن بولساڭلارمۇ هەر هالدا ئوغلۇڭلارنىڭ ئەقلى باركەن، مەن سىلىگە ياردەملىشەي، بىلىشىمچە سىلىنىڭ بۇ بازارغا تۇنجى قېتىم كېلىشىڭلا هەقاچان، گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ دەپ بۇ بازارنىڭ ئەهۋالىنى مانا مەندەك كىچىك ماشىنىنى سورتلاپ مىنىدىغانلار ئوبدان بىلىدۇ، — دېدى دوستۇم ئوغلۇمغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، دېگەندەك ئوغلۇمنىڭ چىرايى ئېچىلىپلا كەتتى، مېنىڭمۇ هاردۇقۇم چىققاندەكلا بولدى، هەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۇستا دېگەندەك مەن ئات سودىسىغا

پىششىق بولغىنىم بىلەن، كىچىك ماشىنىنىڭ
سودىسىغا دوستۇمدەك ئۇستا ئەمەسكەنمەن، بىز
ئۇچىمىز كەچ كىرگۈچە بازارنى ئايلانغان بول-
ساقمۇ، ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىدىكى ماشىنىنى تاپال-
مىدۇق، تاپالمىدۇق ئەمەس، ئوغلۇمنىڭ تەلىپى
بويىچە ئۇنىڭ ئەڭ يېڭىسىنى تاپالمىدۇق، سالا-
چىلارنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، بىز ئالدىنقى كۈ-
نى كەلگەن بولساق، ئۇ ماشىنىنىڭ يېڭىسىدىن
باركەنتۇق، ئاخىر ئوغلۇمنىڭ سۇنغان كۆڭلىنى
يەنە دوستۇم «مەن ئەتىلىككە ئۈرۈمچىگە بارى-
مەن، ماشىنىنى مەن ئالغاچ كېلەي» دەپ كۆتۈ-
رىۋەتتى، دېمىسىمۇ بىز ئەتىدىن بېرى ماشىنا
بازىرىنى ئارىلاش جەريانىدا دوستۇمنىڭ سېپى
ئۆزىدىن ماشىنا سودىگىرى بولۇپ يېتىشكەنلى-
كىنى بىلگەنىدۇق، ئاخىرىدا كىچىك ماشىنا
سېتىۋېلىش ئۈچۈن تەق قىلغان پۇلنى دوستۇم-
نىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، قالغان گەپنى ئۇ ماشىنىنى
ئېلىپ كەلگەندە دېيىشىدىغان بولۇپ خوشلاش-
تۇق، شۇنداق قىلىپ بىزمۇ بىر ھېسابتا باشقى-
لارغا ئوخشاش كىچىك ماشىنىلىق بولۇپ قالدۇق،
گەرچە ھازىرقى ئەھۋالىمىز نەسىردىن ئەپەندىمگە
يولدا ئاتىنىڭ ناھالىسى ئۇچرىسا: «خۇدايىم ماڭا
ئات بەردى، ناھالىنى بەرگەن خۇدايىم ئاتنى چوقۇم
بېرىدۇ» دېگىنىگە ئوخشىسىمۇ، ئايالىم بىلەن
ئوغلۇمنىڭ تەبىرى بويىچە ئائىلىمىزنى يەنىلا
«كىچىك ماشىنىلىق ئائىلە»، كونكرېت ئېيت-
قاندا، «ئەل قاتارى ئائىلە» دېگىلى بولىدۇ.

دوستۇم، ئۈرۈمچىگە كېتىپ ھەپتە ئۆت-
مەستە، ئوغلۇم تۇغۇلمىغان موزايىغا ئارقان تەي-
يارلاپتۇ دېگەنەدەك كىچىك ماشىنىغا ئىشلىتى-
دىغان بىر قىسىم نەرسىلەرنى تەييارلاپ بولۇپتو،
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئايالىمنىڭ پەيلىدىمۇ ئۆزگى-
رىش بولدى، كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇ توي ـ تۆ-
كۈن، مەرىكىلەردە بۇرۇنقىدەك غىرىپسىنىپ
ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئەمدى قەددىنى رۇسلاپ
ئولتۇرۇپ: «ئالغاندىكىن ياخشىراقنى ئالايلى دەپ
بىۋاستە ئۈرۈمچىگە پۇل خۇيلىغانىدۇق، كى-
چىك ماشىنىمىزمۇ ھېلىغىچە ئاقسۇ ياكى قەشقەر
تەۋەسىگە كېلىپ بولغاندۇر»، دېگەن گەپنى
توشقۇزۇپ دەپ يۈرىدىغان بولدى، دېسىغۇ مەي-
لىدى، بىراق دەپ يۈرگىنىگىمۇ خېلى كۈنلەر
بولۇپ قالدى، ئەمدى يامان بولغىنى بىر قىسىم
مەنمەنچى، جاۋۇلداق ئاياللار ئايالىمنى ئۇچۇق-
تىن ـ ئوچۇق مەسخىرە قىلىشىپ: «كىچىك ما-
شىنا ئەمەس، ئاقسۇدىن نەزەر مۇپتىنىڭ ئېتىنى
سېتىۋالغان بولساڭلارمۇ بۇ چاققا كېلىپ بولات-
تى» دەپ مەسخىرە قىلىشى بولدى... بىلدىمكى،
ھەممە خاپىلىقتىن بىر يولى قۇتۇلۇش ئۈچۈن
يەنىلا كىچىك ماشىنىنى تېزرەك سېتىۋالمىسام
بولمىغۇدەك...

## ئاخىرقى قارارىم ـــ يەنىلا ئۆزۈمنى دەڭسەپ باقىمەن

بۈگۈن تاڭ سەھەردە، ئوغلۇمنىڭ تەلىپى
بويىچە دوستۇمنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىش ئۈ-
چۈن ئۇنىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئازادە قورۇ جايىغا
قاراپ يول ئالدىم. دوستۇمنىڭ تال ـ باراڭلىق ئا-
زادە ھويلىسىدا تۇرغان بىر نەچچە كىچىك ماشىنا
مېنى جەلپ قىلىۋالدى، بەلكىم بۇ دوستۇمنىڭ
بازارغا سېلىش ئالدىدىكى ماشىنىلىرى بولسا
كېرەك دەپ ئويلىدىم، ھويلىدا كىچىك ماشىنى-
لارنى كۆرۈپ خېلى تۇرغان بولساممۇ، ئۆيدىن بىر
كىم چىقمىدى، يۆتۈلۈپ قويدۇم، ئىشىكنى بىر
نەچچە قېتىم ئۇرۇپمۇ باقتىم، ھېچقانداق تىۋىش
يوق، مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆيدە ئادەم بولمىسا
كىشى بەكمۇ ھەيران بولىدىكەن، بىر چاغدا
سىرتتىن ئىككى ئايال بىلەن بىر ئوغۇل بالا بۇ-
غۇلۇپ يىغلىغىنىچە كىرىپ كەلدى، ئارقىدىن
قوشنىلىرى بولسا كېرەك بىر نەچچە ئەر ـ ئاياللار
كىرىپ كېلىشتى، مەن دەماللىققا گاڭگىراپ قال-
غان بولساممۇ، ئاخىر ئارىدىكى ئىشتىن تولۇق
خەۋەردار بولدۇم، ئەسلىدە دوستۇم ئىككى كۈن
ئىلگىرى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىش يولىدا
قاتناش ھادىسىسىگە يولۇقۇپتۇ، ئەھۋالى ئېغىر
بولۇپ، ھازىر ئۈرۈمچىدىكى قايسىدۇر بىر دوخ-
تۇرخانىدا قۇتقۇزۇۋېتىلىپتۇ، ھېلىقى ئىككى
ئايال دوستۇمنىڭ ئايالىنى بايىلا ئۈرۈمچىگە يولغا
سېلىپتۇ، ھازىر بۇنچە چوڭ ئۆيدە پەقەت دوس-
تۇمنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن توقسان نەچچە ياشقا
كىرىپ ئاجىزلاپ قالغان ئانىسىلا باركەن، بۇ
گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىم پىررىدە قايدى، ئورنۇم-
دىلا ئولتۇرۇپ قالغىلى تاسلا قالدىم، ئۆيگە قايتىپ
كېلىپ ئايالىمغا ئەھۋالنى دېگەنىدىم، ئۇ بىر دەم
ئۇھ تارتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

ـــ بىتەلەي سۇغا چىقسا، كالا ئۆستەڭگە
تېزەكلەپتۇ دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ، قارىغاندا بىزگە
كىچىك ماشىنا ھەقىقەتەنمۇ ياراشمىغۇدەك داد-

سى، مانا يول بولماپتۇ ئەمەسمۇ، يامان بولغىنى شۇنچە كۆپ پۇلىمىز ئەمدى هاۋاغا ئۇچارمۇ— دېگىنىمچە هەسرەت چېكىشكە باشلىدى، دېمىسىمۇ دوستۇم بۇ هالدا تۇرغاندا ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلنىڭ ئاسان قولىمىزغا تېگىشىگە كۆز ئىلەتتىمۇ! كۈنلەر تولىمۇ بىسەرەمجانلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى، شۇنچە قىلىپمۇ دوستۇمنىڭ ئەهۋالىدىن تولۇقراق خەۋەردار بولالمىدىم، ئوغلۇممۇ ماشىنىنىڭ گېپىنى قىلىپ، قىلىپ هاردى بولغاي ئەمدى، بۇ هەقتە گەپ قىلمايدىغان بولدى، ئارىدىن بىر ئايچە ئۆتكەندىن كېيىنلا دوستۇمنىڭ ئەهۋالىدىن خەۋەردار بولدۇق. بىلدۇقكى، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى لوتىسىدىن كېسىۋېتىلىپتۇ، مەسىلىنىڭ ئاساسلىق قىسمى دوستۇمدا بولغاچقا، قارشى تەرەپتىن يارىلانغانلارنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى دوستۇم تۆلەشكە بۇيرۇلۇپتۇ... دوستۇمنىڭ داۋالىنىشقا ئەمدى پۇت سالدۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىدىكى داڭلىق دوختۇرخانىلارغا ماڭارمىش... بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ لاسىدە بوشىشىپ كەتتىم، مائاشىمىزدىن مىڭ تەستە ئىقتىساد قىلىپ يىغقان پۇلىمىزنىڭ كېيىنچە قولغا تېگىشىدىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈلگەنىدى، مانا شۇ كۈندىن كېيىن ئۆيىمىزدە ئىلگىرىكىدەك ماشىنا سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئەمەس، بەلكى «ماشىنا سېتىۋالىدىغان پۇلىمىزنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىشىگە زادى كىم سەۋەبچى بولدى» دېگەن مەسىلە تالاش ـ تارتىش قىلىنىدىغان بولدى، ئايالىم «سىلى كىچىك ماشىنىنى دوستۇم ئۈرۈمچىدىن ئەكىلىپ بېرىدىغان بولدى، دەپ قولىمىزدىكى پۇلنى يوقاتتىڭلا، دەپ ماڭا دوق قىلسا، مەنمۇ بوش كەلمەي «كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىش ئىشىدا سىلى ئوغلىمىزغا نەسىھەت قىلماي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا مەدەت بەردىڭلا» دەپ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم، مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوغلۇم سىرتتىن تولىمۇ پەرىشان هالدا قايتىپ كەلدى ـ دە، كۆتۈلمىگەندە مېنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، تولىمۇ پەرىشان بولدۇم، كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، قوشنا ناهىيىدىكى ساۋاقدىشى سىڭلىسى بىلەن كىچىك ماشىنىسىدا قاتناش هادىسىسىگە يولۇقۇپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ، ئوغلۇم شۇنچە يىغلاپ كەتكەن يەردە بىر كۈندە بالاغەتكە يەتكەن ئوغلى بىلەن قىزىنى يەرلىككە ئۇزاتقان ئاتا بىلەن ئانىنىڭ يۈرىكى نېمە بولۇپ كەتكەندۇ...! تەسەۋۋۇر قىلدىمكى، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتتى، بەلكىم راست بىر كۈندە بىر ئۆيدىن ئىككى جىنازا كۆتۈرۈپ چىققان جامائەتنىڭ باغرىمۇ ئېزىلىپ كەتمەي تۇرالامدۇ؟! شۇ كۈندىن كېيىن ئائىلىمىزدە كىچىك ماشىنا هەم قولىمىزدىن چىقىپ كەتكەن پۇل توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش قايىنىغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەكلا ئۈزۈلدى.

كىچىك ماشىنا بىلەن ئات هەققىدىكى بۇ يازمام مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشاي دېدى، مەن هەر هالدا ئەقلىمنى ئىشقا سېلىپ ئاخبارات ۋاستىلىرىدا كۈندە دېگۈدەك خەۋەر قىلىنىۋاتقان قاتناش هادىسىلىرىنىڭ ھەپتىلىك ياكى ئايلىق نىسبىتىنى جەملەپ يازمىدىم، مۇبادا ئۇنداق قىلسام ماشىنىلار تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق يالماۋۇزلارغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن... مېنىڭ تىلغا ئالغانلىرىم ئۆزۈم بىۋاستە كۆرگەن هەم ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ئەڭ ئاز قىسمى، خالاس...

مەن بۇ يازمامدا قاتناش هادىسىلىرىنى كۆپ تىلغا ئېلىپ، كىچىك ماشىنا مەستانىلىرىنىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا سوغۇق سۇ سەپمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما، ئۇلارغا ۋىجدانەن هالدا مۇنداق دېمەكچى:


مۇبادا كىچىك ماشىنىنىڭ رولى هەقىقىي هاجەتمەنلەردە ئەمەس، بەلكى مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدە قۇرت كەبى كۆپىيىۋاتقان مەنمەنچىلەرنىڭ، دورامچىلارنىڭ، مۇهىمى نائۇستىلارنىڭ قولىدا بولۇپ قالسا، ئۇ مۇقەررەر ئۆزىڭىلا ئەمەس، باشقا بىگۇناه كىشىلەرگىمۇ قىيامەتنى چىللايدۇ، مۇبادا هاياتقا بولغان مەسئۇلىيەت بىلەن هېسابلاشماي، كىچىك ماشىنا هەيدىسىڭىز ئەلۋەتتە سىزنىڭ كۆزىڭىزگە هەم مېڭىڭىزگە دەل هازاۋۇل شەيتان قوماندانلىق قىلىدۇ، بۇ هالدا سىز مەنمەنچىلىكنىڭ بىردىن ـ بىر ئىپادىسى بولغان ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن قاتناش هادىسىسى پەيدا قىلىپ، ئۆزىڭىزگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ قىيامەتنى چىللايسىز، ئەلۋەتتە مۇنداق قىسمەتكە يەم بولغاندىن كۆرە، هېچ بولمىغاندا ئات مىنىسىڭىز، هەتتا ئېشەك مىنىسىڭىزمۇ ئۇ قانلىق پاجىئەلەردىن مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەلدۇر!

(ئاپتور: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: **داۋۇت ئادىل**

# ئۇنتۇلماس مۇلاقات، ئۈزۈلمەس رىشتە

مەتقاسىم ئابدۇراخمان



ھەممىگە ئايانكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئاساس بولۇپ تۇرغۇچى مەنىۋى ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى كىشىلىك مۇھەببەتتۇر.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدە ھەرگىز يەككە ـ يېگانە ھەرىكەت قىلمايدۇ. بىر ـ بىرلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ، ئۆزئارا ئۆگىنىدۇ، ئۆرنەك ئالىدۇ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار ئارىسىدا تېبىئىيكى ھېسسىيات ئالمىشىش بولىدۇ. ئۆزئارا قىلىشقان ياخشى ئەمەللىرىگە، غەمخورلۇقلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىستىكى، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق قىلىش، تەربىيەت قىلىش، ماددىي ياردەم دېگەندەك ئىزگۇ ئارزۇلار بىخلىنىپ مېۋە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيادا ئورتاق ياشاش، بىللە مەۋجۇت بولۇش شارائىتى ھازىرلىنىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ كىشىلىك مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

كىشىلىك مۇھەببەت ئادەملەر ئارىسىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى، دوست ـ بۇرادەرلىك مۇھەببەتنى، مىللىي مەھەللىۋى مۇھەببەتنى، قېرىنداشلىق، تۇغقانچىلىق، ئۇرۇقداشلىق مۇھەببەتنى ۋە باشقا مۇناسىۋەت رىشتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسانلار ئوخشىمىغان ئورۇن، ئوخشىمىغان زۇنىلاردا ياشىغاچقا، مۇھىمى كېيىنكى ئەۋلادلىرى، ئۇرۇق جەمەتلىرى باشقا ـ باشقا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرىدا، مۇھەببەت رىشتىلىرىدە خاسلىق، پەرق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ بىر قوۋم كىشىلىرى بىلەن يەنە بىر قوۋم كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتىن كۆرە قوۋم ئىچىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا مۇھەببەت كۈچلۈك بولىدۇ. بىر قوۋم كىشىلىرى ئارىسىدىكى مۇھەببەتتىن بىر جەمەت، بىر ئۇرۇق ئىچىدىكى مۇھەببەت رىشتە تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

دېمەكچىمىزكى، بىر مىللىي تەركىب ئىچىدىكى كىشىلەردە ئۇلار ئايرىلىپ ياشىغان، ئۇزۇن مەزگىل دىدارلاشمىغان تەقدىردىمۇ قېرىنداشلىق مېھرى باشقىلارغا قارىغاندا يەنىلا كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مەن يېقىندا ئۆزۈم بىۋاستە كۆرگەن، ھېسسىياتىمنى داۋالغۇتقان مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە قاراشلىق «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى»، خۇنەن ئۆلكىسى چاڭشا شەھىرىدە ئاچقان 4 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتىم. بۇ يىغىنغا مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ئاتاقلىق ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، تەزكىرىچىلەر قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇكېرىم راخمان، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئىمىن ئەخمىدى، مەترېھىم سايىت (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، دوكتور) قاتارلىق 100 گە يېقىن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار جەم بولغانىدى.

يىغىندا ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىگە ئىلىت مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، تېمىسى يېڭى ماقالىلەر ئوقۇلۇپ مۇھاكىمىگە قويۇلدى. ماقالە مۇئەللىپلىرى ئۆز بايانلىرىدا نۇقتىلىق ھالدا خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن (شاپتۇللۇق باغ) ناھىيىسى فىڭشۇ يېزىسىدا ياشاۋاتـ

قان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت مەزمۇنلار ۋە جاڭسۇ ئۆلكىسى، خېنەن ئۆلكىسى ۋە كورىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارغا ئالاھىدە ئورۇن بەردى.

تەتقىقاتچى رەيھان قادىر گۇرۇپپا مۇھاكىمىسىدە كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق ھازىر تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى 7688 نەپەر ئۇيغۇردىن باشقا يەنە جاڭسۇ ئۆلكىسىدە 500 گە يېقىن، كورىيىدە 3000 دىن ئارتۇق، خېنەن ئۆلكىسىدە 2 ـ 3 مىڭدەك ئۇيغۇرنىڭ ھېلىمۇ بەزىبىر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، دىنىنى، شەجەرىسىنى ساقلىغان ھالدا ياشاۋاتقانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئەسلى يىلتىزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. باشقا تەتقىقاتچىلارمۇ مۇشۇ خىل قاراشقا مايىل نۇقتىئىينەزەرلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ماقالىلەردە يورۇتۇلۇشىچە بۇ ئۇيغۇرلار مىلادى 1368 ـ يىلى خۇنەنگە بارغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇيۈەنجاڭ جەنۇبتىكى رايونلاردا يۈز بەرگەن توپىلاڭلارنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن خېلىل باشى ئىسىملىك سەركەردىنىڭ باشچىلىقىدا 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن خۇنەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا بېرىپ توپىلاڭنى باستۇرۇپ يۇرتقا ئامانلىق ئېلىپ كەلگەن. بۇنىڭغا جاۋابەن جۇيۈەنجاڭ خېلىل باشىغا «يۇرتنى تىنچلاندۇرۇپ ئەلگە ئامانلىق ئېلىپ كەلگەن باتۇر سانغۇن» دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. يەنە ئۇيغۇرلارغا «جەن» دېگەن پامىلىنى تارتۇق قىلغان، ئۆزۈن ئۆتمەي خېلىل باشى، ئوغلى بىلەن بىرگە قازا قىلغان. باشسىز قالغان لەشكەرلەر يۇرتقا قايتالماي شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. ھازىرقى تاۋيۈەن فىڭشۇ يېزىسىدىكى، جاڭسۇدىكى، خېنەندىكى ۋە كورىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن.

5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يىغىن قاتناشچىلىرى چاڭشادىن 220 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان تاۋيۈەن ناھىيىسىگە سەپەر قىلدى. ھېلىغىچە تاۋيۈەنگە بېرىپ باقمىغانلار يول بويى ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياقى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ياشاش مۇھىتى ھەققىدە ھەرخىل قىياسلارنى قىلىشىپ، قىزغىن پاراڭغا چۆشۈپ كەتكەنىدى. ئىككى سائەتلەردىن كېيىن بىزنى تاۋيۈەن ناھىيە فېڭشۇ يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلار دەرۋازىسىغا خەنزۇ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋېۋىسكا ئېسىلغان يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدا قارشى ئالدى. ھاياجانلىق مىنۇتلار شۇنىڭ بىلەن باشلاندى. يىغىن رىياسەتچىلىرى مېھمانلارنىڭ سالاھىيىتىنى ۋە فىڭشۇ يېزىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەرلىك ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن مېھمانلار ئۆزئارا دىدارلىشىپ ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋالى، ئوي ـ خىياللىرى ھەققىدە ئۆزۈنغىچە مۇڭداشتى. ئايرىلغىلى يەتتە ئەسىرچە بولغان قېرىنداشلارنىڭ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتكە، ۋىسال شادلىقىغا تويۇنغان بۇ ئۇچرىشىش كۆرۈنۈشلىرى، قىزغىن سۆھبەتلەر مېنى «قېرىنداشلىق رىشتە مەڭگۈلۈككەن، ئۇنى ئۇزۇن يىللىق جۇدالىق يوق قىلىۋېتەلمەيدىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرگەنىدى. گەرچە تاۋيۈەن فىڭشۇ يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز تىل ـ يېزىقىنى، بەزى ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش شەكىللىرىنى ئۇنۇتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئىكەنلىكىنى زادى ئەستىن چىقارماپتۇ. ئۇلارنىڭ قايسى بىرىدىن «سىز قايسى مىللەتتىن؟» دەپ سورىساق، ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەستىن، «بىز ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلارنىڭ مىللىي تەركىبىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر كۈچلۈك دەلىل شۇكى، بىز يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۇلۇغ تىلرىخچى، ئالىم جەن بۇزەن ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دەپنە قىلىنغان زاراتگاھ بېرىپ، تاۋاپ قىلدۇق. ئۇ يەردىن يېنىپ بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە باردۇق. ئۇنجى كىرگىنىمىز 3 ـ يىللىق سىنىپ ئىكەن. يېزا باشلىقى ئوقۇغۇچىلارغا بىزنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىمىزنى، سالاھىيىتىمىزنى ئېيتقاندىن كېيىن «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دەپ خىتاب قىلدى. 10 نەچچە قىز ـ ئوغۇل دەرھال تۇرۇپ چېھرىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرغان ھالدا بىزگە سالام بەردى. ئۇلارنىڭ تەققى ـ تۇرقى سەپسېلىپ قارىغاندا يېرىمى دېگۈدەك قوش قاپاق، كۆزلىرى يۇمىلاق بولۇپ، ھەققىي ئۇيغۇر چىرايىنى ساقلاپ قالغانىدى. شۇڭا ماڭا تونۇشتاش تەسكىينىڭ توگىدەك ئاسان ئېرىمەيدىغان، ھاياجانلانمايدىغانلارمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ھېلىقى بالىلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ، مەڭزىگە سۆيۈپ كېتىشتۇق. باشقا سىنىپلاردىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال تەكرارلاندى. بىز يۇقىرى يىللىقلاردا ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش ئۈ-

چۈن 2 ـ قەۋەتتىكى 6 ـ يىللىق سىنىپلارغا كىردۇق. مەن كىرگەن سىنىپتا توققۇز جەن فامىلىلىك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، بايىقىدەك قوي كۆز، قوش قاپاق، ئۆگچى ئاق باللاردىن بىر نەچچىسى بار ئىكەن. ئارقىدىكى پارتىدا ئولتۇرغان ئېگىز بوي، قوڭۇر چاچ، زەڭگەر كۆز، چىرايى ئاقسېرىق كەلگەن قىز بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى. ئۇ ناھايىتى تارتىنچاق بولۇپ، يەرگە قارىۋالغانىدى. ھەر قانداق كىشى بىر قاراپلا ئۇنىڭ خوتەن، قەشقەر تەرەپلەردىكى ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئوخشايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەتتى. مېھىر ـ مۇھەببەت، غەمخورلۇق، ئىلتىپات دېگەنلەر تەكلىماكاننىڭ قۇمىدەك ئېتىبارسىز، قىممىتى يوق، ئۇچرىغانلا كىشىگە تارتۇق قىلىۋېرىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ، ھۆرمەت ئېتىبارغا ئىگە مۆتىۋەرلەرگە، ئۇستازلارغا، ئالىم ـ پازىللارغا، ئاتا ـ ئانا قېرىنداشلارغا قىلىنىدىغان بىر ئالاھىدە مۇناسىۋەتتۇر. تاۋيۈەن ناھىيە فىڭشۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ يېزىسىنىڭ باشلىقى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى قاتارلىق ئۇيغۇر مەسئۇللارنىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسى ئەنە شۇنداق ئالاھىدە مۇناسىۋەت جۈملىسىدىندۇر. ئۇلار بىزنى قانداقتۇر بىر تەشكىلىي رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا ئەمەس، ھەقىقىي بىر قېرىنداشلىق، دوستانىلىق رىشتىسى بىلەن قارشى ئالدى. يىغىن جەريانىدا بىزدىن زادى ئايرىلمىدى. ئەڭ يېقىن ئۇرۇق ـ ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرىنى كۈتكەندەك ساھىپخانلىق قىلدى. يېزا باشلىقى 25 ــ 27 ياشلار ئەتراپىدىكى كېلىشكەن غۇنچە بوي، گۈلچىراي ئۇيغۇر چوكان بولۇپ، يىغىن ئەھلى ئۇنىڭغا جىلراستاندىلا چىرايىڭىز ئايغا، قامىتىڭىز گۈلگە ئوخشايدىكەن، شۇڭا، ئىسمىڭىز «ئايگۈل» بولسۇن دەپ ئىسىم تارتۇق قىلدى. «ئايگۈل»مۇ بۇ ئىسىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

فىڭشۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ مىللىي يېزىسى 1968 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ كەپتۇ. ئىككى بالا يۈزى كۆرۈش، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا 10 نومۇر ئېتىبار بېرىش دېگەندەك غەمخورلۇقلار بار ئىكەن. يوقلاش ۋە كۆرۈپ بېقىش يۈزىسىدىن 3 ــ 4 ئائىلىگە كىردۇق. ئۆيلىرى دېگەندەك 2 ــ 3 قەۋەت، خىش قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئازادە، جابدۇقلىرى تەل، ھال كۈنى ياخشى ئىكەن. ئىگىلىكى ئاساسەن تېرىقچىلىق ۋە ئاۋستىرالىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان كالا گۆشىدە يېمەكلىك پىششىقلاپ سېتىش ئىكەن. ئارىمىزدىن بىرى يەرلىك بىر دېھقاندىن: «شىنجاڭغا بارغىنىڭلار يوقمۇ؟ ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىڭلارغا قانداق تەلپىڭلار بار؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـــ ئەلۋەتتە بارغىمىز بار، لېكىن ئارىلىق بەك يىراق. بېرىش ـ كېلىش قىلمىغىنىمىزغىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. مانا سىلەرمۇ كەپسىلەر. بىزلەرمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بېرىشقا تىرىشىمىز. شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارغا تىلىكىمىز شۇكى، مۇمكىن بولسا بىزگە باغۋەنچىلىك، ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپلىرىنى ئۆگىتىپ قويغان بولساڭلار، ئەھۋالىمىز تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى.

بىز دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ فىڭشۇ يېزىسىدىكى چوڭ مەسچىتنى كۆردۇق. مەسچىت ئىككى قەۋەت بولۇپ، 500 چە نامازخان سىغىدىكەن. مەسچىتنىڭ ئىمامى بىزگە بۇ يەردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۆز يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلغىنىغا نەچچە يۈز يىللار بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھېلىغىچە ئۆزلۈك ئېڭىنى، مىللىيەتلىكنى يوقاتماي ھېلىمۇ مەن ئۇيغۇر دەپ يۈرگىنى كىشى تەسەۋۋۇرىغا سىغمىغۇدەك ئالاھىدە بىر مۆجىزىدۇر.

بۇ روشەنكى، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىگە، ئىرقىغا سادىقلىقىدىن باشقا يەنە شۇ يەردىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھېسداشلىقى، ياردىمىدىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەن خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيە فىڭشۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللىي يېزىسىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن چەكسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈم. شۇڭىمۇ مەن بۇ قېتىمقى خۇنەن سەپىرىمدىن، تاۋيۈەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن بولغان مۇلاقاتتىن ئىنتايىن رازىمەن. چۈنكى، شۇ قېتىم خۇددى دېھقان يېرىدىن قوش مول ھوسۇل ئالغاندەك، ئوقۇغۇچى ئالاچىلىق دىپلومىغا ئېرىشكەندەك، كارۋان مەنزىلگە بىخەتەر، تېز يېتىپ بارغاندەك چوڭ نەپكە ئېرىشتىم.

(ئاپتور: «ئىلى ئاقشىمى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

ئابدۇلھەمد ياسىن

# شاڭخەيدىكى كۈنلەر

(ئەدەبىي خاتىرە)

## ئايرودرومدا

نېمىسىنى ئېيتىسىز، مەن ئۆزۈم يىراق سەھرادىن كەلگەن بولغاچقا، تەپەككۇر ئۇسۇلۇم ۋە ئادەتلىرىمدە سەھرا پۇرىقى بولماي قالمايدۇ! ئاشۇ سەھرادىكى ساددا ئۆيلىرىم، غايىۋى خىياللىرىم، سەھرادىكى كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان كەچمىشلىرىم بىلەن دۇنيا سانائىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن بىرى بولمىش بۇ شەھەرگە توككىدە چۈشۈپ قالسام، قىزىق ـ قىزىق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى، ساددا ئويۇمنى ھەيرانلىق ۋە ئىزتىراپنىڭ ئىگىلىشى، شاڭخەيلىكلەردىكى ئەخلاق نەمۇنىلىرى، قاياقلا قارىسىڭىز سەنئەت پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان كوچىلىرى، سەممىيەت بىلەن تويۇنغان تۇرمۇش ئادىتى، بىزنىڭ قەلب بوشلۇقىمىزنى ئۆزىنىڭ سېھرىي ھىكمەت بىلەن تولغان چوڭقۇر بەھرىگە سۆرەيدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ، بۇنىڭ مىسالى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئايرودرومدا يۈز بەرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي:

بېلەتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مېنى «ئالماي ماڭمايدۇ» دەپ ئويلىدىممۇ ياكى ئايرودرومغا ئۇزىتىپ چىققىلى بىرى بولمىغاندىكىن غېرىبلىق بېسىپ، غەپلەتتە قالدىممۇ، ئايروپىلانغا ئالتە مىنۇت كېچىكىپ قاپتىمەن. ئايرودرومدا تۇرۇپلا قالدىم. ئايروپىلان مېنى ئالماي ئۇچۇۋېرىپتۇ ئەمەسمۇ؟! ئامالسىز ئۈچ كۈن كېچىكىپ ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا تىزىملىتىپ قويۇپ يېنىپ كەلدىم. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ «كېچىكىپ قالدىڭىز، تېز يولغا چىقىڭ» دېگەن بۇيرۇقى، ئىككى دوستۇمنىڭ سەممىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاپ، ئاخىرى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

## ئەسسالام شاڭخەي

مەن نوپۇسىمىزنىڭ ئەڭ كۆپ سالمىقىنى ئىگىلەيدىغان نامرات دېھقانىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان، يىراق ناھىيىنىڭ ئەڭ چەت يېزىسىدىن كەلگەن بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچى. شاڭخەيگە كېلىپ بەش ئاي ئوقۇش شەرىپىگە قانداق ئېرىشىپ قالغانلىقىم بەلكى بىر تاسادىپىيلىق بولسا كېرەك. دەسلەپتە مەتبۇئاتنىڭ بۇرجەكلىرىدە ئېلان قىلىنىپ قالىدىغان پارچە ـ پۇرات يازمىلىرىمغا قاراپ مېنى تىزىملاپ سالدى بولغاي، كېيىن مېنى مۇقىمداپ بىر پارچە «قىزىل باشلىق ھۆججەت» يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەشكىل يول كىرايىمنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىشتى. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن كۆردۈمكى، بۇ گۇرۇپپىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى مەكتەپ، ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى ئەڭ ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇپ يىگىرمە نەچچەيلەنلا بار ئىكەن.

تۇرمۇش شارائىتىمىز ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، كۈندە ئالتە سائەت پروفېسسور، دوكتورلارنىڭ يېڭى دەرسلىك، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ھەققىدىكى لېكسىيەلىرىنى ئاڭلايمىز، لېكسىيە مەزمۇنى مېنى رام قىلىۋالغاچ، ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنىمۇ سەزمەي قالىمەن.

## مائارىپ يەنە مائارىپ

شاڭخەيلىكلەرنىڭ مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئەلۋەتتە يەنە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مائارىپىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەكتەپنىڭ كۆللىرىدە ئويناپ پىلتىڭلاپ تۇرىدىغان ھەرخىل رەڭدىكى ئالتۇن بېلىقلار، ياپيېشىل، پاك ـ پاكىز چىملىقلار، رەتلىك، ئازادە چىرايلىق كىيىنگەن ئوقۇغۇچىلار، بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى. بىز شاڭخەيدە «قىزلار 3 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى»، «قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى، تيەن لىن 3 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى» قاتارلىق نۇرغۇن مەكتەپلەرگە بېرىپ دەرس ئاڭلىدۇق. مەن يېڭى دەرسلىك ھەققىدىكى مەز-

مۇنلارنى خېلى تەتقىق قىلغان بولغاچقا، نەزەرىمدىكى ھەر سائەتلىك دەرستە دەرسخانا ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان، ئېلېكترلىك ۋاستىلەردىن كۆپلەپ پايدىلىنىلىدىغان، دەرس بولىدۇ دەپ پەرەز قىلغانىدىم. گەرچە ئۆزۈم ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى ئاساسى ئورۇندا تۇرىشى كېرەك دېگەننى تەكىتلىگۈچى بولسامۇ، بۇ ئويۇمدىن سەل گۇمانلىناتتىم. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى ئاساسى ئورۇندا تۇردى، دەپ ئاساسى نەزەرىيىلەر تاشلىنىپ قېلىپ، قوشۇمچە مەزمۇنلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى تەكرارغا سېلىپلا دەرسنى بولدى قىلىدىغان، دەرسنىڭ ئالدىدا دەبدەبىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ئوقۇتۇش نىشانىغا يېتەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللارنى كۆپ كۆرگەنىدىم. ئەمما، بۇ يەردىكى دەرسلەر ئۇنداق بولمىدى ھەمدە گۇمانىمدىكىدەك ئوقۇتقۇچىلار ھەممە ۋاقىتنى ئوقۇغۇچىلارغا بېرىۋەتمىدى. ئەمما ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىنى ئۆزىنىڭ ئازادە بىر پائالىيەت سورۇنى دەپ بىلىدىغان چېغى، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ ئولتۇردى. ئېلېكترلىك ۋاستىلەردىنمۇ ئەركىن پايدىلىنىلدى، ھەتتا ئوقۇغۇچىلار ئۆزى نەق مەيداندا مەشغۇلات ئېلىپ باردى. ئەڭ قايىل قىلىدىغان يېرى، دەرس ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېڭىغا، دۇنيا قارىشىغا ئۈزلۈكسىز تەسىر قىلىپ تۇردى. ئوقۇتقۇچىلار شۇ قەدەر ھېسسىياتلىق بايانلارنى سۆزلەيتتىكى، دەرسنىڭ نەچچە يېرىدە ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس، دەرس ئاڭلاشقا كەلگەنلەرنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ بىر خىل مەمنۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچى خۇددى بىر ئاتاقلىق سەنئەتكاردەك تېكىستنى شۇنداق ھېسسىياتلىق ئىنتوناتسىيە بىلەن گاھ جاراڭلىق، گاھى ئاران ئاڭلىنغىلى بولغۇدەك ھالدا سەنئەتلىك بىر تۇستە ئوقۇيدىكەن، شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىغا بۆسۈپ كىرىپ دېمەكچى بولغانلىرىنى تولۇق ئېيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئۈنۈملۈك تەسىر قىلىدىكەن. بىز نەزەرىيىدە ھەمىشە سۆزلەيدىغان، ھېسسىيات، پوزىتسىيە، قىممەت قارىشىنى ئۈنۈملۈك سىڭدۈرىدىكەن. ھەر قېتىم بۇ يەردە ئاشۇنداق پەردازسىز، ئەمما ئۈنۈم كۆزلىنىدىغان دەرسلەرنى ئاڭلىغىنىمدا، كۆز ئالدىمغا بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدىكى بىر قىسىم ئەھۋاللار كېلىۋالاتتى.

دەرس ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچىلاردىن سىز شائىرمۇ ياكى سەنئەتكارمۇ دەپ سورىغۇم كېلەتتى. ئەمما، بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى، ئۇلار شائىرمۇ، سەنئەتكارمۇ ئەمەس، بەلكى مۇنبەردىكى بىر مۇتەخەسسىس ئىدى. يەنە ئۇلاردىن دەرسخانىدا بىلىم بېرىشتە قائىدىنى بىلدۈرۈش مۇھىممۇ ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر قىلىش مۇھىممۇ دەپ سورىغۇم كېلەتتى، ئەمما سورىمايتتىم. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇنىڭ جاۋابىنى ماڭا بېرىپ بولغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نازۇك بولغان ھېسسىي دۇنياسىغا ئۈنۈملۈك بۆسۈپ كىرەلىگەندىلا كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، قۇرۇق قائىدىلەرنىڭ قۇرۇق نەزەرىيە تۈسىدە ھېچقانداق ئىنكاسسىز ھالدا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى.

يەنە تېخى بەزى ئوقۇتقۇچىلار دەرسلىكنى ئۆزى لايىھىلەيدىكەن. شاڭخەينىڭ پروفېسسورلىرى بىزگە، يېڭى دەرسلىك ئىسلاھاتىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرىۋاتىمىز دەپ سۆزلەۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇلارمۇ تېخى يېڭى دەرسلىك ئىسلاھاتىنىڭ ئەندىزىلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، دېگەن گەپ.

يەنە ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان بىر ھېكمەتنى سىزمۇ ئاڭلاپ بېقىڭ. شاڭخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوكتور ئاسپىرانتلىرىنىڭ يېتەكچىسى شې مۇئەللىم سۆزلەۋاتىدۇ:

— ئېلىمىزدە ھازىر خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىن ئىبارەت قوش تىل ئۆگىنىش يولغا قويۇلىۋاتىدۇ. بۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىجابىي تەسىرگە ئىگە. مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئالمىشىپ، تەرەققىياتقا نۇرغۇن ياخشى پۇرسەت ۋە شارائىتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، بىلىم تاكامۇللىشىدۇ. ئەمما، بۇنىڭ سەلبىي تەسىرىنىمۇ ئويلاشماي بولمايدۇ. يەنى بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە تارىخىمىز ھازىر، مەيدانغا كەلگىنىگە ئاران بەش يۈز يىل بولغان ئىنگلىز تىلى مەدەنىيىتىنىڭ خىرىسىدا يەكسان بولۇپ، غەرب مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە قۇل بولغان ئەللەرگە ئوخشاش ھالەتكە چۈشۈپ قالساق بولمايدۇ. چۈنكى، تىل دېگەن بىر مىللەتنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى، ھازىر بىزدە ئىنگلىز تىلىغا چوقۇنۇش بەك ئېغىر. ئۇنىڭ

ئۇستىگە ھۆكۈمەت تارماقلىرىمۇ بىلىمنى ئاساس قىلماي، مەيلى ئۇنۋان ئېلىش بولسۇن، مەيلى يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇش بولسۇن ھەر قايسى ھالقا، ھەر قايسى ئۆتكەللەردە ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىنى ئاساس قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنگلىز تىلىنىلا ئەمەس، غەرب مەدەنىيىتىنىمۇ ئەلا بىلىدىغان كىشىلەر ئاۋۇپ قېلىۋاتىدۇ، خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك مۇشۇنداق شارائىتتا «بەزىلەرنىڭ بۇرنىغا يۇناننىڭ ئۇسۇرۇقىمۇ ناھايىتى خۇش پۇرايدىغان بولۇپ كەتتى». توغرا، ماۋزېدۇڭنى ئالايلى، ئۇ خەنزۇ تىلىدىن باشقا ھېچقانداق تىل بىلمەيتتى، ئەمما ئۇ دۇنيا ئېتىراپ قىلغان بىر سىياسىي، ھەربىي ئالىم، دانا بىر يولباشچى، ئۇلۇغ داھى. ئۇ ئانا تىلىدىن باشقا تىل بىلمىگەن شارائىتتىمۇ شۇنداق زور نەتىجە يارىتالىغان. بۇنداقلار تارىختا كۆپ. ئەمما، بۇ ھېچقانداق چەت تىل بىلمىسەڭمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ناۋادا ماۋزېدۇڭمۇ باشقا تىللارنى بىلگەن بولسا، يات مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن، ھەتتا ئۇن يىللىق قالايمىقانچىلىق بولمىغانمۇ بولار ئىدى... شۇنى تونۇپ يېتىش كېرەككى، ئەمەلىيەتتە تىل دېگەن بىر ۋاستە، كۆۋرۈك. ھەرگىزمۇ مەقسەت ئەمەس. بىر تىلنى ئارتۇق بىلگەنلىك قارىغۇ ئۆيگە بىر دەرىزىنى ئارتۇق ئاچقان بىلەن باراۋەر، قارىغۇ ئۆي دېگەنگە قانچە كۆپ دەرىزە ئاچساڭ، شۇنچە يورۇق بولىدۇ. ئەمما، بىز دەرىزىنى ئېچىش بىلەنلا قالماي، ئاشۇ دەرىزىدىن پايدىلىنالايدىغان كۈچلۈك كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشىمىز، دەرىزىدىن كىرىدىغان ساپ ھاۋادىن پايدىلىنىش بىلەن بىللە، بۇلغانغان نەرسىلەرنىڭ كىرىشىنى چەكلىيەلەيدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرۈشىمىز، ھەتتا ئۆي قانچە يورۇق بولسىمۇ بېكىنىۋالماستىن، سىرتقا چىقىپ تاشقى مۇھىتنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدىغان، سىرتقا چىقتىم دەپ، يات مەدەنىيەتنى ماختاپ، ئانا مەدەنىيىتىمىزنى خارلىمايدىغان، بەلكى ئۇنى قوغدايدىغان ئەركەكلەرچە غۇرۇر تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك...

پروپېسسورنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خىيالغا چۆكۈپ قالدىم. «قوش تىل» ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

**شاڭخەيدىكى شەرق گۆھىرىنىڭ كۆزىدىن يۇرتقا نەزەر**

بىز بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئاز بولغاچقىمۇ پائالىيەتلىرىمىز ناھايىتى جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مانا بۈگۈن «جۇڭگونىڭ كۆزى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان جۇڭگودىكى ئەڭ ئېگىز بىنا شەرق گۆھىرىگە چىقىپ كېتىۋاتىمىز، بۇ يەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەر خىل ئېرقتىكى، ئوخشىمىغان تىللاردا سۆزلىشىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر بۇ يەرنى ناھايىتى ئاۋاتلاشتۇرىۋەتكەنىدى. شەرق گۆھىرىنىڭ يەر يۈزىدىن ئۈچ يۈز نەچچە مېتىر ئېگىزدىكى كومزىكىگە (بۆلمىسىگە) چىقىپ شاڭخەينىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، تىنچقىنا لۆمشىپ ئېقىۋاتقان خۇاڭ پۇجياڭ دەرياسىنى تاماشا قىلدۇق. مېنى ئەڭ جەلپ قىلغىنى خۇاڭ پۇجياڭ مەنزىرىسىمۇ، شەرق گۆھىرى ئىچىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈزەللىكلەرمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ يەرگە كەلگەن مېھمانلار ئىچىدىكى باللارنىڭ كۆپلىكى بولدى. مەيلى چەت ئەللىكلەر بولسۇن، مەيلى يەرلىكلەر بولسۇن ھەممىسى دېگۈدەك باللىرىنى يېتىلىۋالغانىدى. بۇ ئەھۋالغا پەن-تېخنىكا سارىيىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغىنىمىزدىمۇ كۆپرەك دىققەت قىلغانىدىم. پەن-تېخنىكا سارىيىغا كەلگەنلەرمۇ باللىرىغا كۆپرەك بىر نەرسە كۆرسىتىش، ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان چېغى، باللىرىغا راكېتا، ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ مودىللىرىنى تونۇشتۇرۇپ، تەجرىبە خاراكتېرلىك نەرسىلەرنى قول سېلىپ قىلغۇزۇپ كېتىۋاتاتتى. مانا، شەرق گۆھىرىنىڭ مېھمانلىرى ئىچىدىمۇ كىچىك مېھمانلارنىڭ نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ بىزنىڭ بىر يەرگە ساياھەتكە بارماقچى بولساق: «باللارنى ئايرىم ئاپارغان ياخشى، تۈزۈكرەك ئوينىغىلى قويماي خاپا سالىدۇ. ھەممىمىز جېدەلخورلىرىمىزنى ئۆيدە قويۇپ ماڭىمىز» دەيدىغان قاراشلىرىمىز، بىچارە باللارنىڭ ئۆي مەھبۇسى بولۇپ، بويۇن قىسىپ قالىدىغانلىقى كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى.

بۇ يەردە مېنى خېلىلا خۇشال قىلغان ھەم ئۈمىدكە تولدۇرغان بىر ئىش، چەت ئەللىكلەرگە ھەمراھ بولۇۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بولغانلىقى بولدى. بەلكى ئۇلار تەرجىمان بولسا

كېرەك.

### ئەمۇنىلىك ساقچى ئىستىلى

شاڭخەي شەھىرىدە ساقچىلارنىڭ ئوبراز قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ھەممىلا جايدا قىزغىن ۋە ئىللىق مۇئامىلە بىلەن مۇلازىمەت قىلىۋاتقان ساقچىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. نېمىشقىكىن ئەزەلدىن ساقچى دېسە كۆز ئالدىمغا ئەپتى بەكلا سۇرلۇك كىشىلەر كېلەتتى. بۇ يەردە مەيلى مەكتەپ، دوختۇرخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ساقچىلار بولسۇن، مەيلى بازاردىكى ساقچىلار بولسۇن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، باشقىلارغا يول كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يۇرتىمىزنىڭ چەت ناھىيە، يېزىلىرىدىكى ئاز بىر قىسىم ساقچىلارنىڭ قوپاللىقىنى، سەۋىيىسىز ھالدا پالتىنىڭ بىسىنى ئىشلەتمەي، چۇلدىسىنى ئىشلىتىدىغانلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگەن بولغاچقا، بەلكى ئاشۇ ۋەقەنىڭ شاھىدى بولۇپ قالمىغان بولساق، بۇ يازمامدا ساقچى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىش خىيالىمۇ يوق ئىدى.

بىر كۈنى ئەمدىلا دەرستىن تارقاپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشىمىزگىلا بىر كىشىنىڭ بىر ساقچىنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرىۋاتقانلىقىنى، ھېلىقى ساقچىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىۋاتقانلىقىنى، باشقا ساقچىلارنىڭ ئۇ كىشىنى توسۇپ بولالماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق.

ــ ھە، كۆرۈپ قويدۇق، شاڭخەي دېگەن بۇ يەردە ساقچىنىمۇ ئۇرىدىكەن ــ دېدى غۇلجىلىق ساۋاقدىشىمىز قايسى بىر ئېيتوتتىكى جۇملىنى تەكرارلاپ. توغرا، ھەممىمىزنىڭ خىيالىدا ساقچى دېگەن ئادەم ئۇراتتى، تاياق يېمەيتتى. ئەمما، غۇلجىلىق ساۋاقدىشىمىزنىڭ بۇ چاقچىقىدىن ساقچىلارمۇ تاياق يېيىشى كېرەك دېگەن مەنە چىقمايتتى، بەلكى ئاۋۇ ساقچىنىڭ ماجرادىن ئەتەي ئۆزىنى قاچۇرىۋاتقىنىنىغا مەسلىكى كېلىپ شۇنداق دېگەنىدى. شىنجاڭدىكى بىكارلىق ئويۇن كۆرىدىغان ئادىتىمىز بويىچە دەرھال ئۇلارنىڭ جېدەلى بولىۋاتقان يەرگە ئولاشتۇق. ئەسلىدە ساقچى ئۇ ئادەمنىڭ كېنىشكىسىز قاتناش ۋاستىسى ھەيدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەربىيە قىلسا ھېلىقى كىشىنىڭ بىشەملىك قىلىپ ساقچىنى قوغلىغىنى ئىكەن. ھېلىقى ئۆكتەم كىشى ساقچىنى ئۇرغانىنىڭ ئۈستىگە توختىماي ۋارقىراپ داۋراڭ سالاتتى.

بىر دەمدىن كېيىن بۇ يەرگە بىر مۇنچە ساقچىلار يېتىپ كەلدى. ئەمدى ھېلىقى كىشى قاتتىق تاياق يەپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، ساقچىلار ئۇ كىشى بىلەن ئالاھىزەل يېرىم سائەتتەك سۆزلەشتى. بىز ئەدەبسىزلىك بولۇپ قالمىسۇن دېگەن خىيال بىلەن يېقىن بارمىدۇق. ئەمما، ئاخىرى قانداق بولىدۇ دەپ قاراپ تۇردۇق. ئاخىرىدا ئۆكتەم كىشى ھېلىقى ساقچىنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرۇپ قولىنى سىقتى. چوقۇم كەچۈرۈم سورىدى، دەپ ئويلىدۇق. دېگەندەك ساقچىلار تېزلا تارقاپ كەتتى. ھېلىقى كىشىمۇ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردىمۇ ياكى باشقا جازا بەردىمۇ، بۇنى بىلمىدۇق. ماڭغاچ بۇ ئەھۋالنى تازا تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغدۇرالماي، بۇ يەردە ساقچىلار گەپ بىلەنلا مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلالايدىكەن، دېيىشتۇق. بۇ سۆزىمىزدىن بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ ساقچىلىرى ئەسكى دېگەن مەنا چىقمايتتى. ئەمما، ساقچىلارنىڭ ساپاسىنىڭ، ھەققىي ساقچىلىق ئىستىلىنىڭ، مەسىلىنى توپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشقا ئېرىشىپ ياتىدىغان مۇھىم ئىش ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

دەرۋەقە ئەگەر ساقچىلار كېلىپلا ھېلىقى كىشىنى ئۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئاشۇ كىشىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس بىر داغ قالار بولغىيدى. ئەمما، گۇناھ ئاشۇ كىشىدە بولسىمۇ، ساقچىلار سېنىڭ قىلغىنىڭغا، دەپ ئۇنىڭغىمۇ قوپاللىق قىلماستىن، ئۆز قىلمىشىنىڭ بولمىغۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. ئىلمىي بىر تەرتىپ بويىچە مەسىلىنى تىنچ ھەل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى يول سورايدىغان ئىش بولسۇن، مەيلى باشقا ئېھتىياجلىرىمىز بولسا ۋە دەرھاللا ساقچىلارنىڭ ئالدىغا ئېرىشىپ ياردەم سورايدىغان بولدۇق. ساقچىلارمۇ قىزغىن مۇلازىمەت قىلدى...

### پارچە ـ پۇرات تېز سىزمىلار

خاڭجۇنىڭ يېشىلچىلىق قاپلىغان تاغ ۋە ئورمانلىقلىرىغا قاراپ يۇرتىمىزنىڭ كۆيۈك تاغلىرى يادىمغا يەتسە، ئورمانلىقلىرىدىكى تىكەنلىك كىرپە، ئاغمىخانىلارغا قاراپ، بۇرۇن بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدىمۇ شۇنداق تىكەنلىك كىرپىلەرنى قوغلاپ، ئاغمىخانىلارنى تۇتۇپ باغلاپ ئوينىغانلىرىمىز يادىمغا يېتىپ خىيالغا پېتىپ قالدىم. بۇ يەردە تىكەنلىك كىرپىلەر ئەركىن

ئېغىناپ، ئاغمىخانلارمۇ گاھ چۆپلۈك، گاھ دەرەخ شاخلىرىدا ئەركىن يايلاپ يۈرىدىكەن. ھازىر بۇرۇنقىدەك ئاشۇ تىكەنلىك كىرپە، ئاغمىخانلارنى يۇرتىمىزدا كۆرەلمەيدىغان بولۇپ كەتتۇق، شۇڭا ھۆكۈمەت مۇشۇ ھايۋانلارنى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان قاتارىغا كىرگۈزگەنمىدۇ، دەيدىغان ئەندىشەم يوققا چىقتى. يېتەكچى مۇئەللىم، بۇ يەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك شارائىتى ياخشى، شۇڭا ھەر قانداق ھايۋانلارنىڭ ياشاش ئادىتىگە ماس كېلىدۇ، دېدى. دېمىسىمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى پاكىتلار بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بۇ يەردە گويا يېشىل تاغ، يېشىل ئورمان، يېشىل سۇلار بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك ئىدى. كىچىكىمدىن «سۇ بويىدا»نى كۆپ ئوقۇپ، كۆڭلى ـ كۆكسى شۇ قەدەر كەڭرى پەلۋانلاردىن تەسىرلەنگەن بولسام، مانا ھازىر ئۇلار ياشىغان گۈزەل مۇھىتتا تۇرىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتىم. بۇ يەرگە كېلىدىغان چەت ئەللىكلەر ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن. ھەر قايسى دۆلەتتىن كەلگەن، يات تىللاردا كالدىرلىشىپ گۈزەل مەنزىرىلەردىن بەھر ئېلىپ كېتىۋاتقان چەت ئەللىكلەر ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يەر مەيدانى شىنجاڭدىن يۈز ھەسسە كىچىك بولسىمۇ، نوپۇسى شىنجاڭنىڭكىدىن ئازراق كەم شاڭخەي شەھىرىدە 20 مىڭ ئۇيغۇر ياشايدىكەن (تولۇقسىز مەلۇمات). كۆرمىگەنلەر بىلمەيدۇ، كۆرگەنلەرمۇ ھەر خىل باھا بېرىدۇ. مەن كۆرگەن شاڭخەي ۋە خاڭجۇدىكى كوچىلاردا كاۋاپ سېتىۋاتقان، كۆكۋاش پىشۇرۇپ، تاۋۇز تىلىپ سېتىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۇچرايتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلىدىغان تىجارىتىنىڭ دائىرىسى تار ھەم بازارلىق ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ كىچىككىنە ئورۇننى شاڭخەيلىكلەردىن بەكرەك شىنجاڭلىقلار ئۆزئارا تالىشىپ جېدەل بولۇپ تۇرىدىكەن. ئاشخانا ئاچقانلارمۇ بار بولۇپ، بازىرى خېلى ياخشىكەنۇ، بەزىدە خۇيزۇلار ئاچقان كىچىك ئاشپۇزۇللارچىلىكمۇ ئاقمايدىكەن. مەن بۇ يەردە باشقىلارنىڭ تەسۋىرىدىكى: «پويىز ئىستانسىلىرىدا يۇرتلىرىغا قايتالماي گاڭسا ـ جىسا بولۇپ ئاچ چېكىپ يېتىپ كەتكەن، ترامۋاي ۋە يەر ئاستى پويىزلىرىدا باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ يۈرگەن ئۇيغۇرلار»دىن بىرىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. شۇنداق قىلىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنداقلارنى كۆرمىگەچكە، ئۇلار ئاز ساندا بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. بۇنى كاۋاپچىلىق قىلىدىغان بىر ئۇيغۇر بالا ئىسپاتلاپ بەردى. ئىلگىرى ئاڭلىغان، كۆرۈنۈشتە كاۋاپچىلىق قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاق ساتىدۇ، دېگەن گەپلەر يادىمغا يېتىپ، دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئىرەن قىلماي ماڭدىم. ئەمما، ئۇ مېنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېلىپ قىزغىن ئەھۋاللاشتى. ئۆزى خوتەنلىك يىگىتكەن. بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن تېخىمۇ ھاياجانغا چۆمۈپ كەتتى. مەنمۇ يۇرتلۇقۇمنى كۆرۈپ مەھەللەمگە كېلىپ قالغاندەكلا تەسىراتقا كېلىپ قالدىم. ئۇنىڭ پاراڭ قىلىپ بېرىشىچە: «بۇرۇن بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەندۇق، لېكىن ھازىر ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازى راستىنلا ياخشى ئەمەس. ئەمما، شاڭخەيدە قانۇن ـ تۈزۈم بەك چىڭ، قانۇنسىزلىق قىلىدىغان ئۇيغۇر بالىلار بەك ئاز، بولسىمۇ تېزلا تۇتۇلۇپ قالىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە: «مەن مۇشۇ پويىز ئىستانسىسىدا كاۋاپچىلىق قىلىمەن. ئەمما، تولىراق كىنو ئىشلەيدىغانلارغا رول ئېلىشىپ بېرىمەن. بۇنىڭ كىرىمى خېلىلا ياخشى، ئۇلارمۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ رولى بولسىلا مەن قاتارلىق بىر نەچچىمىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ئۇيغۇر ئۇچرىسا بەك قېچىپ كەتمەڭلار» دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، باشتا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن تولا ئېھتىيات قىلغىنىمغا خىجىل بولۇپ قالدىم.

شاڭخەيدە كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ نەتىجە يارىتىش پۇرسىتى كۆپ بولىدىكەن. چۈنكى، ئۇلار تېگىشلىك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمان بولغانىنىڭ ئۈستىگە، كېرەكلىك مۇھىت ۋە شارائىتلارمۇ تەل ئىكەن. شۇڭا، ئۇلاردا بىر خىل تىرىشچانلىق، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن.

بارچە مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزىنى تونۇش شوئارىغا ئايلىنىپ كەتكەن مۇشۇ دەۋردە ئۆزىمىزنىڭ قايسى ھالەتتە ئىكەنلىكىمىزنى، قانداق قىلىش، قاياققا مېڭىش كېرەكلىكىنى ھامان تونۇپ يېتىشىمىزنىڭ بەكلا ئاستا بولىۋاتقانلىقىنى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم.

(ئاپتور: قارىقاش ناھىيە ئۇرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە)

تەھرىرى: **مەتسېلىم مەتقاسىم**



ھېسامىدىن ئەزىزى

# شېئىرلار

## سۆيگۈ

بۇ جاھاندا ھېچنىمە يەتمەيدۇ دەيدۇ سۆيگۈگە،
يا بىلىپ سۆي، يا كۆرۈپ سۆي قالما ئاخىر كۈلكىگە.
قانسا كۆڭگە دەپ «مۇھەببەت»، بەك جاراڭلىق ياڭرىشى،
گەر دېمەككە بەك ئاسانكى مۇشكۇل يەتمەك ۋەسلىگە.
سۆيگىمۇ بىر چوك بىلىمدۇر، ئىشقىۋازلىقلا ئەمەس،
كەتسە خاتا باشلىغاي ئۇ، سېنى ئاپەت ئىلكىگە.
سۆي دىلدارنى، كۆرمە سودا، ناللا ئىنساپ ۋە كۆڭۈل،
گەر قولۇڭدىن كەلسە ھەر چاغ ياخشى ئىش قىل ئۆزگىگە.
سۆي ئاۋۋال مىللەتنى، ئەلنى، تۇپرىقىڭنى جان بىلىپ،
باشلىما رەقباسىنى راست دەپ، چىن مۇھەببەت مۈلكىگە.
سەن ياراتقىن سۆيگۈنى پەرھاد كەبى روھىڭ بىلەن،
بار ئەقىدە، يوق ئىرادە سۆيگۈ يەتمەس كۆركىگە.

## چوڭ

ئەل سۆيەر ئوغلان بىلەر پەن ۋە بىلىم ھېكمەتنى چوڭ،
ئەل ئۈچۈن دەپ باغرىدىن تۆككەن ئەجىر ھىممەتنى چوڭ.
بىر ئۇلۇغ غايە ھەمىشە ياندۇرۇپ باغرىدا ئوت،
تاۋلىغان ساپ، راينى چىڭ، ئەتكۈزۈپ مەقسەتنى چوڭ.
ئۆزلۈكىنى ئۇنتىغان چورت، بىر بۈيۈك مەنزىلنى دەپ،
بىلمىگەي ئەيش ـ ئىشرەت، غەيرىي يات ئامەتنى چوڭ.
ھېچ پىسەنت قىلغان ئەمەس غەيۋەت ـ شىكايەت ۋەھىمىگە،
كۆرمىگەن ئۇ تا ئەزەلدىن، خەلقىدىن مەنپەئەتنى چوڭ.
بولسا خەلقى ئېھتىياج گەر، ئەتكۈسى جاننى پىدا،
جان تەسەددۇق ئەل ئۈچۈن دەر، بىلگۈسى پۇرسەتنى چوڭ.
بۇ زاماندا شەخسىيەتچۈن ئالجىغانلار ئاز ئەمەس،
ئادىمىلىك چوڭ بۇرچتىن كۆرىدۇ لەززەتنى چوڭ.
ئەتمىگەن كىملەرنى ۋەيران چۈشۈرۈپ ئاتتىن بۇ نەپ،
بىلگىن ئۆز ۋە ئۆزگىگە نەپتىن خوپ ئىززەتنى چوڭ.
يۇقسا ئىززەت ئېلىگىدە، سۇلتىنىڭ قەغەز كاراپ،
دائىما بىل شۆھرىتىڭدىن ئەل ئۈچۈن شۆھرەتنى چوڭ.

## ئەل ئىشقى

بولۇپ بۇلبۇل ناۋا تاپتىم سەھەردە گۈل جۇلاسىدىن،
ئېچىلدى گۈل كەبى كۆڭلۈم خۇشال بۇلبۇل ناۋاسىدىن.
بۇ ئەلنى گۈلگە ئوخشاتسام ئۆزۈمنى سانىدىم بۇلبۇل،
ناپاي روناق دېدىم ئەلنىڭ ھەمىشە خوپ دۇئاسىدىن.
پەخەستە يۈرمىدىم قورقۇپ، ئەزەلدىن قاچمىدىم زىنھار،
يۇقارمۇ دەپ بۇ ئاش بەرگەن قازاننىڭ ھەم قاراسىدىن.
مېنى ئاجىز دېسە نەقدىر يېڭەي يولۋاسنى مەن تەنھا،
ئەزەلدىن قورقمىغان ئەركەك پەلەكنىڭ دەرد ـ بالاسىدىن.
ئەگەر كۈچلۈك دېسە بىرسى مۇشۇكنىڭ ھەيۋىتى يىلپىز،
قورقتۇم دوست ئاراسىدا كۆڭۈلنىڭ بىر ئالاسىدىن.
مېنى سۆزلەتتى ئەل ئىشقى، پەلەك دەۋرانىغا ئەرزىم يوق،
يىراق تۇر ئەمدى سەن دائىم كى ئېتىقادنىڭ چالاسىدىن.
(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بېيجىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا)

ئېزىز مۇھەممەت شەمس

# رۇبائىيلار

كۆپ بىلىم كىرەككەن ئىنسانغا ئەسلىي،
بىلىمگە ئىنتىزار ئادەملەر نەسلى.
بەزىلەر تۇرغاچقا بىلىمدىن يىراق،
خازان بوپ ئۆتىدۇ باھاردەك پەسلى.

ئاشىقمەن ۋاپاغا، ئاپئاق دىللارغا،
چىن رىشتە باغلىغان، سۆيگەن دوستلارغا.
يېتەكلەپ دوستلارنى خۇشال يۈرىمەن،
بەختكە يەتكۈزەر داغدام يوللارغا.

ھاياتنىڭ مۈشكۈلى سىنايدۇ سېنى،
سىناقتىن ئۆتكۈدەك ئىرادەڭ قېنى؟
يولۇڭدا تەر تۆكۈپ توختىماي ماڭساڭ،
مەقسەتكە يېتىسەن ھامان بىر كۈنى.

ئايىنغان ئادەمنى بىلىسەن تىلىدىن،
ۋاپانى كۆرمەيسەن ئۇنىڭ دىلىدىن.
نەسلىنى ئۇنتۇغان ئۆزگىرىپ ھامان،
چاشقاننى چوڭ بىلەر ھەتتاكى پىلدىن.

تەقدىرنىڭ قىسمىتى ئاجايىپ سىرلىق،
بەزىدە جۇت ـ سوغۇق، بەزىدە ئىللىق.
كۈلمىمىز، يىغلايمىز، ياشايمىز ھامان،
نەپ ئۈچۈن بولمىمىز بەزى ئۈچ قىرلىق.

قورساقنى يوغىنات بىلىملەر بىلەن،
سەتلەشمە غادايغاق كىبىرىڭ بىلەن.
ھەقىقىي ئادەمدەك ياشايمەن دېسەڭ،
ئاۋامنى تونۇغىن كەمتەرلىك بىلەن.

بىلىمسىز نادانلار دوستقا يارىماس،
نەپسچۈن ھەم ئۇلار ۋاستە تاللىماس.
ئۇلارنىڭ ھۈنىرى تولىدۇر بىلسەڭ،
مەقسەتكە يېتىپلا سېنى تونىماس.

دوست تۇتساڭ ئەخلاقىغا قاراپ باق،
بىللە يۈرگەن دوستلىرىغا قاراپ باق.
سەمىمىي بولمىسا قىلغان ئىشىدا،
دېمىگىن ھەرگىزمۇ قەلبى ئىكەن ئاق.

ياشىماققا ئاسان ئەمەس ئۆزى تاق،
تاق ياشىسا بولماس ئادەم روھى ساق.
بەخت گۈلى ئېچىلدۇرار ئىناقلىق،
شۇ بەختتىن قەلبىڭ بولۇر ھامان ئاق.

پاك مۇھەببەت، پاك سۆيگۈنى ئىزدىدىم،
نادان چېغىم ياخشى نەسەپ بىلمىدىم.
ئەتراپىمدا ھۆر ـ پەرىلەر كۆپ ئىكەن،
ۋاپادارنى تاپالمىغاچ ئاھ دېدىم.

بىلىمدە ئۆرلەشكە ئۇستازلار كېرەك،
توختىماي ئۆگەنسەڭ بولىسەن زېرەك.
ئۆگەنمەي، تىرىشماي ئۆتكۈزگەن كۈنۈڭ،
مەنىسىز ھاياتتىن بېرىدۇ دېرەك.

يېڭىلىق بولمىسا قىلغان ئىشىڭدا،
چۆرگىلەر شۇم قۇزغۇن ھامان بېشىڭدا.
توختاۋسىز ئىلگىرىلەش ساڭا بېرەر قۇت،
قانائەت تۇرمىسا ئەگەر قېشىڭدا.

ۋاقىتنى تېجەشلىك ئۆتكۈزسەڭ ھامان،
مەنىلىك كۆرىنەر ھەر كۈنى زامان.
بىھۇدە ئۆتكۈزسەڭ ھەر بىر مىنۇتنى،
دېگۈم بار ئىسراپلىق ھەممىدىن يامان.

سۆيگۈلۈك ئاۋامنى ئېگىز ـ پەس دېمەي،
تاپقاننى تەڭ كۆرۈپ، كۆپ ـ ئازكەن دېمەي.
ھەقىقەت ھەممىمىز ئىنسانىمىز ئەبەد،
ئۆتكۈلۈك سەن گاداي، مەن تۆرە دېمەي.

ئىنچىكە ئويلىغىن ھايات يولۇڭنى،
ياخشىغا ئۇزاتقىن سېخى قولۇڭنى.
ھاياتتا قالىدۇ پەقەت ياخشىلىق،
شۇ يولدا ئەبەدكە يورۇت دىلىڭنى.

ئادەمنى ئەسلىدىن ئۇلۇغ ياراتقان،
مېھرىنى ھەر دائىم ئەلگە قاراتقان.
ۋە لېكىن بەزىلەر بىر نېنى ئۈچۈن،
ئاۋامنىڭ بەختىگە كۈلپەت تاراتقان.

رېھىم نىياز

# ئۆزگىچە

كېرىيە دېگەن ئەڭ گۈزەل قەدىمىي يۇرت ئۆزگىچە،
ئازاد زامان ئەكەلگەن بەخت ھەم قۇت ئۆزگىچە.
خېرىدارلىق مال ئىكەن ھەممە جايدا ئەتىۋار،
قاشتېشىدا ئويۇلغان رەڭدار سەنئەت ئۆزگىچە.

خەلقلىرى مېھماندوست، قۇيغان چېيى ئۆزگىچە،
ئەجەب تەملىك قاپچىمال يېگەن مېيى ئۆزگىچە.
ئايىمايدۇ بارىنى ھېچ ۋاقىتتا مېھماندىن،
ئۆز كۆڭلىدە ھەممىسى (يۇرتنىڭ بېيى) ئۆزگىچە.

سەنئەتخۇمار ــــخۇشچاخچاق، مەشرەپ كۈيى ئۆزگىچە،
ئايۋان ـ ساراي... ۋاسا جۈپ ئاسماق ئۈيى ئۆزگىچە.
«لايسۇ» دېگەن قەدىم جاي ئادەملىرى بەك قاۋۇل،
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئىچكەن سۈيى ئۆزگىچە.

بوۋايلارنىڭ كىيگىنى ــ «تونچە يەكتەك» ئۆزگىچە،
مومايلارنىڭ بېشىدا «كىچىك تەلپەك» ئۆزگىچە.
نەزىر ـ چىراغ ئايەمدە ياغ پۇرىتىپ ئۆي ـ ئۆيدە،
داستىخانغا ياراشقان پوشكال ـ چەلپەك ئۆزگىچە.

ئەزىم ئۇلۇغ دەرياسى دولقۇنلىرى ئۆزگىچە،
چاچار مېزىلىك خۇشپۇراق چۈگۈللىرى ئۆزگىچە.
قۇم تىزگىنلەپ شېخىدا، يىلتىزىدا دورىلىق ــ
توشقان زەدىكى بەرگەن يۇلغۇنلىرى ئۆزگىچە.

ھەپتىدە بىر قىزىيدۇ «شەمبە بازار» ئۆزگىچە،
شائىرلىرى ئۇلۇغلاپ داستان يازار ئۆزگىچە.
ئەجدادلارنى قەدىرلەپ كەلگەن ئۇلۇغ تاۋاپگاھ،
«مۇقام ئاتا»، «غەززالىم»، «شىلان» مازار ئۆزگىچە.

ئەجدادلاردىن قالغان جاي «دەريا بويى» ئۆزگىچە،
بەش يۈز ئاتمىش چاقىرىم قۇملۇق يولى ئۆزگىچە.
ھايات بەرگەن چۆلدىكى يۇلغۇن، توغراق... قومۇشقا،
ئۇزۇن كەتكەن دەريانىڭ ئېقىن ـ غولى ئۆزگىچە.

چوپان ئاكام يايلاقتا چالغان راۋاب ئۆزگىچە،
گۈلخان يېقىپ پىشۇرغان كۆمەچ، كاۋاپ... ئۆزگىچە.
كەلسە كىمكى بۇ يەرگە تەبىئەتتىن زوق ئېلىپ،
كۆڭلىدىكى ئارمىنى تاپقاي جاۋاب ئۆزگىچە.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا)

**ئەخمەتجان مەتقۇربان مۇڭداش**

# ئەگەر مېنى چۈشەنمەك بولساڭ

## ئەگەر مېنى...

ئەگەر مېنى چۈشەنمەك بولساڭ،
سىڭىپ كىرگىن قەلبىم بېتىگە.
پايانى يوق يېگانىلىقنىڭ،
بارالمايسەن يېتىپ چېتىگە.

ئەگەر مېنى چۈشەنمەك بولساڭ،
ياسانمىغىن ئۈنچىلا پۈزۈر.
قايرىپ قويۇپ مەۋجۇتلۇقىڭنى،
تەنھالىقتىن ئالغىن بىر ھۇزۇر.

ئەگەر مېنى چۈشەنمەك بولساڭ،
سىردىشىپ باق شاماللار بىلەن.
شېئىرىمنىڭ مىسرالىرىدا،
مۇڭدىشايلى پەقەت ئىككەيلەن.

ئەگەر مېنى چۈشەنمەك بولساڭ،
ياق باغرىڭنى تۈنلەرگە ئۇزاق.
بار سىرىمنى ئېيتىپ بېرىدۇ،
ئۇنتۇلغان جاي، سۆيۈملۈك بۇلاق.

## پۇشايمان

مەن ئۆزۈمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم،
جىلۋە ئۆچكەن چۈشلىرىم ئارا.
سوۋغا قىلدىڭ ئاخىر دەرد ـ ئەلەم،
شۇڭا مېنىڭ يۈرىكىم يارا.

سۆيگۈ ئىزدەپ چېپىپ يۈرىمەن،
بىر نىشاننى تاپالماي ھەر دەم.
ئارمانلىرىم قالسۇن شۇ يېتى،
مەن ئۈچۈنلا تۆرەلگەن ئەلەم.

ئىچىۋالاي ئەمدى ئاچچىق مەي،
كەچمىشلەردىن ئۇلغۇيار ئازاب.
تەسەللىيدىن پۈتكەن شېئىردەك،
مېنى كۈتەر غەمگۇزار ئاپتاپ.

## چىرا

چىرا
خىيالىمدەك چەكسىز ئىقلىمدا،
نۇر قويىنىدا ياتقان شەھەرسەن.
مېنى مەپتۇن قىلغان پەرىدەك،
چۈشلىرىمدىن مەڭگۈ چىقمايسەن.

چىرا
ئوماققىنە ئاپئاق تاڭلىرىڭ،
بۇدرۇققىنە كۆلەر ئالدىمدا.
ئەستىن چىقماس بەرگەن ئوغۇزۇڭ،
سەن ئەبىدىل ئىسسىق بىر ئۇۋا.

چىرا
قۇملۇقتىكى ئانارلىق بېغىڭ،
يولۇققانتى خېزىرغا قاچان؟
ئاتەش مېھرىڭ ئىللىتقاچ مېنى،
تۆكۈلمەكتە تېنىمدىن خازان.

چىرا
يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدا،
كۆيلىرىم بار تۈگىمەيدىغان.
شېئىر يازغۇم كېلەر شۇ قەدەر،
مۇھەببەتتەك ئۇنتۇلمايدىغان.

چىرا
تارىخلارنىڭ ئۆچمەس بېتىدە،
سەن توغرىلىق باردۇر رىۋايەت.
ئۆزۈڭ كىچىك بولساڭمۇ، لېكىن
ئالەمدە يوق سەندىكى قۇدرەت.

چىرا
سۇپۇرگىكام ھۇزۇرىدا مەن،
سېغىنىمەن سېنى ھەر كۈنى.
تومۇرۇمدا داۋالغۇپ ئاققان،
چىرىيىلىك ئەركەكنىڭ قېنى.

چىرا
سەن مېھرىبان سۆيۈملۈك ئانا،
مېنى قايتا تۇغۇپ قوي يەنە...
(ئاپتور: چىرا ناھىيە چىرا بازار باشلانغۇچ مەكتەپتە)

**ئابلىپىز توختىمۇھەممەت ئارىقومى**

# شېئىرلار

## لەيلەر لىرىكا

مەن ياشىغان، ئاخىرقى قېتىم،
بوپ قالمىساڭ بولاتتى دۇنيا.
توختاپ كەتكەن ۋاقىت مۇشۇكتەك،
نەپەسلەر ئوت، سېلىشار قىيا!...

بوشلۇقلاردا لەيلەر لىرىكا،
قۇلاقلارغا قۇيۇلار شېرىن.
قىزارغىنى يۈزلەرنىڭ نېمە؟!
ئۇشبۇ چاغدا ئادەملەر قېلىن.

قىياسلىرىم تاپمىدى قىيام،
كونا كەسپىم، تاشلىماي قاسراق.
تەكرارلانماي دەملەرنىڭ ئىشى،
پۇرسەت كۆتەر ئىزگۈلەر ياق، ياق!...

## مەھەللەم

(1)
مېنىڭ مەھەللەم
مېنىڭ پېشىم بىلەن تەڭ.
ئۇ كىردى مەن كىرگەن ياشقا،
پېشىممۇ يوق، بېشىممۇ يوق بۇنىڭدىن باشقا.
(2)
بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ،
غەرب چېتىگە سوزۇلغان مەھەللە
شاھىد بولغان كەچمىشلىرىمگە
ئۇ تونۇتقان مېنى ئۆزىگە
سۇرۇپ كۆزىگە،
مەن تونىتىمەن ئۇنى جاھانغا
كىرىپ سۆزىگە!
(3)
بولدى بەس!
كونا مەھەللەم
سەندىمۇ يۈك ئېغىر
مەندە ئىش تولا.
شۇندىمۇ قېتىپ قويغىن بېشىمنى
سۇرتۇپ قوياي يېشىڭنى.

## ئۇچراشقاندا

تار كوچىدا ئۇچراشقاندا ئىككىمىز،
ئۆزۈمچىلا توختاپ قالدىم شىپپىدە!
ئەكس ئەتتى سىنىڭدىمۇ خىجىللىق،
تەر تامچىسى تامدى مەندىن چىپپىدە...!
قانچە تۇردۇم، تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن،
كېتىپ قاپسەن سەن يېنىمدىن غىپپىدە...
ئېلىپ كەلدى مۇھەببەتنىڭ باھارى،
دىماغلارغا گۈل ھىدىنى گۈپپىدە!...
(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى گۈچۈڭ يولى «پاراۋوز بېشى» خەلقئارا سودا ئىشلىرى C رايون 18 - نومۇرلۇق قورۇدا)

ئابدۇغېنى سېيت

# ئەزۋەيلەيدۇ ئېلانلار

تېلېۋىزور ئېچىلسا قاچان،
ئېلان ـ ئېلان... دورا ئېلانى،
گىلەمچىلەر چوڭ سۈپەت ـ ئېسىل،
خام قومۇشنىڭ بورا ئېلانى.
ئالما، ئانار ساتقاندا گەپ يوق،
قۇلاق يەيدۇ غورا ئېلانى.

ئايلانسىڭىز بىر سائەت بازار،
يۈز ۋاراقچە تەشۋىق تېگىدۇ.
بىر ئىشەكلىك يۈك بولۇپ سىزگە،
ئېغىرلىقى بەلنى ئېگىدۇ.
ئوقۇغانچە «قىزىق» گەپلىرى،
دىلنى غەش قىلىپ، كۆڭۈل چېكىدۇ.

كەلسە قاچان ئالدىڭغا ئىزا،
«شەلۋەرەش»تىن باشلاشسا گەپنى.
ھۆ تۇتقانچە باستىم كونۇپكا،
نەدە قوياي ھايا ـ ئەدەپنى.
(نە چاي، شۇئان تائامدا لەززەت،
يېدىڭمۇ ئاش، ياكى ھەلەپنى.)

بىمارلارغا كۆيۈنۈپ تېخى،
كۆرسىتىلەر سۈرەتلەر لەپ ـ لەپ،
شۇنچە خۇنۇك، ئۇياتسىز گەپلەر
تۇرار كۇرۇك توخۇدەك ئۈنلەپ.
ئەنسىرەيمەن جىق گەپتىن دېكتور،
ساراڭ بولۇپ قالارمۇ سۆزلەپ.

پۇل قوشقاندەك دورا دۇكىنى،
تېلېۋىزور ئىشلىشقا خەققە.
زېرىكتۈرگەن تەكرار ئېلانلار،
ئاغزىڭ كېتەر، شۇ ئاندا لەتكە.
باشقا ئىشلار قالدى نەلەردە؟
ئېلان ـ ئېلان چىقتىغۇ تەختكە.

ئىشلىمىسە بولماسمىدى ھە؟
داڭلىمىسا سېتىلماس مالنى.
تاپالماسمۇ ساتمىسا ماختاپ،
سودىسىغا ئەپلىك ئامالنى.
تويدى كىشى، گاس بولۇپ قۇلاق،
ئاڭلاپ تولا لاۋزا ئېلاننى.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى پېنسىيونېرى)

ئەركىن داۋۇت ئۇغۇز

# باھار ھىدى كېلەر تۆت تامدىن

## شاماللار

قىزىل گۈلگە سىرداش خىياللار،
گۈل لېۋىگە ئۇرۇلدى يۇمشاق.
قىزىل گۈلنى سۆيدى، ھىدلىدى،
قىزىل گۈلگە بولغاچقا مۇشتاق.

قىزىل گۈلنىڭ قىزىل مەغزىدە،
پەرىزاتتەك ئەيلىدى جۇلا.
سۆيگۈ توشۇپ، خۇشپۇراق توشۇپ
قىزىل گۈلدەك نازلاندى گويا.

كۈلدى ھەممە، كۈلدى قىزىل گۈل،
قىزىل گۈلدەك قىزاردى ئالەم.
قىزىل گۈلنى ئۇلۇغلاپ دىلدىن،
قىزىل گۈلدەك ياشايدۇ ئادەم.

## سۇ ئاققان ئېرىق

شىلدىر ـ شىلدىر سۇ ئاققان ئېرىق،
يۈرىكىمگە تۇتاشتۇر ـــ تۇتاش.
كىچىكىمدە قالاتتىم ھەيران،
شۇ ئېرىققا چۆمۈلسە قۇياش.

شۇ ئېرىققا چۆمۈلسە قۇياش،
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلەتتى ئارمان...
پىچىرلىشىپ يېشىل ياپراقلار،
قوزغار ئىدى دىلدا ھاياجان.

قوزغار ئىدى دىلدا ھاياجان،
مەن ئوينىغان كەپسىز ئېرىقلار.

توپىلىق يول، توپىلىق دۇنيا،
قۇياش سۆيگەن ئويناق بېلىقلار.

غەملەر مەندىن يىراقتى ـ يىراق،
غەمسىز ياشاپ ئۆتەتتىم كۈلۈپ.
سىردىشاتتىم گۈللەر بىلەن ئۇز،
بالىلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ.

بالىلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ،
كېپىنەككە قىلاتتىم چاقچاق.
بولدۇقلىغان بۇلاق سۇيىدەك،
تۇيغۇلىرىم ئىدى بەك ئويناق.

شىلدىر ـ شىلدىر سۇ ئاققان ئېرىق،
يۈرىكىمگە تۇتاشتۇر ـ تۇتاش.
سۆيگۈلەردىن تۇغدۇرۇپ سۆيگۈ،
تۇرىدۇ ئۇ قېرىماي ياپياش.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

**ئىدرىس مەتسىيىت قەدىناس**

# ئۈچ غەزەل

## قاشتېشى

سەن قاچاندا دۇنياغا كۆزۈڭ ئاچتىڭ قاشتېشى،
شۇندىن بۇيان مەردانە، داۋان ئاشتىڭ قاشتېشى.
ساناپ باقسام يېشىڭنى ئۆلشىپسەن ئوتتۇزغا،
تۇماندىمۇ لاچىندەك قانات قاقتىڭ قاشتېشى.
باغلىرىڭنىڭ گۈللىرى كۆركەملىشىپ يىلمۇ يىل،
ھەممە جايغا ئىپاردەك خۇش ھىد چاچتىڭ قاشتېشى.
مۇنبەت زېمىن، ساپ ھاۋا كۆتۈرگەچكە قەددىڭنى،
بەيگىلەردە تۇلپاردەك شۆھرەت تاپتىڭ قاشتېشى.
نەگە بارساڭ تىللاردىن چۇشمەس نامۇ شەرىپىڭ،
خەلقىمىزنىڭ قەلبىگە ياغدەك ياقتىڭ قاشتېشى.
باغۋەنلىرىڭ بولغاچقا مېھرى ئىسسىق پەرۋىشكار،
قۇچىقىنى دىللارنىڭ گۈلدە ياپتىڭ قاشتېشى.
ھەر كەلگىچە سەن يېتىپ سانسىز كۆزلەر يولۇڭدا،
ھەر كۆڭۈلگە باھاردەك دەرمان قاتتىڭ قاشتېشى.
باھا يۇتۇپ قامىتىڭ يېتىلگەچكە چىناردەك،
ئويناپ كۈمۈش بۇلاقتەك قايناپ تاشتىڭ قاشتېشى.
تۈزەپ بەكمۇ ئۆزۈڭنى، سەر خىل قىلىپ گۈلۈڭنى،
رىشتىمىزنى رىشتىڭگە مەھكەم چاتتىڭ قاشتېشى.
رازى سەندىن خەلقىمىز ئۆرلە يەنە كامال تاپ،
قەلبىمىزدە دەريادەك راۋان ئاقتىڭ قاشتېشى.

## تىللىما

ئەي يىگىت، ئىچكىن شاراب، مەستلىكتە ئادەم تىللىما،
رۇمكىغا تەگدى لېۋىڭ لەستلىكتە ئادەم تىللىما.
بىر يۇتۇم ئىچسەڭ ئەگەر، سورۇن ساڭا تارلىق قىلۇر،
تۇتىسمۇ تاشلاپ چاپان، بەسلىكتە ئادەم تىللىما.
مەيلى ئىچ ئاز ـ كۆپ ئۇنى، باغلىق ئۆزۈڭنىڭ چامىغا،
كوچىدا جاڭجال تېرىپ، نەستلىكتە ئادەم تىللىما.
ئىچمىسەڭ دېۋانىسەن، ئىچسەڭ مەگەر پىرخۇن دېمەك،
كۆز قىسىپ سىڭلىڭغىمۇ پەسلىكتە ئادەم تىللىما.
بولسا ئىچ ئاخشاملىرى، يۇرت ئەھلىدىن قىلغىن ھايا،
تاشلىنىپ يول ـ كوچىدا، خەسلىكتە ئادەم تىللىما.
سىڭمىسە قويغىن ئۇنى، قىيناپ جېنىڭنى ئىچمىگىن،
سىڭسە گەر بەرگىن چىداش، قەستلىكتە ئادەم تىللىما.

## دوست

قىلمىساڭ غەيۋەت ـ ھەسەت، تاۋىڭ تائام تارتىمامدۇ، دوست،
باشلىساڭ باغلارغا سۇ، دولقۇن ياساپ ئاقمامدۇ، دوست.
ئالدىدا ماختاپ راسا، ئۆتسەڭ كېيىن غەيۋەت قىلىپ،
ئۆزگىنى رەنجىتمىسەڭ بەختىڭ چېچەك ئاچمامدۇ، دوست.
سەن قايان بارساڭ يېتىپ، تاشلاپ يەنە غەيۋەتتە تور،
سالمىساڭ دىللارغا غەش كۆڭلۈڭ ئارام تاپمامدۇ، دوست.
ئۆز كىيىپ يۇرسە بىراۋ، چېھرىڭ ئۆڭۈپ قان قالمىدى،
ئۆزگىلەر يۇتقاندا ياغ، تومۇرغا قان پاتمامدۇ، دوست.
يول راۋان، ئاشقىن داۋان، پۇرسەت بۇگۈن كۆپتۇر ساڭا،
يەپ ـ ئىچىپ، كىيسەڭ پۇزۇر، ئۇرغۇپ قېنىڭ تاشمامدۇ، دوست.
ئىككىمىز ياغدەك يېقىن، تەنبىھ قىلاي ھار ئالمىغىن،
غەيۋىتىڭ كەتسۇن تۆكەپ، مېھرىڭ قانات قاقمامدۇ، دوست.

(ئاپتور: گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە

# سۇلايمان قاسىم ۋە روبېرت كىنكاي

## ھىجران

— «ھىجران» رومانى بىلەن «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» رومانى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ئىزدىنىش

ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۆزىگە خاس دەۋرلىككە ۋە مىللىيلىككە ئىگە. ئوخشاش بىر ئەسەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زاماندا ئوخشاش بولمىغان باھاغا ئېرىشىدىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ. ھالبۇكى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ مەزمۇنى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر رومانچىلىقى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە بىزدە ئىجاد قىلىنغان رومانلارنىڭ سانى يۈزدىن ھالقىپ كەتتى. بەلگىلىك مىقدارغا ئىگە بولغان بۇ رومانلىرىمىزدا تارىخمۇ، توقۇلما ھاياتمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەكس ئېتىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى چاڭقىشىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇردى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، يازغۇچى تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «ھىجران» ناملىق ئىككى توملۇق رومانىنى مۇشۇنداق مەنىۋى چاڭقاقلىرىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرغان ئېسىل رومان دەپ قارايمەن. ئەسەر مەزمۇن جەھەتتە بەلگىلىك كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، مۇھەببەت، كەسىپ، ئىنسانىي مۇناسىۋەت، قوشنىدارچىلىق قاتارلىق نازۇك تەرەپلەردە بىر قاتار چۈشەنچىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان. رومانىنى ئوقۇۋېتىپ مەندە تۇيۇقسىز بۇ رومانىنى غەرب ئەدەبىيات تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئامېرىكا يازغۇچىسى روبېرت جامىس ۋاللېرنىڭ «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش»، «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» دېگەن ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كېلىۋاتقان ئوبرازلار مەسىلىسى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى «غەربچە ھىجران» بىلەن ئۇيغۇرچە «ھىجران»نىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىي مۇلاھىزىلەرگە باشلاپ كىرەلىسەم ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

«ھىجران» رومانى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يېزىلغان. ھوشۇر سەلەي بىلەن سۇلايمان قاسىم بىر بىنادا ئولتۇرىدىغان قوشنىلاردىن بولۇپ، ھوشۇر سەلەينىڭ تۇرمۇش سېلىقى ئېغىر بولغاچقا، سۇلايمان قاسىملار ئۇلارغا ھەمىشە ياردەم بېرىپ تۇرىدۇ. ھوشۇر سەلەينىڭ قىزى رىسالەت ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە پەرىشتە سۈپەت سۇلايمان قاسىمنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. سۇلايمان قاسىم ئۇنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما رىشتىنى ئۈزەلمەيدۇ ۋە ئۈرۈمچىگە خىزمەت بىلەن بارغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. رىسالەت ئوقۇش جەريانىدا ۋە ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا سۇلايمان قاسىمدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ نىكاھىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇ سۇلايمان قاسىمدىن پەرزەنتلىك بولۇشنى بىر قانچە رەت تەلەپ قىلسىمۇ سۇلايمان قاسىم ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مۇناسىۋىتىنى ئۇنىڭ ئانىسى قەمبەرخان بىلىپ قالىدۇ.

كېيىن ھوشۇر سەلەي كەنجى قىزىنىڭ دەردى ۋە ئىدارە باشلىقىنىڭ قەستەن قىيىنىشى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا رىسالەت شاڭخەيكە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىقىپ كېتىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، رومان باشتىن ـ ئاخىر سۇلايمان قاسىمنىڭ رىسالەتنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى دىلغۇللۇقتىن ئىبارەت ھالقا ئىچىدە دەۋرلىنىپ، بىر پەسىيىپ، بىر يۇقىرىلاپ تۇرۇشتەك مۇھەببەت مېلودىيىسىنى مەركەز قىلغان.

ئەمدى بىز ماقالىمىزنىڭ تېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر رومان بىلەن ئۇچرىشىپ باقايلى:

«كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» ۋە «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» ناملىق بىر يۈرۈش روماندا «جۇغراپىيە ژۇرنىلى»نىڭ تەكلىپلىك سۈرەتچىسى روبېرت كىنكاي بىر قانچە قەدىمىي لەمپىلىك كۆۋرۈكنى سۈرەتكە تارتماقچى بولۇپ، يول سوراپ فرانسىسكانىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا فرانسىسكانىڭ ئېرى شەھەرگە كۆرگەزمىگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ روبېرت كىنكايغا ھېلىقى لەمپىلىك كۆۋرۈكنى كۆرسىتىپ قويۇشقا بارىدۇ. ئېرىدىن قىلچىمۇ ئىللىقلىق ھېس قىلالمايدىغان فرانسىسكا روبېرتنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئايالى تاشلىۋەتكەن روبېرتمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك مۇھەببەت قاينىمىغا چۆكىدۇ. روبېرت خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ تۆت كۈنلۈك مۇھەببەت ئۇلارنىڭ قەلبىدە شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانكى، ئۇلار تاكى ئاخىرقى تىنىقىغىچە بىر ـ بىرىنى ئەسلىشىپ، ھىجران ئازابىدا جان تەسەددۇق قىلىشىدۇ.

مەلۇمكى، روماندا بىر بويتاق (ئايالى تاشلاپ كەتكەن) ئەرنىڭ باشقا بىر ئەرنىڭ ئايالىغا بولغان «چىن مۇھەببىتى» ۋە ئۇنى سېغىنىش ھېسسىياتى، ئايالنىڭمۇ ھەم ئۇنى سېغىنىش ھېسسىياتى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىنغان.

دېمەك، «ھىجران» بىلەن «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش»، «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» رومانىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە مۇھەببەت ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان ئىككى يۈرەكنىڭ بىر ـ بىرىنى چاقىرىشى ئاساسىي خاھىشتۇر. ئۇنداقتا بىز قانداقلارچە سۇلايمان قاسىم بىلەن روبېرت كىنكاينى سېلىشتۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ قالدۇق؟ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئالاھىدە نامايەندە، 13 خىلدىن ئارتۇق تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىۋاتقان بۇ ئەسەر بىلەن بىزنىڭ ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىگە مەنسۇپ بولغان «ھىجران» رومانىمىزنىڭ قانداق ئورتاقلىقى ۋە يەكلىكى بار؟

ئالدى بىلەن بۇ ئىككى روماندىكى مۇھەببەتنىڭ ئاشكارلىنىش شەكلى روشەن پەرققە ئىگە. «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش»تە فرانسىسكا روبېرت كىنكاينى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ دەل ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان كۈتۈۋاتقان كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. غەربنىڭ مۇھەببەت تەپەككۇرى بويىچە ھېچقانداق ئىككىلىنىش ۋە تارتىنىشتىن خالىي ھالدا ئۇنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. دەل ئۇنىڭ ئېرى بىلەن بالىلىرى بىر كۆرگەزمىگە كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار بىرلىكتە ئۇنتۇلغۇسىز تۆت كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئەسەردە باشتىن ـ ئاخىر روبېرت كىنكاي بىلەن فرانسىسكانىڭ مۇھەببىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ «چىن ئىنسانىي مۇھەببىتى»گە مەدھىيە ئوقۇلغان.

«ھىجران» روماندا ئاپتور سۇلايمان قاسىم بىلەن رىسالەتنىڭ مۇھەببىتىنى دەسلەپتە ئىنتايىن پىنھان تۇتقان بولۇپ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» فىلىمىنى بىرگە كۆرۈشتىن ئىبارەت پۇرسىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋەقەلىكىنىڭ پەردىسىنى قايرىغان. كىنو كۆرۈش جەريانىدا رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىۋالىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سۇلايمان قاسىمغا بولغان مۇھەببىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ھاياتىدىكى بىسەرەمجان مۇھەببەت باشلىنىدۇ. سۇلايمان قاسىم بارا ـ بارا رىسالەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. رىسالەت ئۇنىڭدىن كۈچلۈك ۋە ئوتلۇق مۇھەببەتنى تەلەپ قىلىدۇ. سۇلايمان قاسىم بولسا ئائىلىۋى بۇرچ، قوشنىدارچىلىق مېھرى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى تۈپەيلىدىن تەڭقىسلىقتا قالىدۇ. ئۇنىڭدىكى دىلغۇلۇق، ئىلاجىسىزلىق ۋە ئاجىز مۇھەببەت رىسالەتنى ھېچقاچان قاندۇرالمايدۇ. ئەسەر باشتىن ـ ئاخىر رىسالەتنىڭ سۇلايمان قاسىمنى سېغىنىش پىراقى بىلەن يۇغۇرۇلغان. شۇڭا، رومانىنىڭ «ھىجران» دېگەن نامىمۇ ئوخشاشلا سۇلايمان قاسىمغا قارىغاندا رىسالەتكە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ قاراش مۇمكىن.

بۇ ئىككى روماننى ئوقۇش جەريانىدا كىتابخان بىرسىدىكى ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان شەرقچە مۇھەببەت مىلودىيىسىنى، يەنە بىرىدە غەربچە ئاشكارا مۇھەببەت خاھىشىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» ۋە «ھىجران» رومانىنى قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش جەريانىدا شۇنى بايقىدىمكى، روبىرت كىنكاي ئوبرازىنى تىكلىگەن «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» رومانىدا سىز پۇشايمان، ئىككىلىنىش دېگەن نەرسىنى ھېچقاچان ھېس قىلمايسىز. بىر بويتاق ئەرنىڭ باشقا بىر ئەرنىڭ ئايالىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى قانچىلىك ئاددىي ئىش بولسا، ئەرلىك ئايالىنىڭ خوتۇنىسىز ئەرنى ياقتۇرۇپ قېلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىشى شۇنچىلىك ئەقەللىي قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. مۇنداقچە دېگەندە، ئاپتور بۇنداق ئىدىيىۋى قىسىنچىلىقتىن تامامەن خالىي ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان. دەرۋەقە رومان ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىنغان. مەن مەزكۇر ماقالىنى يېزىش جەريانىدا باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ھېسسىياتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بەش نەپەر ئوقۇغۇچى قىزغا بۇ روماننى ئوقۇش تەكلىپىنى بەردىم. بۇلاردىن ئۈچى روماننىڭ ئىككىنچى قىسمىنى ئوقۇۋاتقاندا، كۆز يېشى قىلغان. بىرى بۇ روماننى ئىنتايىن لىرىك يېزىلىپتۇ، دەپ قارىغان. بىرى روبىرت كىنكايچە مۇھەببەتنى ياقتۇرمىغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي دوكلات ئاڭلاۋېتىپ بىر پىروفېسسورنىڭ روبىرت كىنكايچە مۇھەببەتنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىمنى كىتابخاندىن يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايمەن. بۇ ئالتە كىشىنىڭ روبىرت كىنكايىنىڭ مۇھەببىتىگە بولغان كۆزقارىشى ماڭا بىزنىڭ ئىدىيىمىزدە غەربچە مۇھەببەت ئىدىيىسىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ئەمما، قەدىم سەلتەنەتلىك بۇ مىللەتنىڭ مۇھەببەت كۆزقارىشىچۇ؟ ئوغۇزخاننىڭ دەرەخ كاۋىكىدىكى قىزغا مەپتۇن بولۇشىدىن باشلىنىپ، «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»دەك، شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئورتاق تېمىغا ئۇلاشقان نەچچە مىڭ يىللىق مۇھەببەت ھېكايىلىرىمىز مۇھەببەتنىڭ «بىرچە ئەسلى مەنىسى» (بۇ ئاتالغۇ غەربچە مۇھەببەت چۈشەنچىسىگە قارشى قويۇلدى)نى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ قولىدا تېزلا ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ؟ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ بۇنداق تېز بولۇشىغا دارۋىنىنىڭ نەزەرىيىسى ئالدى بىلەن قارشى تۇرسا كېرەك. بىز پاك مۇھەببەت بىلەن ئەيلەنگەن، ھالال نىكاھنى تۇپراقتىن بەكرەك مۇقەددەس بىلىپ يېشىغان مۇشۇ زېمىندا، يىگىرمە نەچچە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان غەربچە مۇھەببەت نەزەرىيىلىرى بىلەن تونۇشتۇق، ھەۋەسلەندۇق. ياشلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت توغرا، دۇرۇس يولدا كېتىۋېتىپ «ئۆزىنى ياش چاغلايدىغان»لارنىڭمۇ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشىگە يېتەرلىك باھانىلەرنى تاپتۇق. ئەمما، تومۇردا كۆۋەجەۋاتقان قان، ئىدىيىمىزگە سىڭگەن ئۆرپ ـ ئادىتىمىز ھەر ۋاقىت ئېسىمىزگە باشقىچە بىر خىل سادانى، يەنى ئەسلى مەنىدىكى مۇھەببەتكە ۋە ئائىلىگە سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلماقتا. شۇنداق بولسىمۇ، ھەممە نەرسە بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ توغرا دىئاگنوز قويۇش قىيىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، روھىي ھالىتىمىزدىكى مۇھەببەت چۈشەنچىسىمۇ تەبىئىي ھالدا شۇنچىلىك مۇرەككەپ، ئەبجەش ھېسسىي شەيئىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەرلەر: «قىزلارنى يۈرۈشكە بولىدىغان قىزلار، توي قىلىشقا بولىدىغان قىزلار، بىر قېتىم تاماق يېيىشكىلا ئەرزىيدىغان قىزلار» دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىغان چاغدا، قىز ـ ئاياللىرىمىزمۇ ئەرلەرنى «تامىقىنى يەپلا قېچىشقا تېگىشلىك ئەرلەر، چېچى قارا، يۈرىكى سولاش ئەرلەر، پۇلى بولىدىغان، ئۆزى بولمايدىغان ئەرلەر، ئويناشقا بولىدىغان، تېگىشكە بولمايدىغان ئەرلەر» دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىپ ئۈلگۈردى. ئەنئەنىنى ياقىلايدىغان كىشىلىرىمىز بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەدەبىي ئاخباراتلارنى يېزىپ ژۇرناللارنىڭ تىراژىنىڭ ئېشىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇنداق ماقالىلەرنى يەنىلا ئەنئەنە يولىدىن تايمايدىغانلارلا ئوقۇپ كېلىۋەردى. ھېلىقىلار بولسا قاۋاق بىلەن يالاقتىن چىقماي مېڭىۋەردى.

غەرب جەمئىيىتىدىكى مۇھەببەت دېگەن چۈشەنچە بىلەن بىزنىڭ مۇھەببەت چۈشەنچىمىز ئىككى خىل بوشلۇقتا تۇرۇشى تەبىئىي. غەربلىكلەرنىڭ «ئىككى يۈرەك تەڭ سوقسا، شۇ چاغدا مۇھەببەت شەكىللىنىدۇ»، «مۇھەببەت ــ بىر دەملىك قوزغىلىش، ھاياجانلىنىشتىن باشلىنىدۇ، ئۇ نوقۇل مەسئۇلىيەتلا ئەمەس، بەلكى يەنە ھېسسىيات» دەپ قارايدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئېنىق. ئەمما، بىز نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇـ

ھەببەت دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا قايسى ئاتالغۇ ئارقىلىق جاۋاب بېرىمىز؟ قېنى، زامانىمىزنىڭ قايسى لوگىكىلىرى بۇ ھەقتە بىزنى بىز قايىل بولغۇدەك جاۋابقا ئىگە قىلىدۇ؟

مېنىڭچە، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش قىيىنغا توختىسا كېرەك. بىزدە ھازىر ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بىلەن تويۇنغان مۇھەببەت قارىشىمۇ، غەربچە چۈشەنچە بىلەن پۈركەنگەن مۇھەببەت غايىلىرىمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. خۇددى تارىختا تالايلىغان مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقاندەك، بۇ ئاچا يولسىمان مەدەنىيەت تۇيرىقىدا بۈگۈنكى كۈندە تالايلىغان مۇھەببەت چۈشەنچىلىرى بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. بىز تېگىرقاش ئىچىدە قالدۇق. كۆكۈللۈك ئائىلە ئۇتقىمىز تېخى بار، چىرايلىق قىزلار بىلەن ئەسرا بولغىمىز تېخى بار، خوتۇنغىمۇ خەجلىگىمىز، پەرىلەرگىمۇ خەجلىگىمىز بار. ئايالالارنىڭمۇ بۇ سەپتە ئانچە كېيىن قالمىغانلىقى بىزگە ئىنتايىن ئېنىق. ئارستوتېلنىڭ ئەنئەنىۋى لوگىكىسىدىن بۈگۈنكى زامانىۋى لوگىكىغىچە ھەم ئۇزۇنغا ھەم توغرىسىغا پايدا ئالىدىغان بۇنداق قائىدە قايەردە بازار تاپاركىن؟

دېمەك، مۇھەببەت مەسىلىسىدە بىز مۇشۇنداق دىلغۇللۇق ئىچىدە قالدۇق. بۇ يەردە ئۈچ ئاچا يول تۇرۇپتۇ، بىرى، بارسا كېلەر يول؛ بىرى، بارسا كەلمەس يول؛ بىرى بارسا يا كېلەر يا كەلمەس يول. بىراق، مۇھەببەت مەسىلىسىدە بۇ ئۈچ يولنىڭ ھەممىسىنىڭ بارسا كېلەر يول بىلەن بىر تۇتاش بولۇشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىمىز ـ ھە؟

«ھىجران» رومانى باش قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىشتا دەل مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشنى تاللىۋالغان بولۇپ، سۇلايمان قاسىمنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى ۋە ئىككىلىنىشلىرى ئەنە شۇنداق روھىي بايانىنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك. شۇڭا، ئەسەردە بىز سۇلايمان قاسىم بىلەن رىسالەتنىڭ مۇھەببەت مەسىلىسىدە گاھ تارتىشىپ، گاھ يىراقلىشىپ تۇرغان ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۇچرىتالايمىز. ئەڭ دەسلەپ رىسالەت سۇلايمان قاسىمدىن بىر پارچە سۈرەت سورىغان چاغدىلا ئۇ رىسالەتنىڭ تۇيغۇسىنى چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا «گلاستوك تاقىغان، ئاپپاراتقا قىيپاچ قاراپ، سۈس كۈلۈمسىرىگەن بىر پارچە سۈرەت»نى «مەخپىي ھالدا» سوۋغا قىلغانىدى. قولۇم ـ قوشنىلار كىنوغا كىرگەن چاغدا رىسالەت سۇلايمان قاسىمنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالغانىدىمۇ ئۇ دەرھال ئۇنى رەت قىلمايدۇ. ئەسەردە بۇ چاغدىكى بايانلار مۇنداق بېرىلگەن:

«رۇخسارى راك كېسىلى بىلەن ئېلىشىپ، خەمىت ئۇنىڭغا ھەمىنەپەس بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىغاندا، بىر قول ئاستا كېلىپ سۇلايمان قاسىمنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ يېنىغا قاراپ، ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقان رىسالەتنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆردى. ئۇنىڭ مەڭزى توختاۋسىز ئېقىۋاتقان كۆز ياشلار بىلەن يۇيۇلغانىدى، رۇخسارى كۆز يۇمدى. خەمىتنىڭ ناخشىسى ئۈزۈلدى. بىر ـ بىرىگە قىيىمىغان ئىككى تەن، ياق، مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان ئىككى روھ خەمىتنىڭ ياڭراق ناخشا ساداسى ئىچىدە كۆككە كۆتۈرۈلدى. مانا شۇ يەرگە كەلگەندە، سۇلايمان قاسىمنىڭ بىلىكىنى ئۇ قول تېخىمۇ قاتتىق قىستى... رىسالەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانىدى». سۇلايمان قاسىم بىلەن رىسالەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەت مانا مۇشۇنداق يول بىلەن يۈكسىلىشكە باشلايدۇ. سۇلايمان قاسىم ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي بۇ ئازابلىق مۇھەببەت ئىچىگە كىرىپ كېلىدۇ. سۇلايمان قاسىم ئائىلىسىگە سادىق ئادەم. ئۇ ئايالى زۇلخۇمارنى ياخشى كۆرىدۇ. قوشنىسى ھوشۇر سەلەينىڭ بۇرۇتىغا چاڭگا تېزىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرگىنى يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ بۇ مۇھەببەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا دەسلەپتە ئۈنسىز سۈكۈتتە بولىدۇ. رىسالەت ئۇنىڭغا پاراڭلىشىش تەكلىپى بېرىپ: «مۇمكىن بولسا، ھېچكىم بىزنىڭ پاراڭىمىزنى بۇزالمايدىغان بىر يەرگە كېتەيلى» دېگەندە، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. رىسالەت ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتكەن گلاستۇكنى ئىشخانىسىدا ساقلايدۇ. گلاستۇكنى چەگمەكچى بولغاندا «بىردىنلا چۆچۈپ... بوينىدىكىسى يېپەكتىن توقۇلغان نەپىس گلاستۇك ئەمەس، رىسالەتنىڭ گىرە سېلىپ تۇرغان بىلىكىدەك بىر تۇيغۇ»غا كېلىپ قالىدۇ. «سۇلايمان قاسىمنىڭ كۆڭلىدە قىلچە يامان نىيەت يوق» بولۇپ «ئۇ رىسالەتنى قىزىم، سىڭلىم» دەپ تۇرىدۇ ـ يۇ، ئۇنى يۈرۈڭقاش دەرياسى بويىدا كۆرگەندە يەنىلا ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. روماندا بۇ قۇرلار مۇنداق يېزىلغان:

«قىزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن كۆكرەك قەپىسىگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. رىسالەتنىڭ كەڭ ئېتەكلىك قىزىل كۆڭلىكى، بېشىغا ئارتىۋالغان قىزىل ياغلىقى بەئەينى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاش سۇلايمان قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى».

دېمەك، ئاپتور سۇلايمان قاسىمنى نوقۇل بەدىئىيەتتىكى پېرسوناژغا قارىغاندا، ئىجتىمائىيەتتىكى ھەقىقىي ئادەمگە يېقىنلاشتۇرغان. زامانىمىز زىيالىيلىرىدىكى پىسخىك ئاجىزلىقنى مىلھىرلىق بىلەن چىڭ تۇتقان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ مۇھەببەت قارىشىدىكى چېكىش، زىددىيەتلىك، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىيەتنىڭ سىغىشماس نۇقتىسىدىكى تۇراقسىز كەيپىياتىنى سۇلايمان قاسىمغا مەركەزلەشتۈرۈپ، زامانىمىز كىشىلىرى، بولۇپمۇ زىيالىيلىرىمىزدىكى چۈشەنگىلى بولمايدىغان مەنىۋى تەڭقىسلىقنى قەغەز يۈزىگە ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشۈرگەن.

سۇلايمان قاسىم ئەسەردە باشتا قانچە ھودۇققان، ئىككىلەنگەن بولسا، ئەسەرنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق كەيپىياتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. رىسالەت ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن تولغان خەتلەرنى يازغاندا ئۇ ئاكىلىق مېھرى بىلەن رەت قىلغان بولسا، كېيىن ئۈرۈمچىگە بارغاندا بىلىپ- بىلمەي «باسمايدىغان قەدەم»نى باسىدۇ:

«رىسالەت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا سۇلايمان قاسىمنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى ۋە ئۇنى بارلىق مېھرى بىلەن باغرىغا باستى. سۇلايمان قاسىممۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇنىڭ ئىلكىدە قالغانىدى. ئۇ رىسالەتنىڭ ئوت يامراپ تۇرغان قۇچىقىدا شامدەك ئېرىشكە باشلىدى. ئىككى تەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇلار ئاپئاق بۇلۇتلار قوينىدا ئۈزەتتى، زۇمرەتتەك سۇ يۈزىدە دولقۇن ئاتاتتى. نەپەسلەر قوشۇلۇپ، ئىڭراشلار ئەۋجىگە چىقتى. تۇغان يار ئالغانىدى. ئەمدى ئۇنى توسۇپ قېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. سۇلايمان قاسىم ھاسىراپ تۇرۇپ: «ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى... دەپ گۇڭگىرايتتى. لېكىن، ھەممىسى شۇنداق بولۇۋاتاتتى...»

دېمەك، سۇلايمان قاسىمنىڭ روھى كەيپىياتى باشتىن- ئاخىر مۇشۇنداق زىددىيەتلىك. ئۇ كۆل بويىدا تۇرىدۇ. كۆل سۈيى ئۇنىڭغا شۇنچە شېرىن بىلىنىدۇ. لېكىن، ئىچمەي دەيدىيۇ ئىچىشتىن يالتىيالمايدۇ. ئىچتىيۇ، پۇشايمان قىلىدۇ... ئەسەردە مۇشۇنداق روھىي ھالەت باشتىن- ئاخىر دەۋرلىنىپ تۇرىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق روھىي كەيپىيات ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ مېنىڭچە بۇ خىل كەيپىيات دەل ئوخشىمىغان ئىككى مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان مۇھەببەت كۆز قارىشىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. بىز دەۋاتقان غەربچە مۇھەببەت چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» ياكى «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش»كە قايتايلى:

سىز بۇ دۇنياۋى مۇھەببەت ھېكايىسىدە ھېچقاچان بۇنداق دىلغۇللۇقنى بايقىيالمايسىز. ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلاپ ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن خوشلىشىش يۈنىلىشىگە قاراپ كېلىۋاتقان، ئاشۇ ھەممە نېمىسى يالىڭاچلىنىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان روبىرت كىنكاي ۋە فرانسىسكا خۇددى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش بۇنداق مۇھەببەتنى ئاسانلا قوبۇل قىلغان. پۈتۈن كىتابتا بىر قەدەر تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغان فرانسىسكانىڭ ئىككىلىنىشى مۇنداق بىرلا جۈملە بىلەنلا ئەكس ئەتكەن:

«يولدىن بىر كىچىك ماشىنا توپا- چاڭ پۇرقىراتقىنىچە سىگنال بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. فرانسىسكا فرۇيد كراكىنىڭ قوللىرىنى ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپ قىلغان سالىمىغا جاۋابەن سالام بېرىپ، ئاندىن ناتونۇش كىشىگە بۇرۇلدى.

— يېقىنلاپ قالدىڭىز، ئۇ كۆۋرۈك بۇ يەردىن ئىككى ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا.

يىگىرمە يىلدىن بېرى تاشقى دۇنيادىن بىخەۋەر، سەھرا مەدەنىيىتىنىڭ تەلپى بويىچە ئۇزۇنغىچە ئۆزىنى- ئۆزى سوراپ، تاپتىن چىقىپ كەتمەي ياشاپ كېلىۋاتقان فرانسىسكا بىردىنلا: — خالىسىڭىز، مەن سىزنى باشلاپ باراي، — دەۋەتتى، بۇ گېپىدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى.»

فرانسىسكانىڭ بۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا ئۇنىڭ بارلىق ئىككىلىنىشلىرى تۈگىگەن. ئۇ ھەتتا روبىرت كىنكاي بىلەن تۆت كۈنلۈك شېرىن مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قايتقان چاغدا ماشىنىنىڭ بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە كېتىشىنى ئىلتىماس قىلىشىدىن قورققانىدى. چۈنكى، روبىرت ئۇنىڭدىن ئائىلىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ زادى قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئاتالمىش «ئائىلە مەسئۇلىيىتى» تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتەلمەيتتى. ئەمما ئۇ كىنكايغا: «مېنى قۇچاقلىغان پېتى ئاپىرىپ ماشىنىڭىزغا سېلىپ مەجبۇرىي ئېلىپ كەتمەكچى بولسىڭىز، سىزدىن ئاغرىنمايمەن. سىز بۇ مەقسەتكە تىل ئار-

قىلىقمۇ يېتەلەيسىز» دېدۇ. كىنكاي بىلەن فرانسىسكانىڭ مۇھەببىتى دىلغۇللۇقتىن كۆرە بەكرەك بىر ـ بىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشقا مايىل. كىنكايدا باشتىن ـ ئاخىر «فرانسىسكا ئەرلىك ئىليالغۇ» دېگەن تۇيغۇ يوق. پەقەت ئۇنىڭ كۆزقارىشىغا هۆرمەت قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك هىجرانى باشلىنىدۇ.

روبېرت كىنكايدىكى قىلچە ئىككىلەنمەي باشقىلارنىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە بولۇشتەك «چىن مۇهەببەت»نىڭ ئالاهىدە شەكلىنىڭ ئەدەبىياتىمىز ۋە ئىدىيىمىزگە قاچانلاردا كىرگەنلىكنى بىراۋنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى دەپ بەرگەندەك جەزملەشتۈرۈش قىيىن. ئەمما، روبېرت كىنكاي بىلەن سۇلايمان قاسىمدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئوبرازدا ئۇخشاش بولمىغان ئىككى ماكاندىكى ئۇخشاش بولمىغان ئىككى مىللەتنىڭ مۇهەببەت قارىشى مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ.

روبېرت كىنكاي هەمىشە فرانسىسكاغا ئۆزى ئىشلەيدىغان ژۇرنالنى كۆرۈپ تۇرۇشنى ئېيتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇ «مەن فرانسىسكانىڭ كۆڭلىدىكى ئورنىمنى ساقلاپ قالالايمەن» دەپ قارىسا، رىسالەت ئۆزى سۇلايمان قاسىمغا گىلاستۇك ئەۋەتىش ۋە ئۇنىڭ رەسىمىنى ئېلىۋېلىش شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئورنىنى تاپىماقچى بولىدۇ. مەيلى فرانسىسكا بولسۇن، مەيلى رىسالەت بولسۇن ياكى روبېرت كىنكاي ياكى سۇلايمان قاسىم بولسۇن ئائىلىنى بۇزۇش دەرىجىسىگە بارغان بولىسىمۇ، يەنىلا ئائىلىنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ جايدىكى پەرق شۇكى، كىنكاي ۋە فرانسىسكالاردا هېچقانداق ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى ۋە ناپاكلىق سەزگۈسى بولمىغان بولسا، سۇلايمان قاسىمنى قىيناۋاتقىنى دەل ئۇلاردا يوق بولغان تەرەپلەر.

سۇلايمان قاسىم ئەسەرنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلشۇنداق داۋالغۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ. رىسالەت شاڭخەيگە ماڭماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىللە بولىدۇ ـ دە، يەنە خىجىللىق ئىلكىدە قالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا: «خوش رىسالەت، مەن بەختكە ئېرىشتۈرەلمىگەن پەرىشتەم. سىزگە يېڭى بىر تۇرمۇش قۇچاق ئاچتى. ئەمدى سىز ئۆزىڭىزگە تەۋە هەقىقىي بەختنى تېپىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭ» دەپ بەخت تىلەيدۇ. سۇلايمان قاسىمنىڭ ئاخىرقى ئىدالىرىغىچە تىگىرقاش سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، زىددىيەت بىلەن تولغان.

روبېرت كىنكايدىكى ئۆكۈنۈشسىز تۇيغۇ بىلەن سۇلايمان قاسىمدىكى مەنىلىك رېئاللىقتىكى بىمەنە ئىستەك يۇقىرىدا دېگەندەك جەمئىيەتنىڭ ئېتىكا قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سۇلايمان قاسىم كۆپ قاتلاملىق ئالاهىدىلىككە ئىگە پېرسوناژ بولۇپ، ئۇ هەم زامانىمىز ئەرلىرىدىكى مۇهەببەت دىشۋارچىلىقىنى ئېچىپ بەردى، هەم قوترىغان ئەسەبىي هېسسىياتلار ئالدىدا قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي تۇرىۋاتقان ئەرلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى بىر قەدەر روشەن هالدا ئالدىمىزغا تاشلىدى.

مەن سۇلايمان قاسىم ئوبرازىدىكى بۇ زىددىيەتلىك تەرەپنى دەل بۇ ئوبرازنىڭ يارىتىلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قارايمەن. بۇنداق زىددىيەتلىك ئوبرازلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ياۋروپا ئەدەبىياتىدا بىر مەھەل ئەۋج ئالغانىدى ۋە كۆپ قىرلىق ئىنسان تەبىئىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئالاهىدىلىككە ئىگە دەپ قارالغانىدى. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىمۇ بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغان بولىسىمۇ، مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئەكسىلىنىش بولۇشى ياۋروپاچە ئەندىزىدىن پەقەتلا قۇتۇلالمىغانىدى.

گەرچە ئەدەبىي ئوبرازلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بىرەر رامكىنى بېكىتىپ بېرىشكە بولمىسىمۇ، ئەمما كۆپ قىرلىق ئوبراز ئۇقتىسىدا تۇرۇپ يارىتىلغان ئوبرازلار ئاساسەن دېگۈدەك مۇنداق بىر رامكىدىن خالىي بولالمىدى: «باش پېرسوناژنىڭ ئائىلىسى بار، ئەمما ئۇ جۆرىسىدىن رازى ئەمەس، ئۇنىڭ جۆرىسى ياكى رومانتىك ئەمەس، ياكى جىنسىي جەھەتتە ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقمايدۇ، ئەيتاۋۇر ئاددىي، ئەمما نىكاهقا خائىنلىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان سەۋەبلەر بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتور بىزنى باش قەهرىماننىڭ ئائىلىدىن ۋاز كېچىشىدىن ئىبارەت ‹ئاقىلانىلىك›نى قوبۇل قىلىشقا قىستايدۇ. نەتىجىدە، ئوقۇرمەننىڭ ئالدىدا ‹ئامالسىزلىقتىن جۆرىسىگە ئاسىيلىق قىلغان زامانىمىز قەهرىمانلىرى› مەيدانغا كېلىدۇ».

قۇرۇلمىچىلىق ئالدى بىلەن تىلشۇناسلىقتا بارلىققا كېلىپ هەر قايسى پەنلەرگە تەسىر قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يىرىك تۈر ــ چۆچەكلەرنىڭ هەر خىل ۋەقەلىك رامكىلىرى ئىچىدە دەۋرلىنىپ تۇرىدىغانلىقى بىر خىل ئىلمىي بايقاش بولۇپ قالدى. ئەپسۇسكى، رومانچىلىقتىمۇ بۇنداق رامكىنىڭ مەيـ

دانغا كەلگەنلىكى كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئاشىنىدارچىلىقنى بۇنداق ئاقلاش پىسخىكىسى پروزىچىلىقىمىزدا ئەۋج ئېلىۋاتقاننىڭ ئەكسىچە «ھىجران» رومانى سۇلايمان قاسىمدىن ئىبارەت مۇرەككەپ، كۆپ قىرلىق شەخسنى قانداقتۇر بىرەر سەۋەب بىلەن ئاقلىمىدى، ئۇنىڭ ئايالى ۋاپادار، قوشنىسى ئېسىل، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇ يەنە ئائىلىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت قىسمەتنى بىلىپ ـ بىلمەي، ئىختىيارى ياكى مەجبۇرىي دېگۈدەك يازدى. مەن ئەسەردە ئۇنىڭ ئائىلىنى بۇزۇشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر سەۋەبنى تاپالمىدىم. بار دېگەندىمۇ رىسالەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى. دېمەك، ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان سۇلايمان قاسىم ئاپتور تەرىپىدىن زورمۇ زور ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەۋەبلەردىن خالىي ھالدا ئائىلىسىگە ئاسىيلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەم ئەرلىك ئىنسان تەبىئىتى ھەم قوشنىلىق مەسئۇلىيەت تەڭ گەۋدىلەنگەن.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك سۇلايمان قاسىم ئوبرازىنىڭ ئالاھىدىلىكى كىتابخانغا بېرىلگەن ئەركىنلىكتە كۆرۈلگەن. ئاپتور سۇلايمان قاسىمنىڭ ئائىلىگە ئاسىيلىق قىلىشىدىن ئىبارەت ئەھۋالغا قارىتا ئوقۇرمەننى چوقۇم بىرەر قاراشقا، يەنى سەلبىي ۋە ئىجابىي يوسۇندىكى قاراشقا كېلىشكە قىستىمايدۇ. يەنى ئوقۇرمەن ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى ئاساسىدا سۇلايمان قاسىمغا بولغان كۆز قارىشىنى بېكىتسە بولىدۇ. سىز سۇلايمان قاسىمغا غەزەبلىنىشىڭىز ياكى چۈشىنىشكە تىرىشىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، ئاپتور سىزنى بۇ ھەقتىكى يېتەرلىك رامكىسىمان سەۋەبلەر بىلەن تەمىنلىمىگەن.

روبېرت كىنكاي ئوبرازى گەرچە ئاپتور روبېرت جامىس ۋاللىر دېگەندەك ئەمەلىي ۋەقەلەر ئاساسىدا يېزىلغان بولسىمۇ، غەربنىڭ نۇرغۇنلىغان رومان ۋە كىنولىرىغا ئوخشاش مۇۋاپىق سەۋەبلەر ئارقىلىق «ئاشنىلىق قەھرىمان»نى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئەندىزىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنغان. ئاپتور كېسەكچىگە ئوخشاش سىزگە ئەسەردىن ھۆزۇرلىنىشىڭىزنىڭ ئەندىزىسىنى قويۇپ بەرگەن تۇرسا، سىزنىڭ ئاشۇ سىزىق بويىچە ماڭماسلىقىڭىز مۇمكىنمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن سىز ۋە نۇرغۇن سىزلەرنىڭ ئېڭىدا ئايالى خىزمىتىنى ئۆلگۈدەك سۆيگەنلىكى ئۈچۈن تاشلىۋېتىلگەن روبېرت كىنكاينىڭ ئەرلىك ئايال فرانسىسكانى ياخشى كۆرۈشى قانچىلىك ئەقىلگە ئۇيغۇن بولسا، ئېرى تەرىپىدىن جىسمانىي تەشنالىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تەشنالىقى قاندۇرۇلمىغان فرانسىسكانىڭ ئاشنا ئويىنىشى شۇنچىلىك تەبىئىي بىر ئىش سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. مېنىڭچە، بۇ كىتابخاننىڭ تەپەككۇرىنىڭ بوغۇلۇشى ياكى باشقىلارنىڭ ئەخلاق، مۇھەببەت قاتارلىق چۈشەنچىلىرىنىڭ باشقىلارغا تېڭىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەدەبىيات ئىدىئولوگىيىگە مەنسۇپ بولمىش تۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەلۋەتتە يازغۇچىنىڭ مىللەت ۋە جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇشىدىن ئىبارەت باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بىلەن بىللە خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىشى كېرەك. زامانىمىزنىڭ ئالدىنقى كۆزەتكۈچىلىرى بولغان نۇرغۇن پروزىچىلىرىمىز بىزگە روبېرت كىنكايچە مۇھەببەت چۈشەنچىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەققىدىكى مەركىزىي ئىدىيىنى تاپشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېرى قانچىلىك ۋاپاسىز بولسۇن، ئۆيى قانچىلىك نامرات بولسۇن، ئائىلىنى، بالىنى، جەمئىيەتنى دەپ قىلچە ئىككىلەنمەي ئائىلىنى ساقلاپ قالىدىغان جەڭگىۋار ئاياللار ئوبرازىنى يارىتىش لازىملىقىنى ئۇنتۇماسلىقى، ئوخشاش گۈزەل ساھىبجامالارنىڭ ئالدام خالتىلىرىغا چۈشسىمۇ، يەنىلا ئائىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، گۈزەل قىزلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە تامامەن ئىگە بولغان ئاتىلار ئوبرازىنى يارىتىشقىمۇ ماھىر بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، بۇنداق ئوبرازلار ئېرى ۋاپاسىز، جېدەلخور بولغاچقا، يا ئېرىدىن ئاجراشماي، يا ئېرىنى تۈزۈلدۈرەلمەي ئەكسىچە ئاشنا ئويناپ تۇرۇپمۇ كىتابخاننىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئۇچرىغان ئاياللار ئوبرازى ۋە شۇلار بىلەن پاراللېل ھالەتتە تۇرىۋاتقان ئەرلەر ئوبرازىدىن كۆپ قىممەتلىك.

شۇڭا، مەن سۇلايمان قاسىمنى ئىنسان تەبىئىتىنى ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كۆپ قىرلىقى نۇقتىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىلغان ئوبراز دەپ قارايمەن. ئۇ تىپىك مىللىيلىق ۋە دەۋرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىلىنىش ۋە زىددىيەت ئىچىدە قېلىشى روبېرت كىنكاينىڭ كەسكىن ۋە رومانتىكلىقىدىن كۆپ ئەھمىيەتلىك.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىرانتى)

تەھرىرى: داۋۇت ئادىل

ئەنۋەر هوشۇر

# رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر

مەن 2007 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇرۇمچىدە چاقىرغان «شىنجاڭ رومان ۋە ئەدەبىي ئاخبارات ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى»غا قاتناشتىم. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى شۇ ئاينىڭ شۇ كۈنىدە يەنە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى «كوئىنلۇن» مېهمانخانىسىدا چاقىرغان «شىنجاڭ ياش يازغۇچىلار ۋە نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىجادىيەت مۇهاكىمە يىغىنى»غا قاتناشقانىدىم. بۇ يىغىنلارنىڭ تەييارلىقى پۇختا، كۆچلۈك قاراتمىلىقا، ئېنىق مەقسەتچانلىققا ئىگە قىلىنغان بولۇپ، هەر ئىككىلىسىدە نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ساهەسىدىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىمىزدا يېڭى يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشىۋاتقان رومان ئىجادىيىتى توغرىسىدا قىزغىن مۇهاكىمە ۋە مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، قىممەتلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەن بۇ ماقالىدە، مۇشۇ ساهەگە قىزىققۇچىلارنىڭ ئېهتىياجىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا، يۇقىرىقى «ئىككى يىغىن»دا كۆپرەك تەكىتلەنگەن ۋە تالاش ـ تارتىش قىلىنغان رومان ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى رېئال يۈزلىنىشلەر هەققىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

**1. تارىخى تېمىدىكى رومانلار بەك كۆپ يېزىلىپ كەتتى، ئەدەبىياتنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى بۈگۈن، شۇنداقلا كەلگۈسى بولۇشى كېرەك، شۇڭا تارىخىي تېمىلارغا چەك قويۇپ، رولنى رېئال تېمىلارغا، بۈگۈنكى زامان تېمىلىرىغا بۇراش كېرەك، دېگەن قاراش توغرىسىدا:**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات بولۇپ، يازما ئەدەبىيات تارىخىنىڭ 95% تىنى، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكىنى شېئىرىي ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى شېئىرىيەت تارىخى، ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ هالدا شېئىرىيەتكە هەۋەس قىلىش ۋە شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئەدەبىي ژانىرلار مەسىلىسىدە ئويلىمىغان يەردىن تۆپلۈك بۇرۇلۇشلار ياسىلىپ، پروزا، جۈملىدىن رومانچىلىق بىراقلا باش كۆتۈرۈپ، تېزلا باراخسانلاپ ۋە مېۋىگە كىرىپ، شېئىرىيەتنىڭ ئەدەبىيات ساهەسىنى تەنها ئىگىلىۋېلىش ئەندىزىسىگە يۈرەكلىك جەڭ ئېلان قىلدى ۋە «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مول ۋە ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن ئۇقۇرمەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ قايىل قىلىپ، يېتەكچى ژانىرلىق ئورنىغا چىقتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تارىختىن بېرى شېئىرىيەت ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيىتى رومانچىلىقتا، رومانچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تارىخى تېمىدىكى رومانلاردا كۆرۈلۈشتەك يېڭى يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. 2007 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلان قىلىنغان 165 پارچە روماننىڭ 76 پارچىسى تارىخى رومانلار بولۇپ، ئومۇمىي رومانلارنىڭ 46.1% تىنى تەشكىل قىلدى. بۇ رومانلارنىڭ تېما دائىرىسى خېلىلا كەڭ، مەزمۇنى مول ۋە رەڭدار، ئىپادىلىنىشى ئۆزگىچە بولۇپ، نېرىسى

ئۇغۇزخاندىن يېقىنقى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غىچە بولغان ئىككى مىڭ نەچچە يىللىق تارىخنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك سەھىپىلىرىگە نەزەرلەر ئاغدۇرۇلۇپ، ئۈزۈكچىلىكلەر ئۇلاندى، كۆمۈلگەن ئىزلار، تۇنجۇققان روھلار قايتىدىن جۇلالاندۇرۇلدى، چوخچىلاندى... بۇ رومانلارنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىسىدىكى گەۋدىلىك تۆھپىسى شۇ بولدىكى، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىدە هازىرلىغان بىر قاتار سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى شەكىلۋازلىق، شوئارۋازلىق پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەسلى مەنىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇقىم بولغان ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزۇن مۇددەت هۆكۈم سۈرگەن سول سىياسەت، جۈملىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن روھى قۇرغاقلىشىپ، ئۆزىنى، كىملىكىنى ئۇنتۇشقا باشلىغان خەلقىمىزنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسىنىڭ تەلىپى بويىچە تەربىيىلەش، روھىنى ئويغۇتۇش، ئەجداد روھىدىن ئوزۇق ئېلىپ، مەنىۋىيىتىنى زامان تەلىپى بويىچە سىپتا ۋە پۇختا لايىھىلەپ، كەلگۈسىگە دادىل يۈزلىنىش مۇساپىسىنى تەشكىللەش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك، تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تارىخىي تېمىلارغا مايىل بولۇشى تارىخى تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە يۈزلىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپنىڭ بىرلىكىدە شەرھلەش مۇمكىن: 1) رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتى ۋە ئىقتىدارى. مەلۇمكى، رومان تېما جەھەتتىن كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە يىرىك ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭدا تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئىجتىمائىي هاياتنىڭ، بەلگىلىك تارىخى دەۋرنىڭ ئومۇمى ۋە ئايرىم كارتىنىسىنى ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش، سىزىپ كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىر مىللەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر (تېمىلار) ئالدى بىلەن رومانىنىڭ ماتېرىيالى بولۇشقىلا يارالغان بولۇپ، ئۇنىڭسىز بۇ ۋەقەلەرنى ئەدەبىي يول ئارقىلىق خاتىرىلەپ، ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش قىيىنغا توختايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دۇنيانىڭ، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقساقمۇ، چوڭ تارىخى ۋەقەلەر، ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنىڭ شېئىرىي يولدىن كۆرە كۆپرەك رومان ياكى قىسسە شەكلى ئارقىلىق قەلەمگە ئېلىنغانلىقىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. دېمەك، بىر مىللەت تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەرنى، تارىخى ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش رومانىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتى ۋە ئىقتىدارى بولۇپ، بۇ ئەندىزىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ تەدبىقلاش تامامەن مۇمكىن؛ 2) ئۇزۇن، شەۋكەتلىك تارىخىمىز. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇزۇن، ماسلىشىش ئىقتىدارى يۇقىرى، يېڭىلىققا تېز ئىنكاس قايتۇرىدىغان، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئىستەيدىغان، لېكىن چېچىلاڭغۇلۇقى ۋە بىغەملىكى تۈپەيلىدىن ھەدېگەندە تەستە قولغا كەلتۈرگەن قۇت ـ ئامەتنى تۇتۇپ تۇرالماي كۆپ ھەرەجلەرنى تارتقان، شۇنداقتىمۇ تارىخنىڭ قىسىلچاقلىرىدىن بىر ئاماللار بىلەن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ، بۈگۈنكى ئاسايىشلىق زامانغا ئۇلاشقان، ھاياتى كۈچى كۈچلۈك، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار بۇنىڭدىن بىر يېرىم مىڭ يىللار ئىلگىرى مۇكەممەل ئېلىپبەلىك يېزىق ئىشلەتكەن. مىڭ يىللار ئىلگىرى «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دەك ئالەمشۇمۇل ئىجادىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئۆزىنى تونۇتقان، بەش يۈز يىللار ئىلگىرى «جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر — ئون ئىككى مۇقام»نى يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى تاماملىغان. خار ـ زەبۇنلۇق تارىخى بولسا، خوجىلار دەۋرىنىڭ — يېقىنقى زامانىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئاساسى مىلودىيىسى يەنىلا پارلاق. دېمەك، بىزنىڭ تارىخىمىزدا رومان بولغۇدەك ۋەقەلىكىمىز، كۆز ـ كۆز قىلغۇدەك بۈيۈك ئادەملىرىمىز بولغان. ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكلىرى بولۇپ، ئۇنى يىرىك ئەسەرلىرى ئارقىلىق بۇ دەۋردە قايتىدىن جۇلالاندۇرۇش ھەر بىر ۋىجدانلىق يازغۇچىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتى! 3) رېئال ئېھتىياج. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەلقىمىز تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك خەلق بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى زامان تارىخىدا بەك ئۇزۇن داۋاملاشقان ئىچكى نىزا ۋە ئورۇنسىز دە ـ تالاشلىرىمىزنىڭ، ئاق يەردە تۈگمەن چۆرۈشلىرىمىزنىڭ كۆپلىكى تۈپەيلىدىن ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىز ۋە تارىخىمىز ئۈزۈلۈپ، تەد-

رىجى يوقىلىشقا قاراپ يۈز تۇتقانىدى. گەرچە ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سەمەمىي غەمخورلۇقىدا بىر قىسىم مەدەنىيەت ئىزلىرى قۇتقۇلدۇرىۋېلىنغان، تارىخ ئەينى بىلەن يورىتىلىشقا كۆپ ئەجىر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تەلەپتىن كۆپ يىراقتا ئىدى. ھالبۇكى، ئەدەبىيات، جۈملىدىن رومان بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك يول بولۇپ، باشقا ھەر قانداق ساھە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. بىزنىڭ مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىلىرىمىز بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇپ، جاپالىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ سەمەرىسى بولغان تارىخى رومانلارنى ئارقا ــ ئارقىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىپ، تارىخنى ئەدەبىي يول ئارقىلىق يورۇتۇپ ۋە ساقلاپ قېلىشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتتى. دېمەك، خەلقىمىزنىڭ ئۆز تارىخىنى بىلىش ئارزۇسى ــــ تارىخى رومانلارنىڭ كۆپرەك يېزىلىشىغا تۈرتكە بولغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى روشەن ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، تارىخى رومانلارنىڭ كۆپرەك يېزىلىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى مۇقەررەرلىك! يەنە بىر تەرەپتىن، 9 مىليونغا يېقىن نوپۇسقا، مول مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە، ئەگرى ــ توقاي، مۇرەككەپ ھايات مۇساپىسىغا ئىگە بىر قەدىمىي مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ 76 پارچە رومان بەك ئاز بولۇپ، ھېلىھەم قېزىشنى، يېزىشنى كۈتۈپ تۇرغان تېمىلار يېزىلغانلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. ھەق گەپنى قىلغاندا، گەرچە بىزدىكى تارىخى تېمىلاردىكى رومانلار رومانچىلىقىمىزنىڭ ئاساسى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلگىنى بىلەن، سۈپىتى يۇقىرىلىرى ئاز، تۆۋەنلىرى يەنىلا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بىزدە تېخى «سۇ بويىدا» دەك، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دەك، «كاڭشى خاندانلىقى» دەك بىر دەۋرنى يۈدۈپ كېلەلىگەن رومانلار مەيدانغا كەلگىنى يوق. تارىخى رومانلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى يۈزە، تارىخقا چوڭقۇرلاپ كىرىش، پاكىتلارنى قېزىشتىن كۆرە توقۇلمىغا كۆچەش، بىر تېمىنى بىر نەچچە ئادەم تەكرار يېزىش، تارىخنى قايتا نامايان قىلالماسلىق، ئوقۇرمەنلەرنى شۇ تارىخ قوينىغا باشلاپ كىرەلمەسلىك خاھىشلىرى خېلىلا ئېغىر بولۇپ، ئىككى خانىلىق سانغا قاراپلا «تارىخى رومانلار بەك كۆپ بولۇپ كەتتى» دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس.

مېنىڭچە، تارىخى رومانلارمۇ رېئال رومانلارغا ئوخشاشلا يېتەرسىز بولۇپ، ھازىرچە يازغۇچىلارغا رامكا بەلگىلەپ بېرىدىغان ئىشنى قىلمىساق، كىم قايسى ساھەگە پىششىق بولسا، شۇ ساھەدە قەلەم تەۋرەتسە. مۇھىمى سۈپەتكە قارىساق ۋە كۆچىسەك، مۇمكىن بولسا كەسىپلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرسەك، دەپ قارايمەن.

## 2. رومانىنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا

بۇ، نۆۋەتتە رومان ئىجادىيىتى ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە تازا ئېنىق بولۇپ كېتەلمىگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى. خەنزۇ ئەدەبىياتىدا، مىڭ خەتتىن 20 مىڭ خەتكىچە بولسا ھېكايە، 30 مىڭ خەتتىن 100 مىڭ خەتكىچە بولسا پوۋېست، ئۇنىڭدىن يۇقىرىلىرىنى رومان دەپ بېكىتىش ئادىتى بار ئىكەن. ئېنىقكى، بۇ، پروزىنىڭ ھەجىمگىلا قاراپ ئېيتىلغان ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ پروزىنىڭ، جۈملىدىن رومانىنىڭ كونكرېت ژانىر ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «يېزىقچىلىق» ۋە «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» دەرسلىكلىرىدە سۆزلىنىۋاتقان رومانغا ئائىت مەزمۇنلارمۇ سەل مۈجمەل بولۇپ، ھازىر يېزىلىۋاتقان رومانلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە تازا ماس كەلمەيدۇ.

ئومۇمەن، رومان ھەققىدىكى تەبىرلەر، ئۆلچەملەردە ئاساسەن ھەجىم ئالاھىدىلىكى تۇتقا قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسىدە بىر تەرەپلىمىلىك ساقلانغان. شۇ سەۋەبلىك بىر قىسىم ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا: «بىر ئۇزۇن ۋەقەنى بايان قىلسىلا رومان بولىدۇ» دەيدىغان قاراش باش كۆتۈرۈپ، ئىجادىيەتنى بىراقلا روماندىن باشلايدىغانلار كۆپىيىپ قالغان. قاراشلار مۈجمەل ۋە ھەرخىل بولغاچقا، ئاپتور رومان دەپ يازسا، ژۇرناللار پوۋېست دەپ ئېلان قىلىدىغان، ژۇرناللار پوۋېست دەپ ئېلان قىلغاننى نەشرىياتلار رومان دەپ نەشر قىلىدىغان ئىشلارمۇ بىر نەچچە قېتىم سادىر بولغان.

ئۇنداقتا رومانىنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئېنىقكى، بۇ بىر چوڭ تېما بولۇپ، بۇ كىچىك ماقالىدە تولۇق يورۇتۇپ بېرىش قىيىن. شۇڭا، مەن رومانىنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدىكى تەپسىلىيرەك ئىزدىنىشىمنى يەنە بىر پارچە ماقالىغا قالدۇرۇپ، ئومۇمى تەلەپلىرى ھەققىدىكى تومتاقراق بايانىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

مېنىڭچە، رومانىنى ھەجىم، مەزمۇن ۋە بە-

دېئىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلچەم بويىچە باھالاش بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق.

1) ھەجىم ئۆلچىمى: ھەجىم رومان چەتنەپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. رومان دېيىلسە، كۆپ ھاللاردا تۆت، بەش يۈز بەت ئەتراپىدىكى مۇستەقىل بىرىك ئەدەبىي ئەسەر (كىتاب) كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ (كۆپ تomلۇق رومانلارمۇ مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە قىسىملارغا بۆلىنىدۇ). بۇ ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە نەشرىياتچىلىقىدا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى رومانىنىڭ ھەجىم جەھەتتىكى ئۆلچىمىنى بېكىتىشتە ئاساس قىلىشقا بولىدۇ. بەلكىم بەزىلەر «بېيوگ ـ ژارگال»، «ئېچىنىش» رومانلىرىنى مىسال قىلىپ، بۇ قارىشىمغا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. مېنىڭچە بولغاندا، رومانلار ئىمكانقەدەر ئىخچام بولسا، «بىر جۈملىسى مىڭ جۈملىگە تەڭ بولۇپ»، ئاز سەھىپىلىرى بىلەن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ مەزمۇننى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلىيالىسا، ئەلۋەتتە قوش قوللاپ ئالقىشلاش زۆرۈر. لېكىن، بۇ بىر ئارزۇلا بولۇپ، 10 توننا كۆمۈرنى ئۈچ چاقلىق كىرا ھارۋىسىغا باسقىلى، تۆگىنىڭ يۈكىنى تۆگە قۇشىغا ئارتقىلى بولمىغاندەك، رومانغا چۈشلۈق ۋەقە، ئىدىيە ھەم پېرسوناژنى يۈز، ئىككى يۈز بەتلىك سەھىپە ئارقىلىق يورىتىپ بېرىش قىيىنغا توختايدۇ، بەلكىم ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. شۇڭا، قىسقا بولۇشنى زىيادە تەكىتلىمەسلىك، ھېچ دېمىگەندە قىسقا بولۇشنى ئارتۇقچىلىق دەپ قارىماسلىق، بىر قىسىمنىڭ ھەجىمىنىڭ تۆت، بەش يۈز بەت بولۇشنى تۇتقا قىلىش مۇۋاپىق. ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان «تۆت، بەش يۈز بەت ئەتراپىدا بولۇش» ئۆلچىمى ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن رومانىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى چىقىش قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغان ئۆلچەم بولۇپ، ئىككى بىكارچىنىڭ ياشلار بايرىمىدىكى بىر كۈنلۈك تۇترۇقسىز خىيالى خاتىرىلەنگەن تۆت، بەش يۈز بەتلىك يازمىنى ھەرگىزمۇ رومان دەپ ئاتىمايمىز.

2) مەزمۇن ئۆلچىمى: بۇنىڭدا ئاساسلىقى تېمىنىڭ ئەھمىيەتلىك تاللانغان ـ تاللانمىغانلىقى، ئاپتورنىڭ تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق، ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان دەۋرنىڭ ئومۇمىي ۋە ئايرىم ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن ياكى بېرەلمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. مەسىلەن: «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئانا يۇرت» رومانلىرى دەك. ئېنىقكى، بىز يۇقىرىقى رومانلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ھەر بىرىدە بىر دەۋرنىڭ سىيماسىنى كۆرەلەيمىز، تىنىقىنى سېزەلەيمىز.

3) بەدىئىيلىك ئۆلچىمى. بۇ ئەڭ مۇھىم ۋە كەڭ دائىرىلىك ئۆلچەمدۇر. بەدىئىيلىك ئۆلچىمىنىڭ دائىرىسى كەڭ، خاسلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئاساسلىقى ئاپتورنىڭ باش تېما ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ماتېرىيال توپلاش، ئۇنى ئىلغاش، تاۋلاش، ئىش قوشۇش، تېمىنى تەشكىللەش، باب ـ قىسىملارغا بۆلۈش، ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇش، پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بېكىتىش ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، تىل ئىشلىتىش، بايان بىلەن تەسۋىر، قىسقا يېزىش بىلەن تەپسىلىي يېزىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تېخنىكىلىق ھالقىلارنى مۇۋاپىق جىپسىلاشتۇرۇش ۋە ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق بولۇشى ماھىيەتتە بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، قانداق يېزىش، نېمىنى يېزىشتەكلا مۇھىم بولۇپ، تېما قانچە ياخشى تاللانغىنى بىلەن ئۇنى مۇۋاپىق يورىتىپ بېرەلمىسە — بەدىئىيلىكى كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىسا، بۇ تېمىنىڭ تازا ئەھمىيىتى، بۇ رومانىنىڭ تازا خېرىدارلىقى بولمايدۇ.

## 3. رومان ئوبزورچىلىقى ۋە رومان نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى

رومان ئوبزورچىلىقى بىزدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقا. بۇنداق بولۇشىدا بىرى، قوشۇن يوق، بار دېيىلگەندىمۇ كۆلەم ۋە سەۋىيىسىدە چېكىنىش ئېغىر. يەنە بىرى، تەتقىقات «ئىز»، «ئىزدىنىش»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق بىر نەچچە رومانغا مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، بەش، ئالتە پارچە رومان ئېلان قىلىپمۇ مەتبۇئات يۈزىدە يا ياخشى، يا يامان دەپ بىرەر بەتلىك بولسىمۇ باھاغا ئېرىشەلمىگەن يازغۇچىلار ۋە رومانلار كۆپ. يازغۇچىلار بىلەن ئوبزورچىلار ئارىسىدىكى چۈشىنىش يېتەرسىز، يازغۇچىلاردا ماختاشنىلا ياقتۇرۇش، تەنقىدتىن قورقۇش، ئوبزورچىلاردا يازغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، مەۋجۇت مەسىلىلەردىن قەستەن

ئۆزىنى قاچۇرۇش، گەپ ئوينىتىپ ئۆتۈپ كېتىش
خاھىشى بىر قەدەر ئېغىر. ئەدەبىيات ــ سەنئەت
تەشكىلاتلىرى ۋە ژۇرناللاردىكى ئەدەبىي تەنقىد-
چىلىك، جۈملىدىن رومان ئوبزورچىلىقىغا تۇت-
قان پوزىتسىيىسى قىزغىن بولۇپ، ئوبزورچىلار-
نى ھەر جەھەتتىن قوللاۋاتىدۇ، ئەسىرى بولسىلا
(ھەتتا سۈپىتى ئادەتتىكىلىرىنىمۇ) تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن يورۇقلۇققا چىقىرىشقا تىرىشىۋا-
تىدۇ. لېكىن، نەشرىياتلارنىڭ پوزىتسىيىسى
بەكلا سوغۇق بولۇپ، بىرەر پارچە ماقالە ــ ئوبزور-
لار توپلىمىنىڭ كېيىنى چىقىرىپ بولغۇچە،
تەھرىرلەرنىڭ ئاپتاپتەك چىرايى بىردىنلا تۇتۇ-
لۇپ، يوقىلاڭ باھانە ــ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ،
گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، ئېغىز ئاچقۇزمايدۇ.
نەتىجىدە، ئوبزورچىنىڭ بەكمۇ تەستە ۋۇجۇتقا
چىقارغان مەھسۇلاتلىرى گېزىت ــ ژۇرنال سەھ-
پىلىرىدىن ھالقىيالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئوبزور-
چىلار نەشرىياتلارنىڭ خالىس تەشۋىقاتچىلىرى،
ھەقسىز ئېلانچىلىرى بولۇپ، نۇرغۇن ئوقۇرمەن-
لەر ئوبزورچىلارنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن كىتاب
تاللايدۇ ۋە ئوقۇيدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە كىتابلارنىڭ
سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، كىتابلارنىڭ
كۆپلەپ سېتىلىشى نەشرىياتلارنىڭ كىرىمىنى
كۆپەيتىدۇ... ئەمدى رومان نەزەرىيىسى مەسىلى-
سىگە كەلسەك، ھازىرچە ئۇنىڭدىن سۆز ئېچىش
سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ. ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ-
لەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن رومان
نەزەرىيىسىگە ئائىت مەزمۇنلار بىرىنچىدىن، نو-
قۇل ھالدىكى تەرجىمە؛ ئىككىنچىدىن، بىر ــ
بىرىنىڭ كۆپەيتىلمىسى؛ ئۈچىنچىدىن، كونا؛
تۆتىنچىدىن، چولتا بولۇپ، نۆۋەتتىكى رومان
ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ماس كەلمەي-
دۇ، شۇ سەۋەبلىك يېتەكچىلىك رولىدىن سۆز
ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كې-
رەك؟ بىر ئېغىز گەپ، ئېغىزدا، نۇتۇقلاردىلا ئە-
مەس، بەلكى ئەمەلىي قوللاش، مەقسەتلىك ئىز-
دىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك. رومان ئىجادىيىتى
مۇھاكىمە يىغىنىدا، تەكلىپ بىلەن قاتناشقان
نەشرىيات مەسئۇللىرى، يازغۇچىلارنىڭ رومان
ئىجادىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، ئالدى بىلەن رو-
مان ئوبزورچىلىقى ۋە نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى
كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە جاۋابەن،
بۇندىن كېيىنكى نەشرىياتچىلىقتا، ئىلگىرىكى-
گە ئوخشاشلا رومانچىلىققا قارىتا مايىللىق سى-
ياستى يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، پائال شارائىت
ھازىرلاپ، رومانچىلىققا ئائىت ماقالە ــ ئوبزورچى-
لىقنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بەر-
دى. بۇ بىر ياخشى سىگنال. بىزدە: «ئەرنىڭ
سۆزى قەسەم دېمەكتۇر»، دەيدىغان ھېكمەت بار.
بىز شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، نەشرىيات
مەسئۇللىرى چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. چۈنكى،
بىرىنچىدىن، ۋەدە بەرگەنلەر ئەر كىشى، ئىك-
كىنچىدىن، بىرەر ــ ئىككى پارچە ماقالە ــ ئوب-
زورلار توپلىمىغا ئالەمچە مەبلەغ كەتمەيدىغانلى-
قىنى، ماقالە ــ ئوبزورلار توپلاملىرىنىڭ بازىرى-
نىڭ رومانلاردەك تېز بولمىغىنى بىلەن تەسەۋ-
ۋۇر قىلىمىزدىكىدەك كاساتمۇ ئەمەسلىكىنى، بۇ توپ-
لاملاردىكى ماقالىلەرنىڭ ئېلانلىق، تەشۋىقاتلىق
رولى ئارقىلىق، كىتابلارنىڭ سېتىلىشىنى ئىل-
گىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينايدىغانلىقىنى،
كۆرۈنۈشتە بويىدىن ئازراق زىيان تارتقاندەك
قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئېنىدىن پايدا ئالا-
لايدىغانلىقىنى ئۇلار ئوبدان بىلىدۇ ۋە چۈشى-
نىدۇ.

يېشىل چىراغ يېقىلىپ، ئۇنىڭدا ماڭىدى-
غانغا ئادەم بولمىسا تېخىمۇ قاملاشمايدۇ. بىزدىكى
بىرىنچى ئەۋلاد ئوبزورچىلار ياشىنىپ قالدى،
كېيىن يېتىشىپ چىققانلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە
ئىزچىللىقى كەمچىل بولۇپ، كۆلەم ۋە تەسىر
شەكىللەندۈرەلمىدى. لېكىن، كۈچلۈك قويسا ئە-
دەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ يېڭى تارىخى شارائىت-
تىكى تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان يا-
راملىق نامزاتلار، ئۈمىدلىك مايسىلارمۇ ئاز ئە-
مەس. مېنىڭچە، ئەدەبىيات ــ سەنئەت تەشكىلات-
لىرى، ژۇرناللار، نەشرىياتلار قوللىسا، ئوبزورچى-
لارمۇ جىم تۇرمىسا، مەقسەتلىك ئىزدىنىشنى
كۈچەيتسە، پەسكويغا چۈشۈپ قالغان ئەدەبىي
ئوبزورچىلىقىمىزغا قايتىدىن ھاياتى كۈچ بې-
غىشلاش تامامەن مۇمكىن.

**4. رومانچىلىقنىڭ كەلگۈسىدىكى تە-**
**رەققىيات ئىستىقبالى ھەققىدە**

تېمىسىدىن چىقىپ تۇرۇپتىكى، بۇ قې-
تىملىق يىغىنىنىڭ ئاساسى مەقسىتى ــــ شىنجاڭ
رومانچىلىقىنىڭ 10 يىللىق ئومۇمى ئەھۋالىدىن
خۇلاسە چىقىرىپ، تەجرىبە ــ ساۋاقلارنى يەكۈن-
لەپ، كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ئەندىزىسى
ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار گۈ-
رۈپپىسىنىڭ مۇزاكىرىسىدە ئەڭ كۆپ ۋە مەر-

كەزلىك چۈشكەن پېكىرلەرنىڭ بىرى، رومانچىلىقتا ساندىن سۈپەتكە ئۆتۈش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، مەلۇم بىر نەشرىياتنىڭ خادىمى شىرەيىمىزگە كېلىپ: «رومان بارمۇ، يېزىلىپ بولغانلىرى بولسىمۇ، يېزىلىۋاتقانلىرى بولسىمۇ، يازماقچى بولغانلىرى بولسىمۇ بولىدۇ، توختاملىشىمىز، ئىسمى رومان بولسىلا بولۇۋېرىدۇ...» دېگەن گەپنى قىلىپ قالدى. مەن سەل ھەيران بولۇپ، بۇ خادىمنىڭ ئېغىزىغا قاراپلا قالدىم... ئېنىقكى، بۇ خادىمنىڭ رومانچىلىقنى سۈپەتكە بۇراش مەسىلىسى تەكىتلىنىۋاتقان يىغىننىڭ تۇز-تامىقىنى يەپ تۇرۇپ قارشى مۇقامدا قىلغان بۇ سۆزى مەندە ئالاھىدە ئىنكاس قوزغىدى. مەن ئۇنى مۇنداق مەنىلەردە چۈشىنىپ باقتىم: بىرى، نەشرىياتلارنىڭ رومان نەشر قىلىش قىزغىنلىقى ھەقىقەتەن يۇقىرىكەن، ئېنىقكى، بۇنىڭ رومانچىلىقىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزدىكى پايدىسى مۆلچەرلىگۈسىز. يەنە بىرى، خۇددى ئىجتىھاتلىق مۇھەررىر مۇھەممەت تۇردى مىرزا ئەخمەت ئەپەندى ئېيتقاندەك: «خەلقىمىزنىڭ رومان ئوقۇش قىزغىنلىقى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋېتىپتۇ»، ئۈچىنچىدىن، خۇددى كېرىمجان ئابدۇرېھىم دېگەندەك: «رومانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا، ئوقۇرمەنلەر مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ناچار رومانلارنىمۇ مەيدانغا كەلتۈرۈپتۇ». يۇقىرىقى شاخلاتمىلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىدا رومانچىلىقىمىزغا پايدىلىق شارائىتلار ئۆزىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسىغا چۈمۈلۈشكە بولىدۇ. لېكىن، يىغىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەمىنلىگەن، «ئوقۇپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان رومانلار» تىزىملىكى ئادەمنى سەل ئويغا سالىدۇ. تىزىملىكتە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ نەشرىياتتا «ئوقۇپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان رومانلار» جەمئىي 22 پارچە بولۇپ، بۇلاردىن يېرىمى ئىسمى ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرگە ناتونۇش يېڭى ئاپتورلارنىڭ رومانلىرى ئىكەن. مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئىسمى ئەدەبىيات ۋە ئوقۇرمەنلەر ساھەسىگە ناتونۇش ئاپتورلار رومان يازسا بولمايدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن. يېزىش ھەر كىمنىڭ ئەركى! كۆزدە تۇتقىنىم: «ھېچقانچە بەدىئىي تەربىيىلىنىش ۋە چېنىقىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بۇ بىر تۈركۈم ئاپتورلارنىڭ قىزغىنلىقتا تايىنىپلا يېزىپ چىققان بۇ رومانلىرىنىڭ سۈپىتى قانچىلىك بولار؟ دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، مۇشۇ نۇقتىدا ھەر قانداق بىر ئوقۇرمەن رومانچىلىقىمىزنى سۈپەتكە بوراشتىن بەك چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ كەتكىلى بولمىغىدەك، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي: ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇشۇ ساھەدە نەتىجە قازىنىشنى نىيەت قىلغان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىدىن ئۆزىنى بېغىشلاش ئالدىنقى شەرتى بىلەن تىنىمسىز ئىزدىنىشنى، خۇددى سەردار يازغۇچىمىز زوردۇن سابىردەك 1800 گرادۇسلۇق كۆزەيىنەك تاقاپ تۇرۇقلۇق يەنىلا ئوقۇشنى، ئۆگىنىشنى، بەدىئىي مەشىقنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويماسلىقنى، ئۈزلۈكسىز پىكىر قىلىشنى، يېڭى نىشان، يېڭى پەللە ئۈچۈن بىر ئۆمۈر شەخسىيەتسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇزۇن مۇساپىلىك ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، بىر دەملىك، بىر مەزگىللىك قىزغىنلىق بىلەن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قىزغىنلىق مۇھىم، تالانت، چىدامچانلىق، ئۈزلۈكسىزلىك، ئۈمىدۋارلىق تېخىمۇ مۇھىم!

ئومۇمەن، نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمىزدىن قارىغاندا، رومانچىلىقنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى سەل مۇجمەل بولۇپ، ئۇنى ئوبيېكتىپ، توغرا مۆلچەرلىشىمىز، ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار بولۇشىمىز، ئارتۇقچە ئۈمىدلىنىپ، بىخۇتلىشىپمۇ قالماسلىقىمىز، سۈپەت ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا، يەنىلا تەجرىبىلىك يازغۇچىلارغا تايىنىشىمىز، بازار خالىدى دەپ «پاخال» ئەسەرلەرنى بەك كۆپ نەشر قىلىۋېتىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشتىن ھەر ۋاقىت ساقلىنىشىمىز لازىم.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئىككى قېتىملىق ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتنىشىش جەريانىدا ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرىمنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، پايدىسى بولار دېگەن ئۈمىدتە كەسىپداشلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم. بىر تەرەپلىمە قاراشلار بولسا، تەنقىد بېرىشىنى، شۇنداقلا قىممەتلىك نىئمەتلىرىنى مۇلاھىزە داستىخىنىدىن ئايىماسلىقىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن

# قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزى — لوْش قەبرىستانلىقى خارابىسى توغرىسىدا

دەۋر چاقى يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئىرانىڭ بوسوغى-
سىدىن ئەمدىلا ئاتلىغان پەيتلەردە، قاراقۇرۇم تاغلىرى ئا-
رىسىدا غايەت زور ۋە سىرلىق مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يو-
شۇرۇپ ياتقان كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى
لوْش قەدىمىي قەبرىستانلىقى تارىخنىڭ ئۈچ مىڭ يىللىق
چاڭ ـ توزانلىرىنى قېقىۋېتىپ يېپيېڭى قىياپەت بىلەن
كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بۇ قەدىمىي قەب-
رىستانلىقنىڭ تۇيۇقسىز بايقىلىشى ۋە قېزىلىشى ئارخې-
ئولوگىيە ئىلمىنى يىراق قەدىمىي زاماندىكى ئىنسانلار-
نىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە زور تۆھپىلىرىنى تۇركۈمدىكى
بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. قاراقۇرۇم
ئېتەكلىرىدىكى قەدىمىي ھاياتلىق ئىزى ۋە ئۇلار ياراتقان
يۈكسەك مەدەنىيەت كىشىلەرنى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇر-
دى. قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن بايقالغان ھەم دەپنە بۇ-
يۇملىرى بەرگەن ئۇچۇرلاردىن، بۇنىڭدىن ئۈچ ئىرا مۇ-
قەددەم بۇ جايلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مەدەنىيەت
دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلىشكە بولسىمۇ،
ئەمما ئىككى ئېقىن قوشۇلىدىغان بۇ جايدا بىرەر مەدەنى-
يەت ئىزىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ھېچقانداق يازما مەلۇمات
قالدۇرۇلمىغان.

لوْش قەدىمىي قەبرىستانلىقى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ
جەنۇبىدىكى ئاتچان تاغلىق يېزىسىنىڭ لوْش كەنتىدىكى
ئارقائۇلاق دېگەن جايغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 2850
مېتىر ئېگىز، كېرىيە ناھىيە بازىرىغا 120 كىلومېتىر كې-
لىدۇ. لوْش تاغلىق كەنتى قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدىكى بىر
تەبىئىي كەنت بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا چوڭقۇرلاپ
كىرگەن كېرىيە بوستانلىقىنى ھاياتلىق سۈيى بىلەن تە-
مىنلەپ كېلىۋاتقان كېرىيە دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىمۇ
مۇشۇ كەنتتىن «ئۈلۈغ دەريا» نامىدا ئېقىپ ئۆتۈپ، يۇقى-
رى ـ تۆۋەن ئېقىندا باشقا تارماق دەريا ئېقىنلارنى ئۆزىگە
قوشۇۋالغاندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۈچىنچى
چوڭ دەريا ھېسابلىنىدىغان كېرىيە دەرياسىنى تەشكىل
قىلىپ شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. ئۈلۈغ دەريا قاراقۇرۇم تاغلى-
رىنىڭ قارلىق چوققىلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ كېلىپ،
لوْش بوستانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىگە كەلگەندە، شەرق
تەرەپتىن كېلىپ لوْش بوستانلىقى ئوتتۇرىسىدىن كې-
سىپ ئۆتىدىغان لوْش دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ جايدا
يەنە ئۈلۈغ دەريانىڭ قارشى قاسنىقىدىكى ئۆگىيەك مە-
ھەللىسىگە ئۆتىدىغان ھەمدە تاغ يولىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇ-
رىدىغان چوڭ كۆۋرۈك، ئۇنىڭ يېنىدا تاشلىنىپ قالغان
ئاسما كۆۋرۈك بار. لوْش قەدىمىي مازار خارابىسى مانا مۇشۇ
ئىككى دەريا قوشۇلىدىغان يېرىم ئارالسىمان دوقمۇشتىكى
دۆڭلۈككە جايلاشقان. لوْش قەدىمىي مازار خارابىسى جاي-
لاشقان يېشىل دۆڭلۈكنىڭ ئۈستى ئەسلى ۋاسكېتبول
مەيدانىدىن چوڭراق بىر تەكشىلىك بولۇپ، بۇ دۆڭلۈك-
نىڭ ئۈستىدە كىشىلەر دائىم خامان ئېتىدىكەن، كېيىنچە
بۇ دۆڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا لاي ئېقىتىپ يەر ئۆزلەش-
تۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنتنىڭ كۆتالغۇ مەھەللى-
سىدە ئولتۇرۇشلۇق قۇربان داۋۇت تۇنجى بولۇپ بۇ يەردىن
كوزا تېپىۋاپتۇ، باشقىلارمۇ كوزا ۋە باشقا قەدىمىي بويۇم-
لارنى تېپىۋاپتۇ، قەدىمىي قەبرە ھەققىدىكى پاراڭلار كەڭ
تارقالغاندىن كېيىن، بىر قىسىم بايلىق ئىزدىگۈچىلەرمۇ
بۇ قەدىمىي قەبرىنى ئوغرىلىقچە قازىدىغان بولۇپتۇ.
2002 ـ يىلى 6 ـ ، 7 ـ ئايلاردا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر گۇرۇپپا تەتقىقاتچىلىرى يىراق
قەدىمىي زاماندىكى قاشتېشى يولىنى بويلاپ تەكشۈ-
رۈپ ـ تەتقىق قىلىش سەپىرىدە قاراقۇرۇم تاغلىرىغا ئىچ-
كىرىلەپ كىرىپ لوْش بوستانلىقىنى قاراقۇرۇمغا چوڭ-
قۇرلاپ كىرىشتىكى رابات قىلغان. بۇ جەرياندا بۇ گۇرۇپ-
پىدىكى تەتقىقاتچىلار يەرلىكلەرنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن،
قەدىمىي قەبرىستانلىقنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىلمىي
تەكشۈرگەن. 2003 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى شىن-
جاڭ تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى دوكتور ۋۇ شىڭخۇا باش-
چىلىقىدىكى تۆت نەپەر ئارخېئولوگىيە خادىمى بۇ جاي-
دىكى توققۇز ئورۇندىكى قەبرىنى قېزىپ، بايقىغان باش
سۆڭەكنى كاربون 14 تەجرىبىسىدە ئۆلچەش ئارقىلىق،
بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى قەبرە ئىكەنلىكىنى بېكىتتى.
2005 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈ-
نىگىچە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئار-
خېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ۋە ئەنخۇي ئۆلكىسى
مىڭچېڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى
قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ توققۇز نەپەر ئارخېئولوگدىن
تەشكىللىنىپ 3 ـ قېتىم بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنى
تېخىمۇ كەڭ ـ كۆلەملىك قېزىش ئېلىپ باردى. بۇ قې-

تىمقى قېزىشتا تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە
بۇ سىرلىق قەبرىستانلىقنى ئۇزۇنلىقى 130 مېتىر؛ كەڭلى-
كى 30 مېتىر؛ چوڭقۇرلۇقى 10 مېتىر ئەتراپىدا 60 تىن ئارتۇق
گۆرلۈكنى قېزىش ئارقىلىق، قاراقۇرۇم ئېتىكىدىكى بۇ
قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئىنسانىيەتنىڭ كۆز ئالدىدا تو-
لۇق نامايان قىلدى. شۇ ۋاقىتتا شىنخۇا ئاگېنتلىقى تەرى-
پىدىن «سىرلىق ‹لۇش مەدەنىيىتى›نى ئىزدەپ» دېگەن
چوڭ تېما ئاستىدا «چوڭ تېپىتكى قەدىمىي قەبرىستان-
لىقتىن غەلىتە دەپىنە قىلىنغان گۆرلۈكلەر بايقالدى» نامىدا
ئەخ مەيدان خەۋىرى تارقىتىلىپ، ھەر ساھەنىڭ دىققەت
نەزىرىنى ئۆزىگە تارتتى.

قەدىمكى قەبرە قۇرۇلۇشلىرى بىلەن ھەمدەپىنە بو-
يۇملىرى ئىپتىدائىي تۇرمۇش ۋە ئادەت ئېتىقادىنىڭ بىر
پارچە ئەينىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەدىمىي قەبرىس-
تانلىقتىكى دەپنە قىلىنىش شەكلى ئىنتايىن غەلىتە
بولۇپ، قازغۇچىلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. جەسەت-
لەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بېشى غەرب تەرەپكە، پۇتى شەرق
تەرەپكە، پۇت ـ قوللىرى يىغىلغان ھالەتتە قويۇلغان. لە-
ھەتلەرنىڭ دەپنە شەكلى ئىللىپىسسىمان بولۇپ، مېيىت
توپ دەپنە قىلىنغان. بىر لەھەتكە ئەڭ ئاز بولغاندا بىر
جەسەت، كۆپ بولغاندا توققۇز جەسەت كۆمۈلگەن. ئادەت-
تىكىلىرىگە ئاساسەن 4 ـ 5 ئەتراپىدا جەسەت قويۇلغان. ھەر
بىر لەھەتتىكىلەر بىر ئائىلە ياكى بىر قەبىلە ئۇرۇقى بو-
لۇشى مۇمكىن. چۈنكى، جەسەتلەر قاتلاملىق دەپىن قى-
لىنغان بولۇپ، بىر قەۋەتكە مېيىت قويۇلسا، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە بىر قەۋەت توپا ياتقۇزۇلغان، يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر
قەۋەت مېيىت كۆمۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە توپا كۆمۈل-
گەن. بەزىلىرى بىر قەۋەت بولسا، بەزىلىرى ئىككى ياكى
ئۈچ قەۋەت قىلىپ ئۈستمۇ ئۈست قويۇلغان. ئەڭ ئۈستى
قەۋەت چوڭ تاش بىلەن يېپىلغان. قەبرە ئىچى ئايلانمىسى
ياخشى ئايىنغان قوغۇن ـ تاۋۇزلاردەك چوڭلۇقتىكى تاشلار
ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىلىپ تام شەكلىدە ياسىلىپ،
ئۈستى گۈمبەزسىمان ھالەتتە تىزىلغان تاشلار ئارقىلىق
يېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە
ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ كۆچە كۆيدۇرۇش، دۇئا ـ تىلاۋەت
قىلىش ئېھتىياجى بىلەن ئوچاقنىڭ كولۇكى چوڭلۇقىدا
چەمبەرسىمان تاش تىزىلغان. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈچ
مىڭ يىل بۇرۇنقى دىن مەدەنىيىتى، دۇنيا قاراشلىرى، ھا-
يات ـ مامات ئۇقۇملىرىدىن بىشارەت بېرىدۇ. قەدىمىي زا-
مانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ كەڭ تارقالغان شامان دىنى ۋە
ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى تۇرلۇك ساددا ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ
ھەممىسىدە، ئەجدادلارنىڭ روھىغا سېغىنىش بىر خىل
ئىپتىدائىي ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان دىنىي پائالىيەت بولۇپ،
«ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاھالىلىرى ھەر
يىلى باھار، ياز پەسلى ئارىسىدا غارلارغا بېرىپ، قۇربانلىق
ۋە زىيارەت قىلىپ ئاتا ـ ئانا ئەرۋاھلىرىغا سېغىنىش پائا-
لىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»). شامانىزم ئېتىقادى «يەر يۈزى
ئىنسانىيەتنىڭ پائالىيەت ماكانى، ئاسمان بولسا تەڭرىلەر ۋە
ياخشى روھلارنىڭ دەرگاھى، يەر ئاستى زۇلمەت، جىن ـ -
ئالۋاستى ۋە يامان روھلارنىڭ ماكانى» دېگەن ئالەم چۈ-
شەنچىلىرىنى ئۆز ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئاساسى قىلغان
بولۇپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھلىرىنىمۇ ياخشىلىق ۋە سا-
خاۋەت ماكانى بولغان ئاسمانلاردا، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە
ئۇلارغا سېغىنىپ ئوتتىن ئىبارەت بۇيۇكلۈككە، كۆككە
تەلپۈنىدىغان ئۇلۇغ مەۋجۇتلۇقنى قەبرە بېشىدا ھازىرلاش
ئارقىلىق ياخشى تىلەك، ئارزۇ، سېغىنچىلىرىنى ئوت
ئوچقۇنى ئارقىلىق ئەجدادلار روھىغا ئەۋەتكەن. بۇ قەبرە
ئالدىدا تۇرلۇك دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن. لۇش
قەبرىستانلىق خارابىسىدىكى ھەر بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا
ياسالغان ئىسرىق ئوچاقلىرىمۇ ئەنە شۇ دىنىي تىلاۋەت
ئېھتىياجىدىن ياسالغان بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ شامانىزم-
لىق ئېتىقادىنىڭ زاھىرەن ئىپادىسىدۇر.

جەسەتلەرنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ قەبرىستان-
لىقتىكى قەبرىلەرگە قويۇلغان كىشىلەرنىڭ بوي ئېگىز-
لىكى 1.70 دىن ئىككى مېتىرغىچە بولۇپ، ئۇلار غولۇس ۋە
ئېگىز بويلۇق ئىكەن. بۇنىڭدىن مۇشۇ جايدا ئۈچ مىڭ
يىللار ئىلگىرى ھازىرقى زامان ئادەملىرىدىن تەن قۇرۇلۇ-
مىسى جەھەتتە كۆپ ئۈستۈن بولغان بىر قوۋمنىڭ ياشى-
غانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگو ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، «ئۇلارنىڭ
يۇملاق شەكىللىك باش سۆڭەكلىرى ياۋروپالىقلارنىڭ
باش سۆڭەكلىرىگە يېقىن كېلىش بىلەن بىرگە، يەنە بىز
بىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ باش سۆڭەك
شەكلىگە ئوخشاپ قالىدۇ» (ۋۇ شىڭخۇا).

ھەمدەپىنە بويۇملاردىن نەقىش ئويۇلغان ۋە سىدام
ساپال بويۇملار بىر قەدەر كۆپرەك بولۇپ، ئۇلار ساپال كوزا،
خۇمرا، ساپال تەخسە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساپال
بويۇملاردىكى رومبا شەكىللىك، بېلىق شەكىللىك، ئۈچ
بۇلۇڭ شەكىللىك، دولقۇن شەكىللىك نەپىس ئويما رەسىم
ۋە نەقىشلەر «لۇش مەدەنىيىتى»نىڭ پارلاق مەنزىرىسىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇلاردىن جۈپ بېلىق سۈرىتى چۈ-
شۈرۈلگەن ساپال تەخسىلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مىس
بويۇملاردىن مىس پىچاق، مىستىن ياسالغان ئاتنىڭ ئې-
غىزدۇرىقى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋانات مۈڭگۈز-
لىرىدە ياسالغان ئېغىزدۇرۇق، ھەرخىل تاشلاردىن ياسالغان
ھالقىلار، دېڭىز قۇلۇلىسى (سەدەپ) ... قاتارلىق بىرەر يۈز-
دىن ئارتۇق بويۇملار بار.

تەتقىقاتچىلار يەنە قەبرىستانلىقنىڭ 6 ـ نومۇرلۇق گۆرلۇكىدىن بۇنىڭدىن 4 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەۋە بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى بىر قەۋەت كوكس كۈلى بايقىغان بولۇپ، بۇ جايغا جەسەت دەپنە قىلىشتىن مىڭ يىل قەدىمكى زامانلارغا توغرا كېلىدىكەن.

سەنئەت تۇسىنى ئالغان ھەر خىل قول ھۈنەر بويۇملىرى قاراقۇرۇم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان بولۇپ، ساپال بويۇملارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ گۈزەل ئېستېتىك تۇيغۇلىرىنى نەقىش قىلىپ ئويۇش، تاش ماتېرىياللاردىن تۈرلۈك مۇنچاقلارنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار ھەتتا ھېقىقلار بىلەن قاپلانغان چىرايلىق زەنجىرلەرنى بويۇن، قول، پۇتلىرىغا ئېسىشقان. ئاياللار كۆمۈر گۆھىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قاش كىرپىكلىرىنى بوياشنى بىلگەن ۋە تېخىمۇ جەزبىدارلىققا ئىگە قىلغان.

قەبرىستانلىقتىن زور مىقداردىكى ساپال بويۇملاردىن سىرت، يەنە سېلىندىرسىمان تاش ياكى سۆڭەك بىزەك بويۇملىرى، مۇنچاق مارجانلار، شۇنداقلا يەنە يېشىل قاشتېشى ھالقا قاتارلىقلار بايقالغان بولۇپ، لۇش قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قاشتېشى بىلەزۈك شىنجاڭ تارىخىدا بايقالغان ئەڭ دەسلەپكى قاشتېشى بىلەزۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لۇش كەنتى كېرىيىنىڭ، جۈملىدىن خوتەن تاغلىق رايونىنىڭ ئاساسلىق قاشتېشى چىقىدىغان رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇن بۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىنسانلار قاشتېشىنى زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا ئىشلەتكەن. بۇ ھەقتە تارىخچى غەيرەتجان ئوسمانمۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزىلەر» ناملىق كىتابىدا، «بۇنىڭدىن 4 ــ 5 مىڭ يىل ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا قاشتېشى ئويمىچىلىق تېخنىكىسى ئىختىرا قىلىنغان. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىگىلەنگەن ھۈنەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازىدۇ.

بۇ قەبرىستانلىقتىن يەنە زور مىقداردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە كامالەتكە يەتكەن مىس پىچاق، مىس ئوق ئۇچى، مىس بىلەزۈك قاتارلىقلار تېپىلغان. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، يەنە بىر قەبرىدىن تۆمۈر پىچاق تېپىلغان. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تۆمۈردىن پايدىلىنىش ۋە تۆمۈر ئىشلىتىشنىڭ باشلانغانلىقى ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىر قېتىملىق سەكرەش بولۇپ، تۆمۈرنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. تارىختا ھەر قايسى ئەل رايونلىرىنىڭ بۇ مەدەنىيەت دەۋرىگە يېتىشمۇ ئوخشاش ۋاقىتتا بولمىغان. دۇنيا تارىخىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 17 ـ ئەسىردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 13 ـ ـ ئەسىرگىچە كىچىك ئاسىيادا قۇدرەت تاپقان قەدىمكى ھېتتىت خەلقى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1400 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا تۇنجى بولۇپ تۆمۈر تاۋلاپ، قورال ـ سايمانلارنى ئىشلەتكەن. ئۇلار ئىنسانلار تارىخىدا تۇنجى بولۇپ تۆمۈردىن پايدىلىنىپ قورال ـ سايمان ياسىغان خەلق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان لۇش قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن نەپىس ئىشلەنگەن تۆمۈر قورالنىڭ تېپىلىشى لۇش مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەدىمىي قوۋمنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپلا تۆمۈر بىلەن تونۇشۇپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ ئۆزىنىڭ «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق ئەسىرىدە، «مەركىزىي ئاسىيادا تۆمۈر تەخمىنەن ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن بىر ـ ئىككى ئەسىر ئىلگىرى تۇرمۇشقا كىرگەن بولۇشى ئېھتىمال» (41 ـ بەت) دەپ يېزىش ئارقىلىق، مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ تۆمۈر بىلەن تونۇشۇش تارىخىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇنلىقىغا بولغان قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. قەبرىستانلىق تۇپراق قاتلىمى ئارىسىدىن بايقالغان ئىككى ئۇچاقمۇ بۇ جايدا يەنە مېتال ئېرىتىش تېخنىكىسىنىڭ ئاللىقاچان پەيدا بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. قەدىمكى زامان ئاپتورلىرىدىن لى داۋيۈەن (مىلادىيە 472 ـــ 527) «سۇ ئېقىنلار تەزكىرىسى. دەريالارغا ئىزاھات» ناملىق كىتابىدا «كۆسەندە تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىنىپ 36 خانلىق تەمىن ئېتىلىدۇ» دەپ يازغان بولۇپ، 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى كۆمۈر ئېچىش تارىخى» ناملىق كىتابتا بۇ «ئېلىمىزنىڭ تاش كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىغانلىقىغا ئائىت ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «پەن تېخنىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا، كېيىنكى زامانلاردا تېخنىكىدا ئالدىدا كەتكەن غەربىي ياۋروپادا بۇ خىل پەن تېخنىكا 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئاندىن قوللىنىلغان.

لۇش قەبرىستانلىق خارابىسىدىكى ھەر قايسى قەبرە ۋە دەپنە بويۇملارنىڭ كاربون 14 ئانالىز ئارقىلىق يىل دەۋرىنى ئېنىقلاشتىكى يىل دەۋر ئارىلىقلىرى، قاتلامسىمان دەپنە ھالىتىدىكى ھەر قايسى قاتلاملارنىڭ دەپنە قىلىش ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقى، شۇنداقلا ھەمدەپنە بويۇملاردىكى نەپىسلىك ۋە تۇرمۇشچانلىقنىڭ يۇقىرىلىقىغا قاراپ، بۇ خەلقنىڭ خاس چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىكى كۆچمەن تۇرمۇش بىلەنلا ئۆتمەستىن، بەلكى قاتتىق دېتال ھالىتى مۇكەممەل بولغان مۇقىم ئولتۇراق ھالىتىنىڭمۇ بارلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

# قىسمەن شېئىرلاردىكى مەنتىقسىزلىق ئۈستىدە مۇلاھىزە

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى كۆچلۈك بولغان ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ يېقىندىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى، ياش، ئىقتىدارلىق ۋە مەسئۇلىيەتچان مۇھەررىرلەرنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، يەنى ئەسەر تاللاش، تەھرىرلەش، كوررېكتور كۆرۈش، مۇقاۋا، بەت لايىھىسى قاتارلىق ئۆتكەللەرنى چىڭ تۇتۇشى، نەتىجىسىدە يىلدىن ـ يىلغا، ساندىن ـ سانغا سۈپەت جەھەتتە كۆرنەرلىك ئۆسۈپ، تەڭ دەرىجىلىك ژۇرناللار ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، ھەقىقىي مەنىدىكى «قاشتېشى»غا ئايلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر ئىزدەپ ـ سوراپ، تالىشىپ ئوقۇيدىغان ئەتىۋارلىق ژۇرنالغا ئايلاندى.

بىزدە: «قوشناچىمنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقىنى، موللىكامنىڭ ئوتىيېشى» دېگەن گەپ بار. ئەسلىدىنلا «تۇزى» ئارتۇق ياكى كەم بولۇپ قالغان، خېمىرىغا ئىشلەنمىگەن، خورۇچى يېتەرلىك بولمىغان غىزا ھەر قانچە ئۇستا ئاشپەزنىڭ قولىدىن چىققان تەقدىردىمۇ ئېغىزغا تېتىشى ناتايىن. شۇڭا، ئۆز ئۈستىگە ناھايىتى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئالغان جاپاكەش قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆز يازمىلىرىغا مىللەتكە، خەلققە، ئەۋلادلارغا، دەۋرگە ۋە كەلگۈسىگە مەسئۇل بولغان ھالدا قاتتىق تەلەپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، 2008 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «ئۆزگەرتىشكە ئەرزىيدىكەن،» دەپ قارىغان بەزى شېئىرلاردىكى مەنتىقسىزلىكلەرنى ئوگشاپ، ئەدەبىيات كېچىكىگە يېڭىدىن كىرىپ، ئۇنىڭ «ئېگىز بوسۇغۇسى»دىن ئاتلاشنى ئارمان قىلىپ كېلىۋاتقان ياش شائىر ۋە ھەۋەسكارلارغا ئازراق ياردىم بېرىشنى لايىق تاپتىم. شۇڭا، بۇ يەردە پەقەت يېڭى پىكىر، ئۆزگىچە ماھارەت بىلەن يېزىلغان بىر قىسىم شېئىرلاردىكى «مۇنداق بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولۇر ئىكەن»، دەپ قارىغان تەرەپلەر ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

بۇ سانغا شائىر ئابدۇللا سۇلايماندىن تارتىپ ئابدۇرېشىت سەمەت سەھراغىچە بولغان 13 نەپەر كىشىنىڭ 35 پارچە شېئىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، «ھەر بىر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا، ھەر بىر مېۋىنىڭ تەمى» دېگەندەك، ھەر بىر پارچە شېئىر ئۆزىگە خاس «رەڭلەر» بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كىشىگە ئۆزگىچە لەززەت ئاتا قىلغان.

لېكىن، ئايرىم مىسرالاردا ناھايىتى چوڭ مەنتىقسىزلىكلەر كۆرۈلگەچكە، كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئابدۇللا روزىمەمەتنىڭ «تىترەپ كەتتىم ياپراقتەك» سەرلەۋھىلىك شېئىرىنىڭ 1 ـ مىسراسى: «يۈرىكىمگە نەچچە رەت ئوق ئاتىدۇ كىرپىكىڭ» بولۇپ، ئاپتورنىڭ كۆڭلىدە: «كىرپىك ئوقيالىرىڭ يۈرىكىمگە كۈندە نەچچە رەت ئوق ئاتىدۇ» دېگەن جۈملە بار بولسىمۇ، دېمەكچى بولغىنى بىلەن داستىخانغا چىققىنى ئوخشىماي قالغان. يەنى «كۈندە» دېگەن ھالەت پاتمىغان. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ مىسرانى: «يۈرىكىمگە دەمبەدەم ئوق ئاتىدۇ كىرپىكىڭ» دەپ ئالسا، بۇ يەردىكى «دەمبەدەم» «ئارقا ـ ئارقىدىن، تېز ـ تېز، ھەردەم، دائىم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، «كېسەل» ساقىياتتى.

تەلئەت ئۆزخاننىڭ 1 ـ غەزىلىنىڭ 4 ـ بېيت، 2 ـ مىسراسى:

«شۇڭا مەن شادلىناي قانداق، مۇھەببەتكە ھايات قوشساڭ» شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، «جان، قان، ئىمان، بايان...» قاتارلىق سۆزلەر قاپىيە — ئاھاڭدارلىق پەيدا قىلىپ كېلىۋېتىپ، بىردىنلا «ھايات» بولۇپ قالغان. بۇ مىسرانى: «شۇڭا مەن شادلىناي قانداق، مۇھەببەتكە ھايان قوشساڭ» ياكى «شۇڭا مەن شادلىناي قانداق مۇھەببەتكە چايان، يىلان، قاۋان... قوشساڭ» دېسە بولىۋېرەتتى. چۈنكى، «مۇھەببەت» بىر ئابستراكت ئىسىم بولۇپ، بۇ يەردە مىسرادىكى مەزمۇندىن قارىغاندا، چوقۇم سەلبىي مەنىلىك سۆز كېلىشى كېرەك ئىدى. يەنە «تۇيۇقلار»نىڭ 4 ـ سىدە: «كۆزدىن ئاققان ياش بىلەن تۆكمەن ياساپ، ئۇن تارتىمەن» بولۇپ كەلگەن. بۇ يەردە

«ياساپ» سۆزى باشقا سۆزلەرنى ئىنكار قىلىپ، مەنتىقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان، يەنى «يېشىمدىن تۆكمەن ياساپ، ئۈن تارتىمەن» دېگەن جۈملە بولۇپ ئۇيۇشقان. ياشتىن تۆكمەن ياسىغىلى بولمايدۇ. بەلكى تۆكمەننى سۇ بىلەن (ھازىر توك بىلەنمۇ ماگدۇرىۋاتىمىز) ماگدۇرۇپ —چۆرۈپ ئۈن تارتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ مىسرانى: «كۆزدىن ئاققان ياشتا تۆكمەن ماگدۇرۇپ، ئۈن تارتىمەن» شەكلىدە تۈزۈپ چىقساق، يەنى «بىلەن»نىڭ ئورنىغا «تا»نى، «ياساپ»نىڭ ئورنىغا «ماگدۇرۇپ»نى ئالماشتۇرساقلا مەسىلە ھەل بولۇپ، شېئىرنىڭ قايىل قىلىش كۈچى تېخىمۇ ئاشاتتى ۋە مەنتىقىگىمۇ ئۇيغۇن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئاپتور: «نى بالالار كېلىدۇ ئوغۇل بالانىڭ باشىغە، سايدا تۆكمەن چۆرگىلەيدۇ كۆزدىن ئاققان ياشىغە» دېگەن قوشاقتىن پايدىلانغان بولۇپ، بۇ قوشاقتا «ماگدۇرۇپ» بىلەن مەنىداش بولغان «چۆرگىلەيدۇ» سۆزى باركى، ھەرگىزمۇ «ياساپ» سۆزى ئۇچرىمايدۇ. (بۇ يەردە يەنە تېمام بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىر گەپنى قىستۇرۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، تۈيۈق ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ قاپىيىلىنىشى ۋە ياكى بۇ ئىككى تۈردىكى سۆزلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېلىپ قاپىيىلىنىشىدىن تۈزىلىدۇ. 1 ـ تۈيۈقتىكى قاپىيە نۇقتىسىدىن كېلىۋاتقان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بولغاچقا، بۇ «تۈيۈق» تۈيۈق بولالمىغان.)

مەتسەيدى ئابلانىڭ 2 ـ شېئىرىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ مىسراسى مەنتىقە جەھەتتىن باغلاشمىغان. مەسىلەن:

«سېيمايىڭ كۆزۈمدىن يوقالماس زىنھار،
ۋە لېكىن ھېچ مېنى قىلمايدۇ بىزار.»

بۇ گەپنى چۈشىنىش ناھايىتى تەس. ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغىنى بەلكىم: «مەن سېنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەچكە، پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم، سېيمايىڭ داۋاملىق كۆز ئالدىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ» بولسا كېرەك. بۇ ئىككى مىسرادا بۇنداق باغلىنىش يوق، بەلكى «لېكىن» دېگەن قارمۇ قارشى باغلىغۇچى بۇ مىسرالارنى ئايرىپ چېچىۋەتكەن. بۇ مىسرالارنى:

«سېيمايىڭ كۆزۈمدىن كەتمەيدۇ زىنھار،
مەن سېنى چىن دىلدىن سۆيگەچكە، نىگار،» دەپ تۈزەتسەك، مەقسەتكە تولۇق يەتكىلى بولاتتى.

ۋارىسجان ئاتاخان ئىمزاسىدىكى 2 ـ غەزەلنىڭ (ئەگەر غەزەل دېيىشكە توغرا كەلسە) 1 ـ بېيتى:

«بىر نىگاھ سالماي نەزەر قەلبىمنى زىندان ئەيلىدىڭ،
يىغلىدىم ھەسرەت چېكىپ دەردىمنى ھىجران ئەيلىدىڭ» بولۇپ، 1 ـ مىسرادا كەلگەن «نىگاھ» سۆزى «قاراش، بېقىش، كۆرۈش» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىدىشى ئىكەنلىكى كىچىك باللارغىمۇ ئايان. يەنە بۇ مىسرادا «نەزەر» سۆزىمۇ يۇقىرىقى سۆزلەر بىلەن مەنىداش. دېمەك، تىل گادايلىقى تۈپەيلىدىن بىر مەنىدىكى سۆزلەرنى قاتار تىزىپ قويغاندىن باشقا، «نەزەر» «قەلبىم»نى ئېنىقلاپ قويۇپ، زور مەنتىقە خاتالىقى سادىر قىلغان. 2 ـ مىسراسى تېخىمۇ چۇۋالچاق بولۇپ، «ھىجران» سۆزى «ئايرىلىپ قېلىش، پۇرقەت» سۆزلىرى بىلەن مەنىداش بولغاچقا، «ئەيلىدىڭ — قىلدىڭ» سۆزى بىلەن پەقەت يېقىن كەلمىگەن. ئۇيغۇر تىلىدا: «دەردىمنى ھىجران قىلدىڭ» دەيدىغان سۆز بىرىكمىسى يوق. يەنە شۇ غەزەلنىڭ ئاخىرقى بېيتى:

«ۋەدىلەر قالدى پېتىچە، كەلمىدىڭ ئىزلەپ مېنى، بىر كۆرۈپ كەتمەك سېنى گوياكى ئارمان ئەيلىدىڭ.» بولۇپ، دېمەكچى بولغىنى: «ۋەدىلەر ۋەدە پېتىچە قالدى، سەن مېنى ئىزدەپ كەلمىدىڭ، مەن سېنى بىر كۆرۈپ كەتمەكنى ئارمان قىلدىم» ئىدى. ئەپسۇسكى، ئالدىنقى مىسرادا «ۋەدە» سۆزى ئاپتورنىڭ كۆڭلىدە قالغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇرمەنگە مەقسىتىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەن. 2 ـ مىسرا تېخىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ، «مەن»، يەنى بىرىنچى شەخسنىڭ ئۈستىدىكى ئىش ـ ھەرىكەت «ئەيلىدىڭ» سۆزى بىلەن 2 ـ شەخس، يەنى «سەن»نىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، غەلىتە مەنتىقە كېلىپ چىققان.

ئابدۇرېشىت سەمەت سەھرا نامىدىكى «ھىجران ناخشىسى» سەرلەۋھىلىك شېئىرنىڭ 1 ـ بۆلۈكىنىڭ 3 ـ ، 4 ـ مىسرالىرى:

«باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىزتىراپ خىياللار، بورانلىق تۈنلەردە قالغاندەك يەكتا» بولۇپ، ھەر ئىككى مىسرادا مەسىلە بار. 1 ـ مىسرانى «باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىزتىراپلىق ئوي،» دەپ ئۆزگەرتسەك، «ئىزتىراپ» دېگەن سۆز سۈپەتكە ئايلىنىپ «ئوي»نى ئېنىقلايدۇ ھەم ئەسلىدىكى «خىيال» بىلەن «ئوي» مەنىداش سۆز بولغاچقا، مىسرادىكى بىر بوغۇم ئارتىپ كېتىش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغىلى بولاتتى. ئىككىنچى مىسرادىكى «يەكتا» — «تەڭدىشى يوق، مىسلى كۆرۈلمىگەن...» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇكى، ھەرگىزمۇ «يالغۇز، تەنھا» مەنىسىنى بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ مىسرانى: «بورانلىق تۈنلەردە قالغاندەك تەنھا،» دەپ ئۆزگەرتسەك، مەزمۇن ۋە ئۇقۇم مۇجمەللىكى تۈزىتىلىپ، مەقسەتكە تولۇق يېتىلگەندىن باشقا، شېئىردىكى ھەممە نۇقسانلار تۈگەپ كېتەتتى.

مەن يۇقىرىدا بىر ساندىكى قىسمەن شېئىرلار بىلەن چەكلىنىپ، گەۋدىلىكرەك بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتتىم. (سۆزلىرىم قولاشمىغان، قوپالراق بولۇپ قالغان بولسا، مۇشۇ ئەسەرلەرنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاپتورلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەر پېقىرنى ئەپۇ ئەتكەي!)

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، شېئىر ئەڭ ئاز، يەنى پىرىېسلانغان سۆزلەر بىلەن كەڭ، چوڭقۇر مەنە ئىپادىلەيدىغان ژانىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا بىرەر سۆزنىڭ ئارتۇق ـ كەم بولۇشى ياكى جايىغا چۈشمەسلىكى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزمەكچى بولغان مۇددىئانى توغرا، ئۆلچەملىك يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە جامائەت ئەربابى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «تىل — ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر ماددىي ۋاستىسى، شۇنداقلا مىللەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىلى.

شېئىر — تىلنىڭ جەۋھىرى، شۇنىڭدەك مەدەنىيەتنىڭ مەدەنىيىتى. شېئىر — ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان سالتەنەت ۋە ئۆزلىكىنى تونۇغان ھەم تونۇماقچى بولغان ھەر قانداق مىللەتكە ئۇ كەم بولسا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، شېئىر — بىرەر سەلتەنەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى باھالاشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغىنىدەك، بىرەر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەم مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ئامىل».

دېمەك، شېئىر — تىلنىڭ جەۋھىرى، تىل — شېئىرنىڭ ماددىي ۋاستىسى بولغان ئىكەن، شائىر شېئىر يازغاندا تىلنى قاتتىق تاللاپ، قايتا ـ قايتا تاۋلاپ ئۆز يازمىلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇشى ھەم ئۇلارنىڭ نەزەر كۆزىدىن ئۆتەلەيدىغان «ساپ ئالتۇن»غا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بولۇپمۇ شېئىرىيەت بوسىغۇسىغا يېڭىدىن قەدەم باسقان ياش قەلەم ساھىبلىرى مەلۇم پىكىرنى شېئىرىي يول بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغاندا، ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، ئاندىن بىرىكتۈرۈپ قەلەم تەۋرەتسە، كۆزلىگەن مەقسىتىگە تولۇق يېتەلەيدۇ. شېئىر شائىردىن يۈكسەك ماھارەت ۋە دىت تەلەپ قىلىدىغان ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۆزلەرنىڭ ئېخمۇ تاللانغان، تاۋلانغان ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، شائىر ئانا تىلنىڭ قىلنى قىرىقىقا يارالايدىغان تىل ئۇستىلىرىدىن بولۇشى، داۋاملىق ئانا تىل باغچىسىدا ھەسەل ھەرىسىدەك تىنىمسىز ئىزدىنىشى، كلاسسىكلاردىن، ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىنىڭ تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۆگىنىشى لازىم. بولۇپمۇ شائىرلار شېئىرىي مىسرالارنى تۈزگەندە، تىل راۋان، ئويناق، ئاھاڭدار بولۇشى، شېئىرنىڭ مېلودىيىسى، تىلى خاسلىقىغا ئىگە بولۇشى، شېئىرىي تىلنىڭ گۈزەللىكىگە ۋە يۇقىرى پەللىگە يېتىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. شۇنىڭدەك، ئۆزى ياقتۇرىدىغان شائىرلارنىڭ ۋە تىل ئۇستىلىرىنىڭ تىلىنىڭ كۈچىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىدەك ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ «شائىر بولۇش»تەك ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، خام ـ خاتىلا يازمىلىرىنى ئالدىراپ مەتبۇئاتلارغا ئاتاماسلىقىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**



# ۋاڭ گوجېن نەسرلىرىدىن جەۋھەرلەر

## ئاجىزلىق

ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى بولىدۇ، ئاجىزلىقى بولغان ئادەملا ھەقىقىي ئادەم بولالايدۇ. بىر ئادەمگە قارىتا قىلچە ئاجىزلىق مەۋجۇت ئەمەس دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئۇ ھەقىقىي ئادەملىكىنى يوقاتقان بولىدۇ.

ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىقى—باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ ـ دە، ھەمىشە ئالداشقا دۇچ كېلىدۇ. بەزىدە ئۆزى باشقىلارغا سېتىۋېتىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇلارغا ياردەملىشىپ پۇل سانىشىپ بېرىدۇ. ئاز ئىش قىلغان كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئازراق ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ. ئەمما، ئىش قىلمىغانلار دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئاددىي ۋە چاكىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئادەم رىقابەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاسان بايقىيالايدۇ، شۇنداقلا يەنە شۇ رىقابەت جەريانىدا ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يېڭىش ئارقىلىق مۇكەممەللىشىدۇ. بەزىلەر پو ئېتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى مۇبالىغە قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنى بازارغا سالىدۇ.

مېنىڭچە ھېسسىيات ئىككى قىرلىق بولۇپ، ئۇ ئارتۇقچىلىق (ئەۋزەللىك) دەپ قارالغاندا، ھېسسىياتقا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇ ئاجىزلىق دەپ قارالغاندا، ھېسسىياتقا بېرىلگەن كىشىلەردىن باشقىلار پايدىلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ھېسسىيات ئىشكىنى ئەقىل بىلەن قۇلۇپلاش كېرەك. شۇغىنىسى ئەقىل بۇنداق چاغلاردا ھەمىشە سۆرەلمىرەك كېلىدۇ.

باشقىلارغا ئۆز ئاجىزلىقىنى بىلدۈرمەسلىكنىڭ ئەڭ ئاددىي ۋە ئۈنۈملۈك چارىسى—باشقىلار بىلەن ئارىلىق ساقلاش، ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئاجىزلىقىڭىز يوق ئىكەنلىكىڭىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

## خاسلىق

ئادەمنىڭ خاسلىقى بولمىسا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تۇرمۇشتا باشقىلارنى دوراپلا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ خاسلىقى بولمايدۇ.

كەمتەرلىك بىر خىل خاراكتېر، مەردلىك بىر خىل گۈزەل ئەخلاقتۇر.

تۇرمۇشتا «مودا قوغلىشىپ» ئەمەس، بەلكى مۇكەممەللىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش كېرەك. ئەمما، دەل مۇشۇ نۇقتىدا بەزىلەر دەل قارشىسىغا قاراپ كېتىپ قالىدۇ.

رەسساملارنىڭ خاسلىقى رەسىملىرىنىڭ فىگورا گۈزەللىكلىرىدە نامايان بولىدۇ. شائىرلارنىڭ خاسلىقى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا يۇغۇرۇلغان ھېسسىياتتا ئىپادىلىنىدۇ. مۇزىكانتلارنىڭ خاسلىقى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مېلودىيىدە ئەكس ئېتىدۇ.

كۆپ قىسىم كىشىلەر ھەۋەسلىنىدىغان خاسلىق بولىدۇ، ئەمما ھەممە ئادەم ھەۋەسلىنىدىغان خاسلىق مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئۆز خاسلىقىنى قوغداش ۋە باشقىلارنىڭ خاسلىقىنى ھۆرمەت قىلىش ئوخشاشلا مۇھىم. ئۆز خاسلىقىنى ساقلىيالماسلىق بىر خىل يارامسىزلىق بولۇپ، باشقىلارنىڭ خاسلىقىنى ھۆرمەت قىلماسلىق بىر خىل يولسىزلىقتۇر. كۆڭلى - كۆكسى تار كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ خاس-

لىقنى يوقىتىشنى كۆزلەيدۇ، لىگتاسما كىشىلەر ئۆز خاسلىقىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىدۇ، جەسۇر كىشىلەر ئۆز خاسلىقىنى تەبىئىي ۋە ئاشكارا ئىپادە قىلىدۇ.

## تەنقىد

تەنقىد بىر خىل سەنئەتتۇر، تەنقىد قىلىشقا ماھىر كىشىلەر ھەم ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، ھەم قارشى تەرەپكە تەنقىدنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدۇرىدۇ.

تەنقىد يامان نىيەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ مۇۋاپىق تەرىپى بولىدۇ. بىز يەنىلا سالماقلىق بىلەن ئويلىنىپ، ئۇنىڭ يامان نىيەتلىك تەرىپىنى چىقىرىۋېتىپ، مۇۋاپىق تەرەپلىرىنى قالدۇرۇپ پايدىلانساق بولىدۇ.

ئوبيېكتىپ تەنقىد كىشىنى نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ، ئوبيېكتىپ بولمىغان تەنقىدمۇ بەلكىم سىزگە شۇنچە ئېغىر تالاپەت يەتكۈزەلىشى ناتايىن، مەيلى ئوبيېكتىپ ياكى ئوبيېكتىپ بولمىغان تەنقىد بولسۇن، يەنىلا ئۇنى سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغىنىڭىز تۈزۈك.

ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ماختاشلاردىن ئېرىشكىنى قىزغىنلىق، تەنقىدتىن ئېرىشكىنى ئالغا ئىلگىرىلەش بولىدۇ. تەنقىد ئادەتتە ماختاشلار تاماملىيالمىغان خىزمەتلەرنى تاماملايدۇ.

زۆرۈر تەنقىد ئادەم ۋە جەمئىيەتنى ئالغا سۈرىدىغان قورال بولۇپ، ئۇ ئەگەر تىل ـ ھاقارەتكە ئايلىنىپ كەتسە، ئۇ ھالدا مەسخىرە ياكى بىر مەيدان ئويۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، قورال ئەكسىچە ئويۇن جابدۇقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

تەنقىد پرىنسىپاللىق بولۇشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ: ئاق كۆڭۈللۈكتۇر. مۇشۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىنسا، تەنقىدنىڭ چاكىنا ۋە تاپتىن چىقىپ كەتمەسلىكىگە ياردىمى بولىدۇ. ئاقىللارچە تەنقىد كىشىنىڭ قەلبىنى يورۇتىدۇ، قەلب تۈگۈنلىرىنى يېشىۋېتەلەيدۇ. ناچار تەنقىد كىشى كۆڭلىنى ۋاقىتسىز مالال قىلىدۇ. ئاۋۋال بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ئارقىدىن بىلەرمەن بولۇۋالىدىغان تەنقىد بولسا، كىشىنى كۈلۈشنىمۇ، يىغلاشنىمۇ بىلەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

مېنىڭچە ياخشى تەنقىدچى مۇنداق بولىدۇ: بىرىنچىدىن، باھادا ئوبيېكتىپ بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كۆزقارىشى باشقىلارغا قارىغاندا بىر بالداق يۇقىرى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئالدىن كۆرەر بولىدۇ.

## سەنئەت

تەپەككۇرغا باي بولغان ھۈنەرۋەن سەنئەتكاردۇر، تەپەككۇرغا باي بولمىغان سەنئەتكار ئەكسىچە پەقەت ھۈنەرۋەندىن ئىبارەتتۇر.

سەنئەتكارلار سەنئەتنى ئىجاد قىلىدۇ، ئەمما ئۇنى ھەممىلا يەردە كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرمەيدۇ. چولتا ھۈنەرۋەنلەر بولسا سەنئەتنى ئىجاد قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى بارغانلا يېرىدە بازارغا سالىدۇ.

يالىڭاچ تەن سەنئەت دەرىجىسىگە يەتسە، ئۇ ھالدا ئۇ تولىمۇ مۇقەددەس ۋە پاك بولىدۇ. ئەخلاق ساختىلىققا قاراپ يۈزلەنسە، ئۇ تولىمۇ تېتىقسىز ۋە پەس نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ پەقەت ئىككى خىل قىممىتى بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، بەھىر ئېلىش قىممىتى بولۇپ، يەنە بىرى، ساقلاش قىممىتىدىن ئىبارەت. بىز ئۇنىڭ بەھىر ئېلىش قىممىتىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، كۆڭۈل قويىدىغىنىمىز سەنئەتنىڭ ئۆزى بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ ساقلاش قىممىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، كۆڭۈل قويىدىغىنىمىز ئۇنىڭ كىمنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

ھەر قانداق گۈزەل شەيئى سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەمما، سەنئەتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغىنى ئەكسىچە گۈزەل شەيئىنىڭ ئۆزى بولماسلىقى مۇمكىن.

نىسبەتەن ئېيتقاندا، گۈزەللىكنىڭ قوغلىشىدىغىنى بىر دەملىك بولۇپ، سەنئەتنىڭ قوغلىشىدىغىنى مەڭگۈلۈكتۇر.

ئەڭ ئاجايىپ ۋە غەلىتە ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغىنى — چوڭقۇرلۇق ئەمەس، بەلكى تېيىزلىقتۇر. ئەڭ ساددا تىللارنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغىنى ئاددىيلىق ئەمەس، بەلكى بۈيۈكلۈكتۇر.

## نىكاھ

ئائىلىنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئۈمىدكە تولغانلىقىدا.

نىسبەتەن ئېيتقاندا، بويتاقلىق ئەركىن بولىدۇ، نىكاھ بولسا ئەركىنلىكتىن ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر. ئەركىنلىكتىن ۋاز كېچىش مۇ-

هەببەت ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇهەببەتنى مەقسەت قىلمىساق، ئەركىنلىكتىن ۋاز كېچىپ نېمە قىلىمىز؟

ئازابنى هېس قىلالمىغان مۇهەببەت هەققىي مۇهەببەت بولمايدۇ. بەخت هېس قىلالمىغان ئائىلە قاباهەتلىك بولىدۇ.

بەزى تاشقى جەهەتتىن تولىمۇ بەخت ــ سائادەتلىك كۆرۈنگەن نىكاه ئەمەلىيەتتە بىر خىل سودىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، ئاشۇ ئاددىي ــ ساددا نىكاه بولسا هەمىشە مۇهەببەت مېۋىسىنىڭ پىشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كىشىلەر ئېرىشىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلغان نەرسىلەرگە قارىتا تاشقى جەهەتتىن سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما، ۋاز كېچىشنى تولىمۇ خالايدىغان نەرسىلەرگە قارىتا دائىم قىزغىن مۇئامىلە قىلىشىدۇ. بۇ نۇقتا ئەڭ پاك مۇهەببەت ۋە ئەڭ ناپاك سودىلاردا تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن نامايان قىلىنغان بولىدۇ.

نىكاه ئەلۋەتتە بەزىلەرنىڭ ئەجەر قوۋۇقتىن سەكرەيدىغان سەكرەش تاختىسى بولالايدۇ، ئەمما شۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جەننەتكە سەكرەيمەن دەپ دوزاخقا سەكرەپ قالغىنىنىڭ سەۋەبىنى مەڭگۈ بىلەلمەي قالىدۇ.

ئادەمنىڭ ئالىيجانابلىقى ياكى رەزىللىكى بىر قېتىملىق نىكاه بىلەن تولۇق ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ. ئالىيجاناب مۇهەببەت ئادەمنىڭ ئۆزىنى سۆيىسە، رەزىل نىكاهنىڭ مەقسىتى ئادەمدىن تاشقىرى باشقا نەرسىلەرنى سۆيۈشتىن ئىبارەت.

سودا قىلىنىدىغان مۇهەببەت مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما سودا قىلىنىدىغان نىكاه مەۋجۇت بولىدۇ. مۇهەببەت نىكاهتىن مەڭگۈ پاك بولىدۇ، نىكاه مۇهەببەتتىن مەڭگۈ نەپلىك بولىدۇ.

مۇهەببەت گۈل بولسا، نىكاه ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر، گۈل هەمىشە گۈزەل بولىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىسى بولسا ئويلىغىنىڭىزدىكىدەك گۈزەل بولۇشى ناتايىن.

مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا ئەر بولماق هەققەتەن قىيىن، بەك سوغۇققان بولۇپ كەتسىڭىز، ئايالىڭىز كۆڭۈل بۆلمىدى دەپ ۋايسايدۇ، بەك قىزغىن بولۇپ كەتسىڭىز خوتۇنىدىن قورقىدۇ دېگەن ئاتاققا قالىسىز.

ئاياللار هەمىشە ئايال بولماق تەس دېيىشىدۇ. بۇ گەپنى ئەڭ ياخشىسى نىكاهلانغان ئەرلەردىن سوراپ بېقىڭ، ئۇلار نېمە دەيدىكىن؟

پېشقەدەملەر: «بىر مۇكەممەل نىكاه قارىغۇ خوتۇن بىلەن گاس ئەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولىدۇ» دەيدۇ، ئويلاپ بېقىڭ، بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟

نىكاهقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، توي قىلىش ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئۇنچە ياخشى ئىش ئەمەس، ئەمما نىكاهتىن ئاجرىشىش تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدىن تېخىمۇ چاتاق.

(تەرجىمان: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇهەممەت**

新 玉 文 艺 NEW JADE LITERATURE يېڭى قاشتېشى

2008年 第 3 期（文学双月刊）
编　辑：《新玉文艺》杂志编辑部
地　址：和田市北京西路2号
出版单位：和田地区文联
印　刷：乌鲁木齐晓名纸品印刷有限公司
发　行：和田地区邮政局
订　阅：全国各地邮政局
开　本：1 / 6，787 X1092，6 印张
国外发行：BM6670
国外发行点：中国国际图书贸易总公司
国内统一连续出版物号：CN65-1088 / I
国际标准连续出版物号：ISSN 1002-929X
邮政编码：848000　邮政代号：58 - 26
电　话：2023792　定价：5.00元

2008 ـ يىل 3 ـ سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەهرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: خوتەن شەهەر غەربىي بېيجىڭ يولى 2 ـ قورۇ
نەشر قىلغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
ئۈرۈمچى شياۋ مىڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەتنىڭ هەممە جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1/16، 787 X1092 م م، 6 باسما تاۋاق
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: BM6670
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN65-1088/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 - 929X
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 - 58　پوچتا نومۇرى: 848000
تېلېفون نومۇرى: 2023792　باهاسى: 5.00 يۈەن

# سوپەت ئارقىلىق ئۆنۈمنى قولغا كەلتۈرگەن شىنجاڭ خوتەن كۆنپېڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

شىنجاڭ خوتەن كۆنپېڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 200■-يىلى چىرا ناھىيىسىدە قۇرۇلغان بولۇپ، تۈرلۈك جامائەت قۇرۇلۇشلىرى، سۇ ئىنشا■تى قۇرۇلۇشلىرىنى ئىشلەش، ئۆي-مۈلۈك ئېچىش، باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار شەرت، ئۆلچەملىرىنى ھازىرلىغان يۇقىراۋى كارخانى-ۇر.

شىركەت قۇرۇلغان بەش يىلدىن بېرى كىچىكلىكتىن زورىيىپ، 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مۇقىم مۈلۈككە، 614 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىگە، دۆلەتكە يىلىغا 1 مىليون 50■ مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج تاپشۇرىدىغان باشلامچى كارخانىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شىركەت يەنە چىرا ناھىيىسى ۋە قېرىنداش ناھىيە-شەھەرلەردە بىر قىسىم نوقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەپ، سۈپەت ۋە سۈرئەت جەھەتتە جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھا-سىغا ئېرىشتى. جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش ئاساسىدا خوتەن شەھىرى ۋە كېرىيە ناھىيىسىدە تارماق شىركەتلەرنى قۇردى. شىركەت قارمىقىدا يە-تە ئۆي - مۈلۈك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، خوجىلىق باشقۇرۇش شىركىتى قاتارلىق شۆبە شىركەتلەرنى قۇرۇپ، يۈرۈشلەشكەن كارخانا ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، سىجىل تە-رەققىياتقا ئاساس سالدى.

شىركەت قۇرۇلغان 5 يىلدىن بېرى چىرا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، شەھەر يول قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلىرى ئۈچۈن 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىپ جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىدىن ئۆز ساخاۋىتىنى ئايىمىدى. نۆۋەتتە، بۇ شىركەت ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى دوستلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ... ھاياتى كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، گۈزەل كېلەچەك يا-ر-تىشتىن ... ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.





شىنجاڭ خوتەن كۆنپېڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىجرائىي كۆرەش ئىبراھىم شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، شىركەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات پىلانىنى تونۇشتۇرماقتا.





بۇ شىركەت ئىشلەش ئالدىدا تۇرغان چىرا ناھىيىسىنىڭ جىن شىن ئولتۇراق رايونى قىزىل يۇلتۇز سودا شەھەرچىسى.





شىركەت ئىشلىگەن چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى.





بۇ شىركەت ئىشلەش ئالدىدا تۇرغان خوتەن شەھەر كۆنپېڭ باغچا ئولتۇراق رايونىنىڭ قۇرۇلۇش مودېلى





بۇ شىركەت ئىشلەش ئالدىدا تۇرغان چىرا ناھىيىلىك ئامانەت قەرز كوپىراتىپ بىرلەشمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى.





بۇ شىركەت ئىشلىگەن چىرا ناھىيىلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ خىزمەت بىناسى.





بۇ شىركەت ئىشلىگەن ئەن يى ئولتۇراق رايونى





بۇ شىركەت ئىشلەۋاتقان چىرا ناھىيىلىك مېھمانخانا بىناسى.

باش شىركەت ئادرېسى: چىرا ناھىيە دوستلۇق كوچىسى 9 - نومۇر 6712494 - 0903

باش دىرېكتور، لىدىر: كۆرەش ئىبراھىم 13999055999 مۇئاۋىن باش دىرېكتور: مەتروزى تۇرسۇننىياز 13999650582

# قوش بايرام، قوش تەنتەنە - كۇنپىڭ ئولىمپىك مۇھەببىتى

چىرا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ خوتەن كۇنپىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 1- ماي، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىشىغا 100 كۈن قالغانلىقىنى ۋە شىركەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، «كۇنپىڭ ئولىمپىك مۇھەببىتى» تېمىسىدا كاتتا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.



پائالىيەتكە چىرا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋۇ خۇگېجېن (ئوتتۇردا) ۋە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم تۇلقۇن يۈسۈپ (ئوڭدا) قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى.



ھاكىم تۇلقۇن يۈسۈپ تەبرىك سۆزى قىلدى.



شىنجاڭ خوتەن كۇنپىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لىدېرى يولداش گۇرمىن ئىسىم سۆز قىلماقتا.



چىرا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ھەيئىتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش نۇرمەت داۋۇت شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشتۇرماقتا.



ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىگە قاتناشقان شىركەت مەسئۇللىرى.



ئەل سۆيگەن ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم بۇ پائالىيەتكە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ۋە ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى تەقدىم قىلدى.



كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلاردىن ئابدۇقادىر مەتسىدىق بىلەن دولقۇن جاپپار شېئىرى چاقچاقلىرى بىلەن پائالىيەتنى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى.



پائالىيەتكە قاتناشقان كۇنپىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ خادىملىرى.



چىرا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئارتىستلىرى نومۇر كۆرسەتمەكتە.

تۇرسۇنجان مۇھەممەت فوتوسى